پايدىلىق كۆرسەتمىلەر

# ئەي يىگىت
# ئاگاھ بولۇڭ



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنى جىگەرلىك، ئەخلاق پەزىلەتلىك، ئۆزىنى ياراملىق ئەۋلادلاردىن بولۇشقا بېغىشلىغان يىگىتلەرگە ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمىز.



# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

تۈزگۈچى: رۇزى مۇھەممەد مۇتەللىپ

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

PIDA

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

写给儿女—肉孜买买提·木塔里甫编. - 乌鲁木齐：
新疆人民卫生出版社，2006.8
（健康生活指导）
ISBN 7-5372-4212-7

I. 写 … II.艾…III 生活 - 知识 - 青少年读物
- 维吾尔语（中国少数民族语言）IV.Z228.1
中国版本图书馆 CIP 数据刻字 (2006)第 105366 号

责任编辑：米克拉依·亚森
责任校对：尤力图孜·乌其洪
封面设计：丕大

# 写给儿女（上）

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编：830004)
新疆新华书店发行
新疆金光印务有限公司印刷
乌鲁木齐市丕大商贸有限公司设计中心排版
850×1168 毫米，1/32 开 19.5 印张
2006 年 8 月第 1 版，2006 年 8 月第 1 次印刷
印数：1-10000 册
定价：30.00 元

# يىگىتلەر سەھنىگە

ئەي يىگىت، سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بالىلىق ھاياتىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يىگىتلىككە قەدەم قويغىنىڭىزدا ئوي-پىكرىڭىز ئېچىلىپ، جۇشقۇن ھاياتىي روھقا تولغان ھاياتلىقنىڭ ئەڭ بىباھا ۋاقىتلىرىغا قەدەم قويىسىز. بۇ چاغلاردا قەدىردان ئاتا-ئانىڭىز، جەمئىيەت سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزىڭىزمۇ قەلبىڭىزدە تاۋلانغان ئارزۇلىرىڭىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشقا باشلايسىز. بۈيۈك ئارزۇلىرىڭىزغا بىر پەلەمپەي، بىر پەلەمپەيدىن يېقىنلىشىشقا باشلايسىز.

بۇ كىتاب سىز كۆڭۈل بۆلىدىغان، سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدا دائىم ئۇچرايدىغان بەختلىك ئائىلە، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، ئېتىقاد، سالامەتلىك، كىشىلىك ئالاقىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار... قاتارلىق تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ساھە ۋە مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەش مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەن، قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا، قەدىرلەپ ساقلاشقا ئەرزىيدىغان ئېسىل كىتابتۇر.

ئۈمىدىم شۇكى، كىتابتىن ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ ھالدا مەنپەئەتلەرنى ئالسىڭىز، دوستلىرىڭىزغا، يېقىنلىرىڭىزغا بۇ كىتابنى تەۋسىيە قىلىشىڭىزغا ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، يېقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دوستلىرىڭىزغا، سىز مۇشۇ كىتابنى ئوقۇشى زۆرۈر دەپ قارىغان كىشىلىرىڭىزگە سوۋغات قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ يارامىلىق، ئىستىقباللىق يىگىتلەردىن بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىز كىتابنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئۆزىڭىزمۇ ھېس قىلىۋاتقانسىز، كىتابتىكى مەزمۇنلار ھەقىقەتەن ياخشى توپلانغان بولۇپ كىتابنى قولىغا ئالغان ھەر قانداق يىگىت كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ بۇلارغا رىئايە قىلىپ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ۋە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، بەزى مەزمۇنلاردىن خەۋەرسىز قالغانلىقى ياكى ئىلگىرى بەزى مەسىلىلەرنى يۈزەكى ئويلاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن تۇرمۇشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىباھا تۇرمۇش بىلىملىرىنى تولۇقلىۋالىدۇ.

سىزگە ئايانكى، جەمئىيىتىمىز سىز، مەن ۋە ھەممەيلەننىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئاستا- ئاستا ياخشىلىنىدۇ.

بۇ كىتابنى ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، كەلگۈسىدىكى ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، جەمئىيەتنىڭ پاراۋان بولۇشىنى كۆڭلىگە پۈككەن ياخشى يىگىتلەرگە ئېھتىرام بىلەن سۇنىمىز.

# مۇندەرىجە

يىگىتلەر سەمىگە........................................1
بىزگە قانداق يىگىتلەر كېرەك؟..........................1
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئاپەت كەلدى.....................14
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئادىمىلىكىڭىز ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن18
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ.....24
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ قىز تاللاشتا ئالدى بىلەن
ئائىلىسىنى تاللاڭ..........................................31
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ نوپۇزلۇقلار بىلەن تىركەشكۈدەك
جۈرئىتىڭىز بولسۇن........................................35
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئەخلاقىڭىزغا دەز كەتمىسۇن....42
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ........51
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئاياللارغا بېرىلىپ كېتىش
ھالاكەتنى چىللايدۇ........................................55
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ قىزلارمۇ بوش ئەمەس............60
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ يولىڭىزدا داۋان بار.............66
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ بىلىمسىزلىك قەدىرسىزلىكتۇر.77
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ سەۋردىن ھالۋا پۈتىدۇ............85

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ مۇنۇ سۆزلەر يادىڭىزدا بولسۇن...87
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ تالانت مېھنەتتىن كېلىدۇ......98
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ كەيپىيات سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ......102
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ قىزلارنىڭ كۆز يېشى ئىككى خىل بولىدۇ......108
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ئەخلاق ئادەم زىننىتى......111
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ قىزلارنىڭ كۆزى سىلەردە......121
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ قىزلار سىزدىكى مۇنۇ ئادەتلەرنى ياقتۇرمايدۇ......124
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ توي قىلىشتا بىخۇد بولماڭلار.126
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ئەخلاقنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ......129
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ھاياتىڭىزدا مەنا بولسۇن......132
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ئىپپەت بىباھادۇر......137
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ جۆرىڭىز بىلەن ئورتاقلىقىڭىز بولسۇن......148
ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق......151
توي......152
نىكاھ تويى......154
ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت......156
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش سىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىڭىزدۇر......160

ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس.........163
ئاگاھ بولۇڭ ئەي يىگىت ــ نۇشىرۋان كېيىنكىلەرگە مۇنداق
نەسىھەت قالدۇرغان ئىكەن...............................186
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ يىگىتلىك ۋە قېرىلىق
ھالەتلىرىڭىزدىن نېمىلەرنى بىلىسىز..........................190
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرىگە
دىققەت قىلغايسىز.................................................196
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ مۇساپىرلار ۋە مېھمانلارغا ھۆرمەت
قىلغايسىز..........................................................199
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئىشىق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە203
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئۇيقىغا دىققەت قىلغايسىز.....207
ئەي يىگىت ــ مال مۈلۈك ۋە بايلىق ھاسىل قىلىش ھەققىدە
مۇنۇلار سەمىڭىزدە بولسۇن.....................................211
ئاگاھ بولۇڭ ئەي يىگىت ــ ئۆي جاي سېتىۋېلىش ھەققىدە
مۇنۇ ۋەسىيەتلەر سەمىڭىزدە بولسۇن..........................217
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ ئۆيلىنىش ئالدىدا بەكمۇ دىققەت
قىلىڭ.................................................................220
ئاگاھ بولۇڭ ئەي يىگىت ــ دوستلۇقنى قەدىرلەڭ..........223
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ دۈشمەندىن كۆپ ئېھتىيات
قىلغايسىز.............................................................227
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ مېھرىڭىزمۇ قەھرىڭىزمۇ بولسۇن
237.......................................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاگاھ بولۇڭ ئەي يىگىت ـ ئىلىم ئۆگىنىش پەرز بولۇپ چوقۇم ئۆگەنگەيسىز ھەم باشقىلارغا ئۆگەتكەيسىز......241
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ ھالال تىجارەتتە بەرىكەت بار...250
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ تىبابەتتىن خەۋەردار بولۇشمۇ بەك مۇھىم......259
ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـ جاۋانىمەردلىك دېگەن نېمە...267

# بىزگە قانداق يىگىتلەر كېرەك؟

خالىدە ئىسرائىل

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

ھەقىقىي يىگىت نامراتلىق، ئۈمىدسىزلىك، خورلۇق ئىچىدىمۇ يول، ئەقىل، كۈچ تاپىدۇ...

تېما ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقىنىمدا، ھەرقايسى جايلاردا، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى، جەمئىيەت، ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھالاللىق بىلەن ئادا قىلىۋاتقان يىگىتلەر؛ مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت، ماھارەت ئېگىلەۋاتقان، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ نەتىجە يارىتىۋاتقان يىگىتلەر؛ قىيىن شارائىتتا يول ئېچىپ ئېگىلىك تىكلەپ، ئۆز يۇرتىدا، ئىچكىرى ئۆلكە، ھەتتا چەتئەللەردە زاۋۇت، شىركەتلەرنى قۇرۇپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقان يىگىتلەر... كۆز ئالدىمغا كەلدى.

بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز ـ ئوغۇللىرىمىز ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مەرت ـ مەردانە، شىجائەتلىك. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەمىمى، ئوچۇق-يورۇق. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك جىسمانىي ھەم مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئىلگىرىكىلەردىن ئېشىپ چۈشكىدەك. ئۇلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىدەك شىجائەتكىمۇ ئىگە. ياشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ يىگىتلەردىن پەخىرلىنىشكە، ئۇلاردىن ئۈمىت كۈتۈشكە ھەقلىقمىز.

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى، كۈندۈزنىڭ كېچىسى، ئاينىڭ قاراڭغۇ تەرىپى بولغىنىدەك، ساغلام ئاساسىي گەۋدىگە يانداشقان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان غەيرىي نورماللىقلارنى، مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئەتراپىمىزغا يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ نەزەر سالساق، ياشلىرىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر خىل گاڭگىراش، ئۈمىدسىزلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز؛ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ يىغقان-تۈگكەن ئاخىرقى تەڭگىلىرى، ئېغىلدىكى 1-2 قويى بەدىلىگە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، خىزمەت تېپىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلەنسە، يېزا-شەھەردىكى ئانچە-مۇنچە ئوقۇپ كۆزى ئېچىلىپ قالغان، كىچىك ئىشنى ياراتماي، چوڭ ئىشلارنى قىلالماي يۈرگەن ياشلارنىڭ تۈزۈكرەك چىقىش يولى تاپالماي گاڭگىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. تەلىيى كېلىپ يامان ئەمەس خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغان بەزى ياشلىرىمىزنىڭمۇ ئۆي سېتىۋېلىش، ئۆي بىزەش، ئۆيلىنىش،

تۈگىمەس ئادەمگەرچىلىك، باشلىقلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈپ تېزرەك بىر ئەمەلنىڭ پېشىگە ئېسىلىشتىن باشقا ئىشلارغا پېتىشەلمەيۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىقاتنىڭ، ئالىيجاناپ غايە، پەزىلەتلەرنىڭ سۇسلىشىپ، پۇلغا، ھوقۇققا بولغان چوقۇنۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى - گاڭگىراپ يۈرگەن ئاشۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئەسلىدىلا ئاجىز مەنىۋى قورغىنىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى پۇل مەنپەت ئۈچۈن ھوقۇق ۋە ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى، كىشىلىك پەزىلىتىنى، ھەتتا ھاياتىنى قىمار قىلىپ تىكىشكە، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قىزىقتۇرماقتا، يولدىن چىقارماقتا.

ئاق ئالۋاستى - خېروئىننىڭ چاڭگىلىدا ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقان، جان تالىشىۋاتقان سۆيۈملۈك يىگىتلىرىمىز، ئوغۇللىرىمىز ئازمۇ؟ ياشلىق باھارىنى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈۋاتقانلار ھېلىھەم جىنايەتلىك، قاراڭغۇ يوللاردا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەنلەرچۇ! ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قانداق ياشاشنى، قايسى يولغا مېڭىشنى بىلمەي، ئەيش-ئىشرەت، ھاراق-شاراپ سورۇنلىرىدا ھاياتىنى ۋە پۇل-مېلىنى ئىسراپ قىلىۋاتقانلارچۇ؟ كوچىلاردا يانچۇق كولاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ تاياق يەۋاتقان، ئاللىكىملەرگە تىزلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان چىرايلىق يىگىتلەرچۇ...

ئىسىت ئاشۇ يىگىتلەرگە، ئۇلارنىڭ ياشلىق باھارىغا، ئۇلار ئەمگەن ئاپئاق، ھالال ئانا سۈتىگە! ئاشۇلارمۇ ئەسلى ھەرقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشنى قىلسا كۆڭۈل كەلتۈرۈۋەتكۈدەك. ئاتا-ئانىلىرىنى يىغلىتىپ ئەمەس كۈلدۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىززەت-ھۆرمەتلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش يارىتالىغۇدەك يىگىتلەر ئىدىتغۇ؟!

مەن بۇ قىسقا ماقالەمدە ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مىسالغا ئېلىپ بولالمايمەن. ئەمما، كۆپلىگەن بالىلىرىمىزنىڭ، يىگىتلىرىمىزنىڭ مەنىۋى كىرىزىس ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى: ئۇلارنىڭ ياخشى بىلەن يامان، ھالال بىلەن ھارام، غۇرۇر بىلەن خورلۇق توغرىسىدىكى تونۇش-تۇيغۇلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇجمەل ئىكەنلىكى، ھەتتا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنلىكى بۈگۈنكى كۈندە ھەممىگە ئايان پاكىت. پۈتكۈل جەمئىيەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە ۋە باش قاتۇرماقتا. بىر ئانا ھەم بىر يازغۇچى سۈپىتىدە ئاشۇ ياشلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى قىلىۋېلىش مەن ئۈچۈن قەرز ھەم پەرز، ئەلۋەتتە.

يىگىتلىرىمىزدە ئىنسانىي پەزىلەت ۋە غۇرۇر بولۇشى زۆرۈر.

ئىنسان ئۇلۇغ، ھايات قىممەتلىك. ھەربىر پەرزەنت، بولۇپمۇ بىر ئوغۇل بالا بۇ دۇنياغا نۇرغۇن ئارزۇ-ئۈمۈت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز ئائىلىسى جەمەتى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ ۋارىسى، جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى. ئوغۇل بالا-قاۋۇل ئەمگەكچى، بايلىق ياراتقۇچى، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈچى، يول ئاچقۇچى، ئاجىزلارغا ھىممەت ۋە شەپقەت قىلغۇچى. بۇ،

ئۇزاق تارىخ داۋامىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۆرەشلەر نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تونۇش، تەبىئەتنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى. ئوغۇل بالا شۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىدە ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشى؛ يامانلىق، ساختىلىق، رەزىل، خۇنۇك ئىشلاردىن يىرگىنىشنى؛ ئالىيجاناپ ئەخلاق-پەزىلەتنى، قەيسەر ئىرادىنى، ئىنسانىي غۇرۇرىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يىگىتلىرىمىز بايلىق ئۈستىگە، راھەت-پاراغەت ئۈستىگە تۇغۇلمايدۇ. ئۇلارغا ئاتىلىرىدىن مىراس قالىدىغىنى ئەنە شۇ يىگىتلىك غۇرۇرى، مەسئۇلىيەت، جەبىر-جاپا، تۈگىمەس مېھنەت... ئاتا-ئانىلار ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە دۇئا-تىلەكتىن باشقا كۆپ نەرسە بېرەلمەيدۇ. گەرچە بەزىلىرى پۈتۈن دەسمايىسىنى سېلىپ يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتسىمۇ، ئۇلارغا خىزمەت، ئىستىقبال تېپىپ بېرىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. مەيلى ئالىي مەلۇماتلىق، مەيلى ئادەتتىكى يىگىتلىرىمىز بولسۇن، ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا رىقابەتكە تولغان رەھىمسىز رېئاللىقتا مۇستەقىل يۈزلىنىپ، تەلەي-ئىستىقبال يۇلتۇزىنى ئۆزى ئىزدەيدۇ. ئۇلارغا ھېچكىم بىكاردىن-بىكار ياردەم قىلمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار مەكتەپلەردە كىچىكىدىن يادلاپ كەلگەن بەزى چىرايلىق ئىبارىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى؛ ماڭغۇدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوللارنىڭ قىستا-قىستاڭ، پۇت قويغۇدەك ماكاننىڭ ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇلار ئالدانغاندەك، بۇ دۇنيادىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئىقتىدارسىز ئاتا-ئانىسىدىن، جەمئىيەتتىن، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىدۇ. باشقىلارنىڭ بايلىق، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ھەۋەس قىلىدۇ. خام خىياللارغا بېرىلىپ ئاسان يوللار بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىرايدۇ. ئالدىرىغان يولدا قالاردېگەندەك، ئالدىرىغانچە قەدەمدە بىر بۇرنىغا يەپ، خام خىياللىرى ئارقا-ئارقىدىن كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. . يىگىتلىرىمىزنىڭ ئادەمىيلىكى، پەزىلىتى، غۇرۇرى ئەنە شۇ چاغدا بىلىنىدۇ. ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى، ھەقىقىي يىگىت نامراتلىق، ئۈمىدسىزلىك، خورلۇق ئىچىدىمۇ يول، ئەقىل، كۈچ تاپىدۇ. كىملەرنىڭدۇر مېھىر-شەپقىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ. «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن؟» دەپ قەدەمنى كىچىك ئىشلاردىن، تەر ئاقتۇرۇپ جاپالىق ئىشلەشتىن باشلايدۇ ۋە ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئائىلە، ئاتا-ئانا، جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئىنساننى قەدىر-قىممەت، ھەقىقىي ئوغۇل بالىغا خاس روھ-ئىگىلىك ياراتقۇچىنىڭ روھى، دۇنيانى ئالغا ئىلگىرىلەتكۈچىنىڭ روھى.

دۇنيادا ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكى، ئەتىۋارلىق-ئەتىۋارسىزى بولمايدۇ. گەپ ھەرقانداق كەسىپنى

ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشتا، ئىجادچانلىق بىلەن دەۋر تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇپ، كونىلىق، تۇرغۇنلۇق ئىچىدىن يېڭى يول ئېچىشتا. بۈگۈنكى دەۋر ئەنە شۇنداق يىگىتلەرگە موھتاج.

يىگىتلەر كۆپرەك ھەم ياخشى ئوقۇپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

«ئوقۇش» دېسە كىشىلەر كۆپىنچە خىزمەت بىلەن، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەش بىلەن باغلاپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ توغرا قاراش ئەمەس. ياخشىراق خىزمەت تېپىش- ئوقۇشتىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرى، ھەرگىزمۇ بىردىنبىر مەقسەت ئەمەس. ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى- زامانغا لايىق ئادەم سۈپىتىدە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش.

ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىلىم- مەرىپەت ئىگىلەش، دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك دانا ئەجدادلىرىمىز مەڭگۈ ئۆچمەس ھېكمەتلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. خەلقىمىزدە كىتابنى، بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، بىلىمسىزلىكنى نومۇس ھېسابلايدىغان ئەنئەنە بار. بۈگۈنكى ئىلىم- پەن دەۋرىدە دەۋرگە لايىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەش، دۇنيانى، ئالەمنى چۈشىنىش تېخىمۇ زۆرۈر. رېئاللىقتىكى سانسىز پاكىتلاردىن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، بىلىملىك ئادەم بىلەن بىلىمسىز ئادەمنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى، پىكىر قىلىشى، ھاياتتا تۇتقان پوزىتسىيىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىش-ئوقەت قولىنىدىغان چارە- تەدبىرى، ھايات تەقدىرى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىلىملىك ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى توغرا تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ، يولىنى توغرا تاللاپ ماڭالايدۇ. بىلىم بىر ئادەمنىڭ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بىر ئەلگە نىسبەتەن مائارىپ مەڭگۈلۈك ئىش بولغىنىدەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىلىم ئېلىشمۇ ئۆمۈرلۈك ئىش.

دېمەك، يىگىتلىرىمىز بىلىم ئېلىشنى رەسمىيەت، يۈك دەپ قارىماي، ئاڭلىق ھەرىكەتكە، زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇشى؛ ياشلىق باھارىنىڭ، مەكتەپنىڭ، ئۇستازلىرىنىڭ قەدىرىگە يېتىپ دىلىنى ۋە ھاياتىنى بىلىم ئارقىلىق نۇرلاندۇرۇشى كېرەك. بىلىم ئېلىش مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، ئىرادىلىك ياشلار ھەر قانداق يەردە، ھەر قانداق شارائىتتا ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى تاپالايدۇ.

يىگىتلىرىمىزدە ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى يىگىتنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئىگىز بويى، قاملاشقان بىر يىگىت يېنىدىكى ئاغىنىسىگە: «مەن خىزمەتكە چىقسام ئالدى بىلەن نېمە قىلسام قىلىپ ھوقۇق ئىگىلەيمەن. ئارقىدىن پارى دېگەننى تازا ئېلىپ ئۆمۈرۋايەت يەتكۈدەك بايلىق توپلايمەن...» دېدى. «ئۇنداق بولسا مەن ساڭا يېقىنراق تۇرسام بولغۇدەك...» دېدى يەنە بىرسىمۇ. مەن ئۇلارنىڭ

چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، دىگەنلىرىنىڭ چاقچاق ياكى ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىشكە ئۇرۇندۇم، ئەمما پەرق ئېتەلمىدىم. كۆڭلۈمدە چاقچاق بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلدىم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سۆزلەر زادى ئېسىمدىن چىقماي، مېنى كۆپ خىياللارغا سالدى.

ھەممىگە ئايانكى ياشلىق، يىگىتلىك دەۋر گۈزەل غايە، ئالىيجاناپ ھېس-تۇيغۇلارغا، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان دەۋر. ياشلار، يىگىتلەردىكى ئاشۇ ئالىيجاناپ ھېس-تۇيغۇلارنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى، مەرد-مەردانىلىكىنى، ئۈمىدۋارلىقىنى، ئۇلاردىكى جىسمانىي روھىي قۇۋۋەت، ياشلىق كۈچى ئاتا قىلغان. ئوتتۇرا ياشلىقلار، بولۇپمۇ چوڭلارنىڭ ئۈمۈت كۈتكۈدەك ئەتىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت بۈگۈنىلا بار. شۇڭا ئۇلار كۆپىنچە ئەمەلىيەتچىل، سوغۇققان، مۇرەسسەچى كېلىدۇ. ئۇلار ئەپۇچانلىق بىلەن كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنى قەدىرلەيدۇ. ئۆزىگە، تىرىشسىلا دۇنيادا قىلالمايدىغان ئىشى يوقلۇقىغا ئىشىنىدۇ. ياشلار بولسا كۆپىنچە كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ئانچە ئېتىبار بەرمەي، نەزىرىنى ئەتىگە، تېخىمۇ يىراققا تىكىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. راست گەپ قىلىشقا، ھەقىقەتنى ياقلاشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئۇلار ساختىپەزلىك، رەزىللىك، ئىككى يۈزلىمچىلىك، خۇشامەتچىلىكلەردىن، سۈيقەست، ھىيلە-مىكىرلەردىن يىرگىنىدۇ. سەممىيلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پاكلىق، پىداكارلىق، باشقىلارغا ياردەم قىلىشتەك پەزىلەتلەرنى قەدىرلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنلا ياشلىق ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ. مانا مۇشۇنداق ياشلىق ھەقىقىي گۈزەل، قەدىر-قىممەتلىك بولىدۇ. يەنە كېلىپ مىللىتىمىز ئەسلى تەبىئىتى جەھەتتىن تىلى بىلەن دىلى بىر، سەممىي، مەرد-مەردانە، ھەققانىيەت ئېڭى كۈچلۈك بىر مىللەت. بىزنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىمىز، يىگىتلىرىمىز بۇ خىل ئېسىل مىللىي خاراكتېرىمىزنىڭ لاياقەتلىك ۋارىسى.

ۋەھالەنكى، نۆۋەتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتىنى پۇل، مەنپەئەت ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان ئىدىيىۋى قاراشلار بەزى ياشلىرىمىزغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئەتراپىمىزدا سەممىيلىكنى، ئالىيجاناب ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى، ھەتتا ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان، پۇل-مەنپەئەت، ئورۇن-مەرتىۋە، نام-ئاتاق ئۈچۈن ھەممە رەزىللىكنى قىلىدىغان يىگىتلەر يوق ئەمەس. مۇناسىۋەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، غەيۋەتخورلۇق، ساختىپەزلىكتەك ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان يىگىتلەر، يۇقىرىقى ئىككى يىگىتتەك يىگىتلەرمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر بۇنى «ياشلاردىكى تەۋەككۈلچىلىك، جۈرئەت، بازار ئېڭى» دەيدۇ. مېنىڭچە بۇ، قىسمەن يىگىتلىرىمىزدىكى ئەسلىي تەبىئىيتىدىن ئاينىش، يەنە بىر خىل ياتلىشىش. ياشلاردىكى بۇ خىل ياتلىشىش بىر مىللەتنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئەتىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر، يىگىتلەر بۇ ھالەتكە سۈكۈت قىلىپ تۇرماسلىقى؛ توغرا تونۇش، ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن ئاشۇ ياشلارنىڭ ئەسلىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئاياللارنى كەمسىتىش يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئەمەس.

بەزى ئوغۇللار كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ «قىز بالا ئۇنداق، خوتۇن خەق مۇنداق» دېگەندەك گەپلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. قىزلارنى، ئاياللارنى كەمسىتىشنى ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالىلىق غۇرۇرىنى نامايەن قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. دەرۋەقە، قىز-ئاياللىرىمىزدا بەزى يېتەرسىزلىكلەر بار. لېكىن، سىزدە يېتەرسىزلىك يوقمۇ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرمەيسىز؟

بىز رېئاللىقىمىزدا مۇھەببەت، نىكاھ ئىشلىرىغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن، يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان؛ ئۆزىنىڭ قانچە قىزنى ئەخمەق قىلغانلىقى بىلەن ماختىنىدىغان؛ ھاراق ئىچىۋېلىپ، يۈرگەن-ئارىلاشقان قىزلىرىنى خالىغانچە ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ-سوقۇپ يۈرگەن «نوچى» يىگىتلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئاشۇ يىگىتلەر بىر قىسىم قىز-چوكانلىرىمىزنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىگە تۈنجى مۇھەببەتتىكى يەڭگىللىك ۋە يىگىتلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئەرلەرنىڭ زوراۋانلىقى سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىدۇ؟ ئاشۇ

يىگىتلەرنىڭمۇ ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى يوقمىدۇ...

هايۋانات باغچىسىدا قەپەستە بېقىلغان شىر-يولۋاسلار جىرۇنلىشىپ ئەتىدىن كەچكىچە يېتىش، ئۇخلاش، يېيىشتىن باشقىغا يارىماس بولۇپ قالغاندەك، بىزنىڭ شەھەرلەردىكى جەمئىي شارائىتى تەل ئۆيلەردە لام-لىم ئورۇندۇقتا تېلېۋىزور كۆرۈپ، تەييار تاماقنى يەپ چوڭ بولغان، تۇي قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇنداق تەييار ئۆيگە، «ماماشى ئۆزىدىن ئاشپەز»گە ئىگە بولىدىغان يىگىتلىرىمىز ئەمەلدە ئۆزلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەردىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركەكلىك خاراكتېرىنى سۇسلاشتۇرۇۋاتقان تۈپكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئويلانمايۋاتقان ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئىشلەپ قىممەت يارىتىۋاتقان، ئىدارىدە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيدە يەنە ئىشقا چۈشىدىغان جاپاكەش ئاياللىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدا يېتىۋېلىپ ئاياللىرىنى قولدەك ئىشلىتىشنى، ئاياللىرىدىن ئۈستۈن-تۆۋەنلىك تالىشىشنى ئەركەكلىك، دەپ قارىشىدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي ئەركەكلىك دېگەن ئاياللارنى كەمسىتىش مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى يىگىتلەرنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، رىقابەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارىغا، ئومۇمىي سۈپىتىگە قارىتىلغان سۆز.

گۈزەل ئىنساني پەزىلەتكە، ھەقىقانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە يىگىتلەر ئالدى بىلەن ئۆز ئانىسىنى، سۆيگەن قىزىنى، ئايالىنى ھۆرمەتلەيدىنان، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەيدىغان بولۇشى

كېرەك. بۇ، يىگىتلىكنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ ئاساسى.

يېڭى ئەسىر، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق خەلقىمىزگە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزغا يېڭى، جىددىي سوئاللارنى قويماقتا. بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ياشلىرىمىزنىڭ يولى ئۇنچىۋالا داغدام، ئىشلىرى ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، ياشلىرىمىز ھەسسىلەپ تىرىشىپ، يېڭى ئۆزگىرىش، رىقابەتلەرگە تەييارلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەييارلىق رىقابەت داۋامىدا يىگىتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، مەسئۇلىيىتىنى، ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ۋە ئەجدادلىرىدىن قالغان گۈزەل ئەنئەنىلەرنى قەدىرلىشى، ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەتلىك، ساپالىق ئىنسان سۈپىتىدە رېئاللىققا يۈزلىنىشى زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئاپەت كەلدى

1981- يىلى ئامېرىكا كېسەللىكنى كونترول قىلىش مەركىزى تەن سالامەتلىكى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلگەن ياش بەچچىۋازلار ئىچىدىن بىرخىل غەلىتە كېسەللىكنى بايقىغان. بۇخىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزىدىغان يۇقۇملىنىش ۋە ئۆسمە پەيدا بولغان. ھەرخىل داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ كېلىنىكىلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ھەل قىلالمىغان. بىمارلار تېزلا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن زەھەر چەككۈچىلەر ۋە قانغاق كېسلى بىمارلىرى ئارىسىدىمۇ بۇخىل غەلىتە كېسەل كۆپلەپ بايقالغان. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يۇقۇشى تېز، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقۇرى بولۇپ، جەمئىيەتكە زور زەربە بولغان. كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىك پەيدا قىلغان. نۇرغۇن دۆلەتلەر زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلغان، داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن.

1982- يىلى تېببىي ساھەدىكىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ قورقۇنچلۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىۋاتقانلىقىنى دەلىللىگەن. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بۇخىل كېسەلنى «جىنسىي ئىممۇنىتېت كەم بولغان يىغىندا كېسەللىك ئالامىتى (سىدرۇم) » دەپ ئاتىدى. «ئەيدس» مانا شۇ كېسەللىكنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى.

1987- يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئەيدىز كېسەلنىڭ

تارقىلىش دىئاگراممىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ دىئاگراممىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 23 دۆلەتتە ئەيدىز كېسىلى پەيدا بولغان.

شۇ چاغدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسىنى ھاۋدىن. مارى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «ئەززائىل كەلدى، ئەززائىل كەلدى!» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كېسەل تېزلىكتە يامراپ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئادەملەرنىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان. غەربلىكلەر بۇ كېسەللىكنى «ۋەھىمە كېسىلى»، «دەرىجىدىن تاشقىرى راك»، «يىگىرمىنچى ئەسىر ۋاباسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ.

مانا شۇ قورقۇنچلۇق ئاپەت جاھاننىڭ بىر بۇرجىكىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ نەزىرىدىن چەتتە قېلىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى يولىدا تىرمىشىۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارنى، ئېنىقراق ئېيتساق، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋالدى ھەم ناھايىتى تېزلىكتە كېڭىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بولۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا قەدەر يېيىلىپ باردى. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى خېروئىن چېكىش ۋە بۇزۇقچىلىق دېگەندەك ئەڭ ناچار قىلىقلار ئىدى.

ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ياش ـ ئەۋلادلىرى ئارقىلىق پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، ئەلۋەتتە. بىزنىڭمۇ ئەنە شۇنداق پەخىرلەنگۈدەك ئاجايىپ ئېسىل يىگىتلىرىمىز بار. ئۇلار ئەڭ قىيىن جاپالار ئالدىدىمۇ باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، غۇرۇرىنى ساقلاپ، ئاتا ـ ئانا، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدا يۈزى يورۇق بولغۇدەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلماقتا. شۇنداقتىمۇ ھازىر خېروئىن چېكىدىغان ياشلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىساق، ئادەمنىڭ ھەققەتەن كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەيدىز كېسىلى بىلەن

www.uyghurkitap.com



يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئويلىساق كۆڭۈل يېرىم بولىدۇ. بىز ئەسلىدە ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىكى بۇزۇقچىلىقلارنى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئالدى بولۇپ، ئاسانلا قوبۇل قىلىدىغان مىللەت ئەمەس ئىدۇق. بىزنىڭ خېلىلا پۇختا ئاساسقا ئىگە ئەخلاق كاتېگورىيىمىز، ئېتىقادىمىز بار ئىدىغۇ؟ ئەمدى نېمە بولۇپ ئۆز ئىچىمىزدىن يىگلەشكە باشلىغاندىمىز؟ يىگىتلىرى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇغان، ئەل-ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان مىللەتنىڭ قىزلىرىمۇ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىگۈدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنقى يىللاردا بىر مەھەللىگە يات ئەرلەر كەلسە، شۇ مەھەللىدىكى يىگىتلەر ئۇ ئەرنىڭ ئۆز مەھەللىسىدىكى قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلىشىغا يول قويمايدىكەن. ئەگەر ئۆز مەھەللىسىدىكى قىزلار تاپتىن چىقىپ كەتكىلى قويسا، ئۇنى ئەدەپلەپ قويالايدىكەندۇق. شۇڭا، ھەرقانداق مەھەللىدىكى قىزلار ئۆز مەھەللىسىدىكى يىگىتلەردىن ئەيمىنەتتىكەن. پەقەت ئاشكارا توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن باشقا يىگىتلەر بىلەن بىرگە ماڭسا، پاراڭلاشسا بولىدىكەنتۇق. بىراق ھازىرقى دەۋردە بۇگەپنىڭ كۈلكىلىك ئاڭلىنىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى بۇ دېگەن يېڭى زامان، كۆز قاراشلار يېڭىلانغان دەۋر-دە! شۇڭا يىگىتلىرىمىزمۇ ئۆزى بىلگەن يولدا، قىزلىرىمىزمۇ ئۆزى بىلگەن يولدا.

ھازىر بىزنىڭ بىر قىسىم يىگىتلىرىمىز قىزلىرىمىزنى ئاسرىماقتا يوق، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرى ماڭغان ھالاكەت سەپىرىگە ھەمراھ قىلماقتا. شۇڭا، قىزلىرىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ ئاق چېكىشلەر، ئەيدىس بىلەن يۇقۇملىنىشلار ئەۋج ئالدى. بۇنىڭغا قارىتا ئازابلانغان ياش شائىر مۇتەللىپ ماڭسۇر «ئون سەككىزگە كىرگەن قىزلار ئاق چەكسە. . .» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

بەلكى بولماس بۇندىن ئارتۇق پاجىئە،
ئۇن سەككىزگە كىرگەن قىزلار ئاق چەكسە.
مىسلىسىز بىر گۈزەل ناخشا توزۇيدۇ،
ئۇن سەككىزگە كىرگەن قىزلار ئاق چەكسە...

گۈزەل بىر باغ خازان بولار تۇماندا،
باغۋەن قالار پۇتمەس ئاچچىق پىغاندا.
ئەتىرگۈلدىن نىشان قالماس جاھاندا،
ئۇن سەككىزگە كىرگەن قىزلار ئاق چەكسە...

قىزلارنىڭ خارابلىشىشى يىگىتلەرنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئەھۋالدۇر. ئەخلاقسىزلىق خىروئىن چېكىشكە، خىروئىن چېكىش ئەيدىسىگە، ئەيدىس ئۆلۈمگە سۆرەپ بارىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى يىگىتلەر، ئەزرائىل ئاۋۋال سىلەرنى تاپىسۇن، ھاقارەتنى، ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلار چىللىماڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئادىمىلىكىڭىز ئۆتتۈلۈپ قالمىسۇن

بىراۋ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىكى ئىپادە، سالاپەت، ئەدەپ- قائىدىلىرىڭىزمۇ، قارشى تەرەپتە ئۇبدان تەسىرات قالدۇرىدىغان مۇھىم ئامىل.

كىشىلەر ئالاقە باغلاش جەريانىدا، كۆپىنچە چىراي ئىپادىسى، قول ئىشارىتى قاتارلىق ئاۋازسىز تىلنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ خىل تىل ئېغىز تىلىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاپلا قالماستىن بەلكى، ئاۋازلىق تىل يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان ئۇچۇرلارنى ئايرىم يەتكۈزۈپ، «شۇ پەيتتە ئاۋازسىز تىل ئاۋازلىق تىلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان» بىر خىل ئەڭ ياخشى ئالاقە ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

چەت ئەللىك بىر تىلشۇناس مۇنداق بىر فورمۇلىنى يەكۈنلەپ چىققان: ھېسسىياتنى ئىپادىلەش = سۆز+ئاۋاز + چىراي ئىپادىسى

چىراي ئىپادىسىدە مۇنداق ئىككى ئامىل ئەڭ گەۋدىلىك بولىدۇ. بىرى «قاش- كۆز ئىپادىسى» بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئادەتتە ئېيتىدىغان كۆز ئىشارىتىدىن ئىبارەت. كۆز- قاشنىڭ سىرلىق ئۆزگىرىشى نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. ئەدەبىياتچىلارنىڭ: «چىرايلىق كۆز گەپ قىلىدۇ»، «كۆز كۆڭۈلنىڭ روجىكى» دەپ تەسۋىرلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بەزىلەر، يالغۇز قاشنىڭلا 20 خىلدىن كۆپ ھەرىكەت ئىپادىسى بارلىقىنى، كۆزنىڭ بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققان. ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىدىغان «چوڭقۇر چۈشىنىش»، «چۈشىنىشكىلا بولىدىغان، لېكىن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان» ئەھۋاللارمۇ، ئاساسەن «قاش - كۆز ئىپادىسى» نىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

چىراي ئىپادىسىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى كۈلۈمسىرەش، كۈلۈمسىرەش قاقاقلاپ كۈلۈش ئەمەس، ئۇ كۆز ئىشارىتىگە ئوخشاش ئاۋازسىز تىلدىن ئىبارەت. كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان ئۇچۇرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوخشىمىغان سورۇنلاردا ئوخشىمىغان روللارنى ئوينايدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە مىنۇتلىرىدا، ئەڭ مۇھىم بولغىنى كۆز ئىشارىتى ۋە كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە نىسبەتەن چۈشەنگەنلىك، ياقتۇرغانلىق، قارشى ئالىدىغانلىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئىش ئېيتماققا ناھايىتى ئابستراكتتەك بىلىنسىمۇ، لېكىن ئالاقىلىشىش جەريانىدا ناھايىتى كونكرېت بولىدۇ. «ئىشىكتىن چىققاندا ئاسمانىنى كۆرىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەندە چىرايىنى» دېگەندەك، سىزنىڭ قارشى تەرەپنى ھەقىقىي ياقتۇرغان - ياقتۇرمىغانلىقىڭىزنى، قارشى ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقىڭىزنى قارشى تەرەپ سىزنىڭ كۆز ئىشارىتى ۋە كۈلۈمسىرەشلىرىڭىزدىن بىر قاراپلا چۈشىنىۋالىدۇ. ئەگەر كۆڭلىڭىزدە قىزغىنلىق بولمىسا، ئاغزىڭىزدا قاقاقلاپ كۈلۈپ، چىرايىڭىزدىن كۈلۈمسىرەش چىقىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىڭىزدىكى تۇراقسىزلىق، سوغۇق كۆز ئىشارەتلىرىنى يوشۇرالمايسىز. قارشى تەرەپمۇ بۇنى كۆڭلىدە ئېنىق چۈشىنىدۇ. چىن كۆڭۈلدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغاندىلا، ئاندىن دوستلۇققا ئىرىشكىلى بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە بېرىدىغان بىرىنچى تەسىراتى، يالغۇز ئىپادە بىلەن بەلگىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەمنىڭ خاراكتېرى، سالاپىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. سالاپەت ـ كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ گۈزەل بەدەن قىياپىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزلىرى، ياسىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئۆلچەم بولۇپ، ئۇنى ئومۇملاشقان كۆرسەتكۈچ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. سالاپەت دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ھەرىكىتىنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش قىياپىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە بېرىدىغان ئومۇمىي تەسىراتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىرات ئىدىيە، پەزىلەت، مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىق ئىچكى خىسلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ھېسسىيات بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان نەرسىلەر بىر قەدەر كۆپرەك بولىدۇ.

بەزىلەر، «سالاپەت ئاۋازسىز ھالدا دوست تۇتىدىغان دۇنيا تىلى» دەيدۇ. بىر ئادەم ئۇنىڭ خاراكتېرى مەيلى ئىچىگە ياكى سىرتقا قارىتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ سالاپىتى ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سىز باشقا ئادەم بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چىراي، قەددى ـ قامىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزى، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلىرى، ياسىنىشى بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. «بۇ ئادەمنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، يۈرۈش ـ تۇرۇشى سالاپەتلىك ئىكەن» دېيىلسە، ئۇ چاغدا سىز ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان بولىسىز. «بۇ ئادەم چېچىلاڭغۇ، چاچلىرى پاخماق، يۈزلىرى مەينەت ئىكەن» دېيىلسە ئۇ چاغدا سىز ئۇنىڭغا

تېخىمۇ ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىسىز. سىلەر گەرچە بىر ئېغىز پاراڭلاشمىغان بولساڭلارمۇ، لېكىن كۆڭلۈڭلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياخشىلىق ياكى ئۆچمەنلىك ئاۋازسىز ھالدا شەكىللىنىدۇ.

ھازىرقى مەدەنىي جەمئىيەتتە، ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ باھا بېرىش، سالاپەت بىلەن ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. لېكىن شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بىر ئادەمنىڭ گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشى، خۇشخۇي چىرايى، كىيىم - كېچەك ۋە ياسىنىشى مەلۇم دەرىجىدە شۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چىرايى خېلى جايىدا بىر يىگىت چىرايلىق بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ، بەش مىنۇتقا بارماي، ھېلىقى قىز ئۇ يىگىت بىلەن بۇندىن كېيىن ئالاقە قىلماسلىقنى قارار قىلغان. چۈنكى بۇ يىگىتنىڭ ئۆز سۈپىتىگە لايىق بولمىغان كىيىملىرى، پاخپىيىپ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى، ئۇششاق - چۈشەك ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغان ئاق نانچى قىياپىتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان «سالاپىتى» ئۇ قىزنى بىزار قىلغان. شۇندىن كېيىن، ئۇ قىز تونۇشتۇرغۇچىغا: «ئۇنىڭ چېچىلاڭغۇ تۇرۇقىدىن قارىغاندا، تۇرمۇشقا قارىتا قانداقتۇر ئىشەنچىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىندەك تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىمۇ يوققا چىقتى» دېگەن. بىر ئادەمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر قەدىمى، ھەربىر كۈلۈشلىرى كىشىلەرگە قارىتا گۈزەللىك ياكى رەزىللىك تەسىراتى قالدۇرۇپ، بىر خىل ئىنتايىن سىرلىق شەكىل بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب ھېسسىياتى - مۇھەببەتنى تاللايدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار ئاز ئەمەس.

ئەركىن سالاپەتكە ئىگە بولغان ئادەم، ئىجتىمائىي ئالاقىدار

www.uyghurkitap.com



مۇقەررەر ھالدا ئەدەب - قائىدىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا دائىم مۇنداق دەپ نەسىھەت بېرىدۇ: «جەمئىيەتكە ئارىلىشىشتىن ئىلگىرى ئەدەب، قائىدىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ» مانا بۇ «ئاۋۋال ئەدەب - قائىدىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن جەمئىيەتكە ئارىلىشىش كېرەك» دېگەنلىكتۇر.

«ئەدەب» باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۆزىنى ئادەمگەرچىلىككە ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىش دېگەنلىكتۇر. «قائىدە» كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا جايىدا بولۇپ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشى ماسلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئەدەب - قائىدە ئارقىلىق ئۆزئارا تېخىمۇ دوستانە ۋە ئىناق ئۆتىدۇ.

ئەدەب - قائىدە بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى كىچىك ياكى چوڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا بولسۇن، ئەدەب - قائىدىگە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارنى ئاسراش كېرەك. مەلۇم بىر مەشھۇر كىشى مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتقان: «ئەدەب - قائىدىنى ئۆگىنىشنى ئەڭ ياخشىسى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىش، نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىن باشلاش كېرەك».

بەزى كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئەدەب - قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەدەب - قائىدىلىك كۆرۈنىدۇ؛ لېكىن ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرگەندە بولسا، ئەكسىچە قوپاللىق - مۇتەھەملىك بىلەن يولسىزلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەدەب - قائىدىسى پۈتۈنلەي سىاختا. بىز تېشى بىلەن ئىچى بىر دەك بولغان ئەدەب - قائىدىنى

تەلەپ قىلمىز. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەب ـ قائىدە ھەرگىز ئۆزىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ھەممە ئورۇندا ئەدەب ـ قائىدىگە ئەھمىيەت بەرسە، ئۇ چاغدا ئۇ ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدىمۇ ئەدەبسىزلىك قىلمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىدە، بولۇپمۇ ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە مىنۇتتا، سىزدىكى ئەدەب ـ قائىدىنىڭ ئەتراپلىق بولۇش ـ بولماسلىقى، سىزنىڭ ئوبرازىڭىزغا خېلىلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ماتېماتىكا فورمۇلاسىغا ئوخشاش ئۇنداق قەتئىي، ئېنىق بەلگىلىمە يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ـ ئۆزىدىن ئادەتكە ئايلانغان «قائىدە» بار بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە، بولۇپمۇ جەمئىيەتكە ئەمدىلا ئارىلىشىۋاتقان ياش دوستلار بۇ قائىدىنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى كېرەك. مەسىلەن: دوستلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرغان چاغدىكى ئەدەب ـ قائىدە، قىزلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرغان چاغدىكى ئەدەب ـ قائىدە، زىيارەت قىلغان چاغدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەدەب ـ قائىدە، پاراڭلاشقان چاغدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ قائىدە، سالاملىشىش ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىكى ئەدەب ـ قائىدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

ئەگەر سىزدە قىزغىن كۆڭۈل بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمىمىي ئىپادە، خۇش تەبىئەتلىك سالاپەت، ئەتراپلىق ئەدەب ـ قائىدە بولسا، ئۇ چاغدا ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە مىنۇتلىرىدا، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە مۇقەررەر ھالدا چوڭقۇر ۋە ياخشى تەسىرات قالدۇرالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ

1. سەممىي سۆز چىرايلىق سۆزلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

بەزىلەر باشقىلار بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، قارشى تەرەپنىڭ ئۇنى ئەستە ساقلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپ باش قاتۇرۇپ، نۇرغۇن «پاساھەتلىك سۆزلەر» نى سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، قىزىقچى، تەربىيە كۆرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ «پاساھەتلىك سۆزلەر» نى سۆزلەشنىڭ ئۆزى بىر خىل كۈلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ خىسلىتى سىز زىيارەتكە بېرىشتىن ئىلگىرى بەلگىلىنىپ بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىپادىلەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە خۇدىنى يىغىپ، ئەقىللىق بولغىلى بولمايدۇ. قانچە ئەقىللىق بولۇۋالغىنىڭىز بىلەن، شۇنچە چاندۇرۇپ قويىسىز. قارشى تەرەپنىڭ نەزىرىدە كۈلكىگە قالىسىز- دە، ھەرگىز ياخشى بىرىنچى تەسىرات قالدۇرالمايسىز. ياخشى بىرىنچى تەسىراتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، سەممىي بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئادەتتىكى تەلەپپۇزى بىلەن سەممىي سۆزلەپ، ھەقىقىي ئويىڭىزنى ئىپادىلىگەنگە يەتمەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچى، «پاساھەتلىك

سۆزلەر»نى ئىشقا دۇچ كەلگەندىلا ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى چەكلىك بولغانلىقتىن، پۈتۈن كۆڭلى بىلەن پەيلاسوپلارنىڭ مۇپەسسەل كۆز قاراشلىرىنى سۆزلىمەكچى بولۇش، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان، قاملاشمىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مۇشكۇل ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئىككىنچى، سىز دە، زىيارەتكە بېرىشتىن بۇرۇن «پاساھەتلىك سۆزلەر لۇغىتى» دىكى مۇھىم ئىبارىلەرنى يادلىۋېلىپ، ۋاقتى كەلگەندە، خۇددى چېلەكلەپ ياغقان قاتتىق يامغۇردەك شالاقلىتىپ، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قۇلىقىغا قۇيىدىغان قابىلىيەت بار دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپ ئۇنى ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىپ، گەپدانلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ئىچى پال-پال، تېشى غال- غال قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئادەم ئىكەن دەيدۇ. ئەسلىدە قارشى تەرەپكە ياخشى بىرىنچى تەسىرات بېرىمەن دەپ ئويلىغان بولسىڭىزمۇ، نەتىجىدە ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ ئەكسىچە چاندۇرۇپ قويىسىز، قالدۇرغان بىرىنچى تەسىراتىڭىزمۇ غايىڭىزدىكىدەك بولماي قالىدۇ.

ئازراقلا دىققەت قىلىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت، ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىمىز. ئىشەنچىسىگە ھەقىقىي ئىگە بولغانلار تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، چوڭ گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەملەر بولماستىن، بەلكى سەممىي، ئاددىي - ساددا سۆزلەيدىغان، ياۋاش ئىشەنچلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەن بىر زاۋۇت باشلىقىنى تونۇيمەن، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. چوڭ- كىچىك مەسىلىلەر بولسا، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقسىلا ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆزىتىشىمچە، ئۇنىڭ سۆزىدە ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق، كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئۆزى ياكى زاۋۇت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلار بولۇپ، يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلمايدۇ، چوڭ گەپنى تېخىمۇ قىلمايدۇ. ئۇ سۆزلىگەن سۆزلەر گەرچە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى، بېشىدىن ئۆتكەن تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ سىرتىدىن قارىغاندا، ھېچقانداق بىلىر چوڭ زاۋۇت باشلىقىدەك سۈلەت ياكى قىياپەت كۆرۈنمەيدۇ، ئەھۋالىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى گېزىت تارقىتىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا، دائىم دېگۈدەك خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياخشىمۇسىلەر، خەيرى - خوش دەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغىنى، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدا. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەمدە شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ تىلى گەرچە ناھايىتى ئېخچام بولسىمۇ، لېكىن بولارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن. مەشھۇر مۇناسىۋەتشۇناس جېيۇلىن دەل جايىدا قىلىپ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئېيتقان: «چوڭقۇر مەنىلىك، يېقىملىق سۆزلەرگە چېك ئېسىلىۋالماستىن، ئەكسىچە، ئادەتتىكى سۆزلەرنى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرنى قوللىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىڭ».

بولۇپمۇ، كىشىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تەسىرات بېرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ئالدى بىلەن قارشى تەرەپكە «بۇ سەممىمىي ئادەم ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى بەرگەندە، ئاندىن قارشى

تەرەپ بىلەن كەلدى- باردى قىلىشنىڭ ئاساسىنى ئورناتقىلى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنىمۇ قىلالمىسا، ياخشى بىرىنچى تەسىرات ئورنىتىش ھەققىدە گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ! ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ناھايىتى «ئەقىللىق» قىلىپ كۆرسەتسىڭىز، قارشى تەرەپ سىزنى ھۆرمەتلەشتىن خېلى يىراق تۇرىدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزى بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، بەك «ئەقىللىق» كىشىلەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك قەدىرلىشىگە ئېرىشىشى ناتايىن.

2. چىن كۆڭۈلدىن مەدھىيىلەش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

ئۆزىنى ئۆزى مەدھىيىلەشكە بولمايدۇ، لېكىن باشقىلارغا قارىتا مەدھىيىلەشنى ئايىماسلىقىڭىز كېرەك. مەدھىيىلەش- ياقتۇرۇش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا مىسلىسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە شۇنداق بولىدۇ. سۆرۈن چىراي ۋە سوغۇق مۇئامىلە ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

قانداق مەدھىيىلەش كېرەك؟ سۆز قىلغاندا ئەڭ مۇھىمى يەنىلا سەمىمىي بولۇش كېرەك. گەپلەرنى قىلىسىڭىز كىشىلەر سىزنىڭ ساختىلىق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى دەرھال بايقىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنى مەدھىيىلىگەن ۋاقىتدا، چوڭ ئىشلارنىلا كۆزدە تۇتماي كىچىك ئىشلارنىمۇ ئىزاھلاش كېرەك. قىزغىن سەمىمىي بولمىغان كىشىلەر كىچىك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمايدۇ.

«ماقالىڭىز ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ» مۇشۇنداق دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئازراق ياغلىمىلىق بار. ئەگەر ئۇنىڭغا: «ياشلار ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇلارنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋېتىدۇ» دېگەن جۈملىنى قوشسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇنۇمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پۈتۈنلەي ئىككى خىل بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش: «كىيىمىڭىز ناھايىتى چىرايلىقكەن» دەپ قويسىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگەن تېخىمۇ يېقىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم كىيىمىڭىز ئۇنداق چىرايلىق ئىكەن، مۇنداق چىرايلىق ئىكەن دەپلا قالماستىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، رەڭگى ناھايىتى ماس كەپتۇ، نۇسخىسى كۆركەم، پاسونى يارىشىملىق بوپتۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەقىللىق ھەم قىزغىن- سەممىي كىشىلەر، مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلغاندا، ئەڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەيدۇ. «چالغان سازلىرىڭىز ئادەمنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرۇپ، يۈرىنىڭ گۈگۈم چۈشۈپ، مالالرنى قايتۇرۇپ ئەپكىلىۋاتقاندا، سالقىن شامالالرنىڭ يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋاتقان مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ» ئەگەر سىز مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىسىڭىز قانداق تەسىراتقا كېلىسىز! ھەقىقەتەن، مۇشۇنداق سۆزنى ئېيتىش ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. قىزغىنلىق تېخىمۇ كېرەك. ئەگەر سىز سۆزلەيدىكەنسىز، قارشى تەرەپكە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇشىڭىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرىدىغانلا بولسا، بۇنداق مەدھىيىلەش سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم سۆزلىيەلەيدۇ. ئەڭ گۈزەل تەسىرلىك سۆزلەر كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىدۇ، ئەگەر ئادەم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىققا ئىگە بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەرنى دېھقانمۇ سۆزلىيەلەيدۇ.

كىشىلەر مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئالتە ياشلىق بالىدىن تارتىپ 60 ياشلىق موماينىچە ھەممىسى ئوخشاش: بولۇپمۇ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى، باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق

بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېلىشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى مەدھىيىلەشنى دائىم دېگۈدەك ئېيتىمىز. سۆزلىگەندە ماھارەتكە دىققەت قىلىش كېرەك، مەسىلەن ئېيتايلۇق: ئا ۋە ب ئىككى كىشى ئوخشىمىغان باھا بىلەن ئوخشاش سۇ ئۈزۈش كىيىمى سېتىۋالغان بولسۇن، ب نىڭ سېتىۋالغان باھاسى ئاغا قارىغاندا ئەرزان بولسۇن، شۇڭا ب ئۆز كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا، بۇ ئىككى قۇر سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «ئا زىيان تارتىپتۇ، ب گە قارىغاندا قىممەت ئاپتۇ» دېگەندىن كۆرە، «سىز ناھايىتى ئەرزان ئاپسىز» دېگەن ياخشىراق. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئالدىنقى سۆز ئا نىڭ ھاماقەتلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ، كېيىنكى سۆز بولسا، ب نىڭ زېرەكلىكىنى مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ب تېخىمۇ ئاسان خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كىشىنى مەدھىيىلىگەن ۋاقتىڭىزدا، «پالانى سىزگە قارىغاندا يامان قىپتۇ» دېمەستىن، «سىز پالانىغا قارىغاندا، ياخشى قىپسىز» دېيىشىڭىز لازىم.

بىز يۇقىرىدا مەدھىيىلەشنىڭ ياقتۇرۇش جەھەتتىكى قوللىنىش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتۇق، ئەمدى بىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قوللىنىش ھەققىدە سۆزلىشەيلى.

مىسال ئۈچۈن، بىر كىشى سىزگە بىر دانە لوڭقا تەقدىم قىلغان بولسا ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر رەھمەت ئېيتقاندىن تاشقىرى يەنە بۇ سوۋغىنى مەدھىيىلەپ: «بۇ لوڭقىنىڭ نۇسخىسى ناھايىتى ياخشىكەن، كىتاب ئىشكابىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويساق ناھايىتى يارىشىدىكەن» دېسىڭىز، سوۋغات تەقدىم قىلغۇچى كىشى تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ. مەدھىيىلەش سۆزىدە قارشى تەرەپنىڭ مۇۋاپىق تاللىغانلىقى يوشۇرۇن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئارزۇسىغا يەتسە. كىيلەر قېتىم يەنە باشقا بىر نەرسە سوۋغات قىلىشى مۇمكىن! «تازا ياخشى بولدى! بۇ پىلاستىنكىنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى سېتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم. سىزنىڭ ئەپكىلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن». ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىڭىز بولسا، بۇنى سوۋغات قىلغۇچىغا دەرھال ئېيتىشىڭىز كېرەك.

«بۇ رادىئو بىزگىلا مۇۋاپىق كېلىدىكەن. بۇندىن كېيىن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىڭىز خۇشال ئۆتىدىغان بولدى» سوۋغاتنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىڭىزنى بىۋاستە ئېيتىسىڭىز، ئۇ بىر خىل ناھايىتى ياخشى مەدھىيلەش ئۇسۇلى بولىدۇ.

«مەن بۇنداق چىرايلىق قولياغلىقنى ئىشلىتىپ باقمىغان!» ئەڭ چوڭ شەرەپنى سوۋغات تەقدىم قىلغۇچىغا بەرسىڭىز، ئۇ چوقۇم ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە مەدھىيلەش بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. «سىزنىڭ بۇ قېتىم ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز، مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى» بۇ بىر مىننەتدارلىق بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا: «ئەگەر سىزنىڭ كۈچىڭىزگە تايانمىغان بولسام، چوقۇم بۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېگە بولالمىغان بولاتتىم» دېگەن مەدھىيە سۆزىنى قوشسىڭىز، تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ.

بەزىلەر باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، تازا مۇكەممەل بولغانلىقىغا قاراپ، رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى باشقىلارنىڭ سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، يوق يەردىن يوتاق چىقىرىپ، ھەرخىل تەنقىدلەرنى قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ستۆھبەتلىشىش سەنئىتىنى بىلمىگەنلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمگە رەچىلىكتىنمۇ قىلچە ئەسەر يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئىي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـــ
# قىز تاللاشتا ئالدى بىلەن ئائىلىسىنى تاللاڭ

بەزىلەر، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، ئۇنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسىنى كۆزەتسەڭلا كۇپايە، دەيدۇ. بۇ دېگەنلىك، قارشى تەرەپنىڭ دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىگە قارىساڭلا ئۆزۈڭنىڭ كېلەچەكتىكى ئائىلەڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالالايسەن، دېگەنلىكتۇر. ئەمما بۇ ئائىلىنىڭ باي ـ نامرات بولۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، قارشى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوپال، مەدەنىيەتسىز، ھەدېسىلا ئۇرۇشۇپ ـ تىللىشىدىغان ھەتتا مۇشتلىشىپ باش ـ كۆزىنى يېرىشىدىغان ئادەملەردىن بولسا، ئۇنداقتا، بۇنداق ئائىلە شارائىتىدا چوڭ بولغان قىزنىڭ مۇلايىم ۋە ئېستائەتچان ھەم ئەخلاقلىق بولۇشى ناتايىن. ئادەتتە، ئاتا ـ ئانىسى ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن بولسا، ئالايلۇق، ئۇلار گەپ ـ سۆز ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتا تەكەللۇپنى بىلمەيدىغان قوپال، ئەدەپسىز بولسا، ئۇنداقتا مۇشۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز قىزىنى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويالىشى مۇمكىن ئەمەس. كونىلاردا: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆز بار. كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆيگەن قىزىڭىزنى توغرا كۆزىتمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنى سىرتتا كۆزەتكەندىن باشقا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ياكى يېقىنلىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ بېقىشىڭىز لازىم. سىرتتا كۆزەتكەنگە قارىغاندا ئۆيدە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قىز دوستىڭىز سىز بىلەن بىرگە ئاشپۇزۇلدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنى بىلەن، ئۆز ئۆيىدە تاماق قاچىسىنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تاماق يەيدىغان ۋە ياكى تاماق يەۋېتىپ، يېنىدىكى مۇشۇكنىمۇ قوشۇپ باقىدىغان ئادىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ چوقۇم سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ سۆيگىنىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇ مەن بىلەن ئۆي تۇتقاندىن كېيىن، بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتەلەرمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە مۇنداق بىر مەسىلىمۇ بار: سىز سۆيگەن قىزىڭىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆزەتكەن چېغىڭىزدا، سۆيگەن قىزىڭىزنىڭ مىجەزى دادىسىنى تارتقانمۇ ياكى ئانىسىنى تارتقانمۇ دېگەن مەسىلىگە دىققەت قىلىڭ. چۈنكى سۆيگەن قىزىڭىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىجەزى ۋە تەربىيىلىنىش ئەھۋالى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭ بىر ئەر ـ خوتۇن دوستلىرىم بار ئىدى. ئەر قوپال، زالىم، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىدى. خوتۇنى بولسا مۇلايىم ۋە ئىناۋەتچان، كەمتەر خۇشپېئىل، ئاقكۆڭۈل ئايال ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ مىجەزى كېلىشەلمىگەنلىكتىن ئۇلار ئاخىرى

ئاجرىشىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىزى بولۇپ، مىجەزى دادىسىغا ئوپمۇ-ئوخشايتتى. گەرچە بۇ قىز قانۇن بويىچە ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىي مىجەزى ئاپىسىنىڭ مىجەزى بىلەن زىت بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ تەربىيىسىنى قىلچە ئالماي، ئەكسىچە دادىسىنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئاخىرى ئاپىسىنى ئۇرۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. بۇنداق قىزلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى ناھايىتى چىرايلىق، قارىماققا مىجەزىمۇ شوخ، ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئۇنى دادىسىنىڭ مىجەزىدىكى ئىرسىيەتتىن چوڭقۇرلاپ كۆزەتمىگەندە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىپادىسىدىن قىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان بۇ خىل ئۇسۇل بۇرۇن ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھازىر بارغانسېرى ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئائىلىلەردە دادىنىڭ ھوقۇقى بۇرۇنقىدەك تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىنى باشقۇرغۇدەكمۇ كۈچى يوق. بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئومۇملاشماقتا. ئۇنداقتا، ئانا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالغانمۇ قانداق؟ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ئانىنىڭ قىزىغا بولغان تەسىر كۈچىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئانىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئارقىلىق قىزنىڭ كېلەچەكتىكى بەدەن قۇرۇلۇشىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولغاندىن باشقا، باشقا تەرەپلىرىنى بىر نېمە دېمەك تەس.

بۇرۇنقى ئائىلىلەرنىڭ بالا تەربىيىلەش نىشانى «بالا كېلەچەكتە باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىپ قويمىسىلا، باشقىلارغا ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمىسىلا بولىدى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ئىدى. يەنى بۇ دېگەنلىك، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقىرىپ بىرەر ئىدارە ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ كۆڭۈللۈك ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان قىلىش، دېگەنلىك ئىدى. بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاددىي ئارزۇسى ئىدى.

هازىر بۇ خىل كۆز-قاراشتا ئۆزگىرىش بولدى. بالىلار ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قانچىلىك ئارىلىق ساقلاش كېرەكلىكىنى كىچىكىدىنلا بىلىپ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان چوڭ شىركەت ياكى چوڭ ئورگانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كادىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئائىلىلەردىمۇ، گېزىتتە ئىسمى ئاتالغان يامان قىزلار چىققان. بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئائىلىسىدە، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك مىساللار ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

نۇرغۇن قىزلار ئائىلىسىدە تاماق ئېتىشنى بىلمىسىمۇ، ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارغا بېرىپ ئىشلىگەندە، ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇنلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ.

تەربىيىلىنىش دېگىنىمىزدە، بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە قارىتىلغان. تەربىيە كۆرمىگەن قىز دېگىنىمىز، شۇ قىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ناچار دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىزمۇ تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم بولمىسىڭىز مۇنداق قىز سىزنىڭ ئىشەنچ قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ.

# شي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — نويۇزلۇقلار بىلەن تىركىشكۈدەك جۈرئىتىڭىز بولسۇن

ئىتالىيىنىڭ پىزا دېگەن يېرىدە ناھايىتى داڭلىق چىققان بىر قىيسىق مۇنار بار. ئۇنىڭ داڭ چىقىرىشى ئالىم گالىلېي (1642-1564) نىڭ بىر مەھەل زىلزىلە قوزغىغان بىر تەجرىبىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق ياۋروپادا، دىنىي جەمئىيەت ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. دىنىي جەمئىيەت ئەقىدىلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان ئىلمىي ئىدىيىلەرنىڭ ھەر قاندىقى مەنئىي قىلىناتتى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىتالىيە ئەنئەنىۋى ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىدە تۇراتتى. ئارىستوتېل ھېچكىم چېقىلالمايدىغان ئىلىم-پەن «پاپاسى» بولۇپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا، 20 نەچچە ياشلىق ياش ماتېماتىكا پروفېسسورى گالىلېي ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئارىستوتېلنىڭ تەلىماتىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان جىسىملار ئېگىزدىن چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ چۈشۈش تېزلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئون قاداق ئېغىرلىقتىكى جىسىم چۈشكەندە، ئۇنىڭ تېزلىكى بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى جىسىملىكىدىن ئون ھەسسە

ئىتتىك بولىدۇ. يەنى جىسىمنىڭ چۈشۈش تېزلىكى ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ بارى بۇنىڭغا راست دەپ ئىشەنگەنىدى. ئەمما گالىيلى بۇ نۇقتىدىن گۇمانلانغان. ئۇ ئۆز ئالدىغا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئارىستوتېلنىڭ بۇ نەزەرىيىلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەن. ئەمما ئۇ چاغدىكى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە، خۇدادىن قالسىلا ئارىستوتېلنىڭ توغرا ھېسابلىناتتى. 20 نەچچە ياشلىق بىر يىگىتنىڭ باشقىلار مىلىڭ يىللاپ چوقۇنۇپ كەلگەن پاپانىڭ قانۇنىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ «تەلۋىلىك» بولاتتى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا، پىسادىكى قىيسىق مۇنار گالىيلىنىڭ تەجرىبە مەيدانى بولۇپ قالغان. گالىيلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بەزى پروفېسسورلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى كۆرسەتكەن. ئۇ بىرسى 100 قاداق، بىرسى بىر قاداق كېلىدىغان ئىككى دانە چۆيۈن توپنى ئېلىپ مۇنار ئۈستىگە چىققان. تۆۋەندە ئولىشىۋېلىپ قاراۋاتقان كىشىلەر مەسخىرە قىلىۋاتقان بىر چاغدا، گالىيلى مۇنار ئۈستىدە تۇرۇپ: «تۆۋەندىكى خالايىقلار ياخشى قاراڭلار، چۆيۈن توپ چۈشۈپ كەتتى» دەپ توۋلىغان. ئىككى دانە چۆيۈن توپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پاراللېل تۆۋەنلەپ بىرلىكتە يەرگە چۈشكەن. بۇ تەجرىبە ئارىستوتېل نەزەرىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. لېكىن كونا ئىدىيە كىشىلەرنى چىرمىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ، گالىيلىنىڭ بۇ تەجرىبىسىگە ئىشىنىدىغان ھېچكىم چىقمىغان، ئۇلار ئارىستوتېل ھەرگىز خاتالاشمايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

1604- يىلى ئاسماندا بىر يېڭى يۇلتۇز پەيدا بولغان. بۇ ھەقتە گالىيلى ئۈچ نۆۋەت لېكسىيە ئوقۇغان. لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار بەكمۇ

كۆپ بولغان، سىنىپتا بولغان بىرىنچى نۆۋەتلىك لېكسىيىدە ئاڭلىغۇچىلار تىقما- تىقما بولۇپ ئولتۇرۇشقان. ئىككىنچى نۆۋەتلىك لېكسىيە ئورنى مىڭ ئادەم سىغىدىغان بىر چوڭ زالغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ كىچىكلىك قىلغان. ئۈچىنچى نۆۋەتتە تالاغا يۆتكىلىپ لېكسىيە ئوقۇشقا توغرا كەلگەن. گالىيلى بۇ لېكسىيىلىرىدە مۇشۇ يېڭى يۇلتۇزنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئارىستوتېلنىڭ تەلىماتىغا رەددىيە بېرىپ، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ئۆزگەرمەي مۇكەممەل تۇرىدۇ، دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەنمۇ مۇتلەق خاتا. مەسىلەن: ھازىرقى مۇشۇ يۇلتۇزنى ئالايلى، ئۇ باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاشلا تۇرىدۇ. لېكىن يېقىندىلا ئۇ يۇلتۇز ئەمەس ئىدى ياكى كەلگۈسىدە ئۇ غايىپ بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئۆزگەرمەس دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك. تەبىئەت دۇنياسىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدىغان بىرمۇ نەرسە يوق. سىلەر مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئارىستوتېلنىڭ سەپسەتىسىنى، ئىلگىرى ئۆتكەن قەدىمكى كىشىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىنى تېزدىن ئۇنتۇپ، ھازىرقىغا ئەھمىيەت بېرىشىڭلار كېرەك» ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىملارنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇ ھازىرقى بۇ دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچىمۇ؟ بۇ تازا بولمىغۇر گەپ! دېيىشكەن.

1609- يىلى گالىيلى گوللاندىيىدە بىر كۆزەينەك سودىگىرىنىڭ يىراقتىكى نەرسىنى چوڭايتىپ كۆرسىتەلەيدىغان دۇربۇن ياساپ چىققانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ ئىش گالىيلىنى چوڭقۇر ئويغا سالغان. ئۇ دۇربۇننى ياساش قائىدىسىنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىغان. ئىككىنچى كۈنى بىر بوش تۇرۇبىنىڭ بىر ئۇچىغا دۇمباق ئەينەك پارچىسىنى،

يەنە بىر ئۇچىغا ئويمان ئەينەك پارچىسى بېكىتىپ، سىرتقى مەنزىرىگە قارىغاندا، ئۈچ ھەسسە چوڭايتىپ كۆرسەتكەن. ئۇ بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، ئۇنى ئۆزگەرتىپ سەككىز ھەسسە چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان يەنە بىرىنى ياساپ چىققان. ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كېيىنچە 30 ھەسسە چوڭايتىپ كۆرسىتەلەيدىغان دۇربۇندىن بىرنى ياساپ چىققان ئۇ مۇشۇ دۇربۇن ئارقىلىق ئاسمان بوشلۇقىنى كۆزىتىپ، بىر تالاي يېڭى نەرسىلەرنى تاپقان. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئەنئەنىۋى ئارىستوتېل قارىشىدىكىدەك يەر شارىدىن مۇكەممەل ۋە ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى بايقىغان. ئۇ يەنە ئاي ھەرگىز سۈزۈك-داغسىز ئەمەس، بەلكى ئويمان-دۆڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىلا يەردە يانار تاغلارنىڭ بارلىقىنى؛ سامان يولىنىڭ نۇرغۇن كىچىك يۇلتۇزلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغانلىقىنى؛ قۇياشتا قارا داغنىڭ بارلىقىنى؛ يۇپىتېرنىڭ تۆت ھەمراھى بارلىقىنى تاپقان. گالىلېينىڭ بۇ كەشپىياتلىرى كوپېرنىك تەلىماتىنى قوللاش جەھەتتە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

گالىلېينىڭ كەشپىياتلىرى ئۇنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئىناۋىتىنى بارغانسېرى ئۆستۈرگەن. ئەكسىچە، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بارغان. بەزى دىنىي جەمئىيەتلەر ئۇنىڭغا بىدئەت دەپ ھۇجۇم قىلغان. بەزىلىرى ئۇنىڭ پىكرى خاتا، ئارىستوتېلنىڭ كۆز قارىشىغا خىلاپ دەپ جار سالغان. ئۇلار: قۇياشتا قانداقسىگە قارا داغ بولىدىكەن؟ بۇ داغ قۇياشنى ئايلىنىپ يۈرگەن بولۇتتىن ئىبارەت ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ دۇربۇنىدىن چاتاق چىققانلىقتىن كۆرۈنگەن نەرسە، يۇپىتېرنىڭ ئۇنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان ھەمراھلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، قەدىمىي كىتابلاردا بۇ ئەسلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان.

دېگەن شۇ سەۋەبتىن گالىيلى رىم دىنىي ئەدلىيىسى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم سوراققا تارتىلغان، يېشى 70 كە يېقىنلىشىپ قالغان گالىيلى نەچچە قېتىملىق سوراقنىڭ ھېچقايسىسىدا تۆۋە قىلىشقا ئۇنىمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەھكىمە شەرئىگە ئېلىپ بېرىلىپ، جازالاش ئۆيىدە سوراق قىلىنغان چاغدىلا، ئېھتىمال قاتتىق قورقۇتۇش نەتىجىسىدە نېرۋىسى بىھوشلىنىپ، ئاندىن تۆۋە قىلىشقا ئۇنىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گالىيلىنى مەھكىمە شەرئىنىڭ تۈرمىسىگە قامىغان. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقى، تېنى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى يەنە ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئائىلىسىدە نەزەربەنت قىلىنغان. رەھىمسىز جازالاش ۋە نەزەربەنت قىلىنسىلارمۇ ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى توسۇيالمىغان. ئۇ نەزەربەنت ئاستىدىكى مەزگىلىدە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «مېخانىكا ۋە جۇزئىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئىككى يېڭى پەنگە دائىر مۇھاكىمە ۋە ماتېماتىكىلىق دەلىللەر» نى تاماملىغان. كېيىن گالىيلىنىڭ ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، شۇنداقتىمۇ شاگىرتلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر تەتقىقات خىزمىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

گالىيلىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ نوپۇزلۇقلارغا خۇراپىيلارچە چوقۇنمىغان. ئىلىم-پەن جەھەتتە، ئۇ ئارىستوتېلغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا پېتىنغان، سىياسىي جەھەتتە، دىنىي ئىلاھىيەتنى ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلغان. زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە نوپۇزلۇقلار بىلەن تىركىشىشكە، نوپۇزلۇقلار بىلەن تەن-پەن دېيىشىشكە جۈرئەت قىلالىغان مۇنداق روھنىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ئىش.

نوپۇزلۇقلار بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلىش يولسىزلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ. بىزگە مەلۇم ھەر قانداق بىر نوپۇز ئىگىسى ھەمىشىلا، ھەممىلا ئىشتا، مەڭگۈ توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىيە ۋە تەلىماتلىرى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان ۋە شەكىللەنگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار تارىخىي چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. ئارىستوتېل قەدىمكى زامانىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بىر دەۋردە ياشىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇنىڭ نۇرغۇن شەيئىلەرنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئوبيېكتىپ شارائىتتىن تېپىش تامامەن مۇمكىن.

گالىلېينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىلىم-پەن ئالدىدا خۇراپىيلىق قىلىشقا بولمايدۇ. نوپۇزلۇقلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئەمما خۇراپىيلارچە چوقۇنماسلىق كېرەك. نوپۇزلۇقلار ئالدىدا تىز پۈكۈپ سەجدە قىلىشنىلا بىلىپ، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق دىنسىزلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇنداق بولغاندا، مەڭگۈ ئالدىنقى كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىدىلا توختاپ قېلىپ بىرەر نەرسىنى كەشىپ قىلغىلى ۋە ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ، ئالغا ئىلگىرىلىگىلىمۇ بولمايدۇ.

نوپۇزلۇقلار بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلىش ئۈچۈن، ھەقىقەتنىمۇ ئازراق جاسارەت بولۇش كېرەك. نامى چىقمىغان ياش گالىلېي كىشىلەر مىڭ يىللاردىن بېرى ئىلىم-پەن نوپۇزى دەپ چوقۇنۇپ كەلگەن نەزەرىيىدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلغان. ھەمدە نەق مەيداندىلا تەجرىبە قىلغان، ئاشكارا لېكسىيە ئوقۇغان، ئەسەر يېزىپ تەلىمات بەرپا قىلغان. ئىلاھىيەت ھوقۇقى ھۆكۈمرانلىق

ئورنىدا تۇرۇۋاتقان مۇستەبىت جەمئىيەتتە، بۇنداق قىلىش «بىدئەتلىك» دەپ سانىلاتتى. ئۇنىڭدا ئاز- تولا جاسارەت بولمىغان بولسا، ھەقىقەتەن بۇنداق قىلالمايتتى. روشەنكى، نوپۇزلۇقلار بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئالدىغا قاراپ بۆرىدىن، كەينىگە قاراپ يولۋاستىن قورققان بىلەن بولمايدۇ.

ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، ئاز- تولا مۇشۇنداق روھ بولۇشى كېرەك. ھەقىقەت ئۈچۈن تاپا- تەنىدىن قورقماسلىق، نوپۇزلۇقلاردىن قورقماسلىق كېرەك. ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىدىن قورقۇپ يىقىلىپ قېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. جۇراپىئالىقنى تۆگەتكەندىلا، توسقۇنلۇقلار ئاندىن تارمار بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## ئەخلاقىمىزغا دەز كەتمىسۇن

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەدەب ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت چەمبىرىكى بولىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ھەرقانداق ئەزاسى ئەنە شۇ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتمەن دەيدىكەن، چوقۇمكى ئۇ ئۆز خەلقىگە ھاقارەت، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆزىنى ئەخلاقسىز دەپ قارىمىسىمۇ، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە ياكى ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان ئىشلار يەنە بىر مىللەتنىڭ نەزىرىدە ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: غەربلىكلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا بولامدۇ ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا بولامدۇ قەدەمدە بىر سۆيۈشۈپ يۈرۈشلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا ئەخلاقسىزلىققا ياتىدۇ، ئاتا ـ بالا بىرگە رومكا سوقۇشتۇرۇش، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈش، قىزلىق پەردىسىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش دېگەنلەر ئەخلاقسىزلىققا ياتىدۇ. خوش، ئەخلاقىي ئېڭى شۇنچە يۇقىرى بولغان بۇ مىللەت ئۇيغۇر مىللىتى نېمە بولۇپ بىر قىسىم رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ؟ ئەگەر بۇ قىلىقلارنى باشقا مىللەتلەردىن يۇقتۇرۇۋالدى دېسەك، دۇنيادا ھېچقانداق مىللەتتە بۇنداق ھەممىگە

مەلۇم بولغان ئومۇملاشقان ئادەت يوقتۇ. ئاخىر!

شۇنداق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان قانۇنغا، ئەخلاققا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئۇنداقتا ئەخلاقنىڭ بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولدى؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئاددىي مەسىلە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاقتا چېكىنگەن شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تىندۇرمىسى، سىياسىي، مەدەنىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە ئاندىن بىرقەدەر توغرا جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆپ قىسىم كۆزەتكۈچىلىرىمىز ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەخلاقتىكى بۇزۇلۇشىنى مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ (ئابدۇرېھىم دۆلەت: «ھالاكەت شەپىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 6-سان، 27-بەت). مانا بۇ تەرەپ بىزنى سەل ئويلاندۇرىدۇ. مەدەنىيەت قوبۇل قىلدۇق دەپ ئەسلىدىكى ئېسىل ئەخلاقىمىزدىن، ئېسىل تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىمىز ھېچقايسىمىزغا سىر ئەمەس. پاھىشىخانىلارنىڭ كۆپىيىشى، ھاراق-شاراب سورۇنلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، پىشاڭ رولىنى ئوينايدىغان سېرىق لىنتا قىزغىنلىقى قاتارلىقلاردىن تارتىپ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بىلەن ئائىلىلەرگە قەدەر يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىۋاتقان ئاتا-ئانا ئالدىدىمۇ سۆيۈشىشنىڭ لەززىتى، ئاشىنا ئويناشنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللىرى، قىزلارنىڭ ئۆز ساغرىلىرىنى يىگىتلەرگە كۆز-كۆز قىلىشىنىڭ ئۇنۇمى، ھەتتاكى، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەب-ئەخلاققا قەتئىي ماس كەلمەيدىغان شەھۋانىي، لاۋزا ئىبارىلەر، «قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەت» دېگەن چىرايلىق نام ئاستىدىكى ئۇياتسىز پاراڭلار مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جەھەتتە چۈشكۈنلىشىشىگە، بۇزۇلۇشىغا يامان تەسىر كۆرسىتەيدۇ دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. ئەلۋەتتە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش كېرەك، يېڭىلىق قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەمما، شۇ قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت، يېڭىلىق ئەدەپ- ئەخلاق، ئۆرپ- ئادەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىسە بولاتتى.

ھازىر ئەخلاق مەسىلىسى دۇنياۋى قىزىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھەممە مىللەت ئۆز ئەدەپ- ئەخلاقىنى، ئۆرپ- ئادىتىنى، يەنى، ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. ھەتتاكى ئامېرىكىدەك «ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەتچىۋازلىق»، «پاھىشىۋازلىق» دېگەنلەرنى رەسمىي قانۇنلاشتۇرغان ھەم ئاشكارا جىنسىيەتنى تەشەببۇس قىلغان دۆلەتلەردىمۇ «ئائىلىنىڭ زەئىپلىشىشى، ئاجرىشىشنىڭ كۆپىيىپ كېتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قېلىشى، ھارامىلىقلارنىڭ كۆپىيىشى شۇنداقلا يەنە بويتاق، تۇللارنىڭ كۆپىيىشى» («مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 21- بەت.) قاتارلىق ئامىللار ئەخلاق بۇزۇلۇشىنىڭ ئاشكارا ئىپادىسى دەپ قارالدى ھەم بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار ئەندىشە ئىچىدە قالدى. چۈنكى، ئەدەپ- ئەخلاقنى، مەدەنىيەتنى يوقاتقان مىللەتنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بەش قولدەك بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەخلاقسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن جايدا چۈشكۈنلۈك، ئىتتىپاقسىزلىق، خار- زەبۇنلۇق رۇناق تاپىدۇ. پىتنە- پاسات، پەسكەشلىك ئەۋج ئالىدۇ. كەلگۈسى غۇۋا بولىدۇ. چۈنكى، ئەخلاقسىزلارنىڭ ئىگىدا قانۇن، ئەخلاق دېگەنلەر شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنىدۇ.

شۇنداقتىمۇ دۇنيادا ئەخلاقسىزلىق ئامىللىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ

بارماقتا. قىلغىلى قىلىنىۋاتقان ئىنسانلار ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ نومۇسسىزلىقلارنى سادىر قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ نومۇسسىزلىقلىرىغا قانۇنىي ئاساس يارىتىش يولىدا بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىغا ئىلمىي پەنتۇۋا تېپىپ ئۇنى دۇنياغا كېڭەيتىش كويىدا بولدى. مىسال ئالساق، فىروئىد مۇنداق دەپ قارىدى: «ئىنسان جىنسىي تويۇنۇشىنىڭ ئىسرىتىدا ھەرگىزمۇ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. دىن، ئەخلاق، جەمئىيەت ۋە ئەنئەنىلەردىن ئىبارەت ھەرقانداق كىشەن ناھەق كىشەندۇر. ئۇ ئىنسان ئىنىرگىيىسىنى خورتىتىۋېتىدۇ. ئۇ يولسىز خورلۇق...». يەھۇدىي قىسساسچىلىرىنىڭ دوكلات خاتىرىسىدە «بىز ئەخلاقنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق جايدا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا بىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىمىز ئاسانغا توختايدۇ... بىزنىڭ ئۇروئىدىمىز ھەر دائىم جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىرىنى كۈن نۇرىدەك ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا ياشلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق مۇقەددەس نەرسە ساقلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل غەيمى جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئەخلاق يىمىرىلگەن بولىدۇ...» بۇنداق ئاشكارا جىنسىيەتنى تەشەببۇس قىلىش غەرب جەمئىيىتىدە جىنسىيەتنىڭ ئەخلاقتىن ئايرىلىپ چىقىشىنى تېزلەشتۈردى. نەتىجىدە ئامېرىكا، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق ناھايىتى كۆپ دۆلەتلەردە ئارقا-ئارقىدىن ئەقىلگە سىغدۇرغۇسىز جىنسىي سەتچىلىكلەر يۈز بېرىپ، شۇنداقلا غەربنىڭ جىنسىيەت قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

كېنىدى 1962-يىلىدىكى مەشھۇر دوكلاتىدا «ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى خەۋپ ئىچىدە» دەپ كۆرسەتكەن. خرۇشۋمۇ «روسىيىنىڭ

كەلگۈسى خەۋپ ئىچىدە» دېگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشى قانداقتۇر ئامېرىكا، روسىيىلەرگە بىراۋنىڭ تەھدىت سالىدىغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقسىزلىق ئامىللىرىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مانا ئەمدى، ئامېرىكىنىڭ، روسىيىنىڭلا ئەمەس «پۈتۈن دۇنيا خەۋپ ئىچىدە قالدى» دېيىشىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. 2002-يىلى مارتتا 400 مىڭ بەچچىۋاز برازىلىيىنىڭ سانپاۋلو شەھرىدە نامايىش قىلىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى بازارغا سالدى. ئامېرىكىدا 4000 جۈپ ئەر-ئايال سىغدىغان خوتۇن ئالماشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبى قۇرۇلدى. تايلاند جىنس ئۆزگەرتىشنى قانۇنلاشتۇردى. بىر قىسىم دۆلەتلەردە يالىڭاچ ئادەملەر باغچىسى قۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى... بۇ ئامىللار دۇنياۋى ئەخلاق كرىزىسىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. ئەنە شۇنداق ئىشلار سادىر بولۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىغا ھەم بولىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

شۇنداق، دۇنيا ئەخلاقسىزلىق ئىچىگە غەرق بولدى. بۇنداق ئومۇمىي ئېقىم ئالدىدا نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ ئىسلامىي ئەخلاقنى ساقلاپ قالالمىدى. ئەلۋەتتە، ئاڭلىغىنىنى قىلىپ باقىدىغان، ھېسسىياتنى ئەقىلنىڭ دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئىش كۆرىدىغان بىزگە ئوخشاش «ھېسسىياتچان» مىللەتلەر بۇنداق رەزىللىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى ھەتتا ھېلىقى غەربلىكلەردىن ئاشۇرۇۋەتتۇق. ئاددىيسى ئالىدىغان بولساق، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت بىلەن ئادەم توشۇيدىغان قىسمەن كىراكەشلەر جىنىدا بىر كۈن تاپقان ئون بەش-يىگىرمە يۈەن پۇلىنى كەچتە بېرىپ ئاللىقانداقتۇر پاھىشىلەرگە خەجلىۋېتىپ، ئەتىسى

چۈش بىلەن قاپقىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، قاتتىق گىردىدىن بىرىنى ئۇۋۇلاپ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، شۇنى يېگەچ كالىدەك پۇشۇلداپ ھارۋا سۆرەيدىغان بولدى. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مۇھەببەتلىشىش كونا گەپكە ئايلاندى. يالىڭاچ ئاياللار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئەرلەر ئاياللىرىنى ئالداپ، ئاياللىرى ئەرلىرىنى ئالداپ بۇزۇقچىلىق قىلىشلار ئەۋج ئالدى. شۇڭا ھەرخىل پالاكەتلەر بىرگىلا يولۇقتى. كېلىشمەسلىكلەر بىرگىلا يېپىشتى. چۈنكى، جىنسىي ھەۋەسكە بېرىلىش، بۇ يولدا ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق بارلىق پېشكەللىكنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاساسلىقى جىنسىيەت بىلەن باغلىق بولغان ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ كۆپىيىشى جەھەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يۈننەندىن قالسىلا جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، يەنە ئالللىقانداقتۇر «جىنسىي ئاپەت» لەر يامرىماقتا.

ئەتراپىمىزغا ئەخلاقىي ئاڭ بىلەن قارايدىغان بولساق ئەندىشە ئىچىدە قالىمىز. كۈپ-كۈندۈزدە كوچىدا شالاپشىتىپ سۆيۈشۈشلەر، بىرىمىزنىڭ ئايالىنى يەنە بىر ئەر قۇچاقلاپ، كۆزىنىڭ قارىسىغا قاراپ، ماھۇقتەك ئالىقانلىرىنى مەنىلىك سىقىپ قويۇپ، كۆكسىنى كۆكسىگە تەگكۈزۈپ سەھنىلەردە ئويناپ يۈرسە، ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ ئولتۇرۇشلىرىمىز، ئاتا بىلەن قىز، ئاكا بىلەن سىڭىل، ئۇستاز بىلەن شاگىرت، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر، ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن چالا بىلىملىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايا- پەردىسىنىڭ يوقالغانلىقى دەل ئەخلاقنىڭ قىيامىتىدۇر.

ئادەم ئىمان- ئېتىقادىنى يوقاتقاندا ھەممە ناچار قىلىقنى سادىر قىلىدۇ- ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. ھايۋانغا ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن قاراش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھايۋان بەرىبىر ھايۋانلىقىنى قىلىدۇ. بىر يۇرتتا مەلۇم جەھەتتە شارائىت ھازىرلانمىسا، بىراقلا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تالاي ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى ناتايىن. بىزنىڭ ئارىمىزدا مىللەتنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان، ئەجدادلارنىڭ روھىنى قورۇندۇرىدىغان، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ كۆپىيىشى ھەقىقەتەن سەل قاراشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشماي، غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە يەنە ئاللىقانداق مىللەتلەرنىڭ ئاللىقانداقتۇر نېمىسىنى ئۆگەندۇق (ئەلۋەتتە، باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن گەپ بىردىنبىر سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى؛ چەتئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسەن شەھەرلەردىن باشلىنىدۇ. ئەمما بەزى قىلىقسىزلىقلارنىڭ شەھەرلەرگە قارىغاندا يىراق چەت يېزىلاردا نەچچە ھەسسە كۆپلىكى ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ) دەپ شالغۇتلىشىپ يۈرسەك ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنىمىز بەك ئېچىنىشلىق تراگىدىيە بولاتتى. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرەلمەمدۇق، ئۆزىمىزگە توغرا قارىيالمىدۇق...

يېقىنقى يىللاردىن بېرى قانۇن ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ساپايىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، جۇڭگودا نېمە كۆپ تەشۋىق قىلىنسا، تەشەببۇس قىلىنسا شۇنىڭ بازىرىنىڭ كاسات بولىدىغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. نەچچە يىللار ئىلگىرى چىرىكلىكنى تۈگىتىش تەشۋىق قىلىنىۋىدى، ناھايىتى كۆپ چىرىكلەشكەن نەپسانىيەتچىلەر باش كۆتۈردى. خەلقنىڭ سېلىقنى يېنىكلىتىش چاقىرىقى چىقىۋىدى، بىر مەھەل يەرلىك تۆرىلەرنىڭ خەلقنى شورىۋېلىش قىزغىنلىقى قوزغالدى! قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى قوغداش ئېڭىنى

ئۆستۈرۈش كۈچەپ تەكىتلىنىۋىدى، ناھايىتى كۆپ قانۇنسىزلىقلار ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. قانۇننى كۆزىگە ئىلمىغانلار، قانۇنىي ئېڭى تۆۋەنلەر ئەلۋەتتە جازاسىنى يېدى. ئەمما، ئۇلار قالدۇرغان ناچار تەسىر ئەرۋاھتەك ھەربىر ئەخلاق ئىگىسىنى ئەگىشىپ ساراسىمىگە سېلىپ يۈرمەكتە. قايسىدۇر بىر دانىشمەن «ئەقىلنىڭ بولغىنىشى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەنىكەن. ئەسلى، بىزمۇ ئۇنچىلىك ئەقىلسىز مىللەت ئەمەس ئىدۇق. ئەمما، بەزى قىلىقلىرىمىز ھەرىكەتلىرىمىز ئىنسانىي ئاڭغا ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر ئارىمىزدا ئەخلاقلىق ئادەم قالمىدى دېگەنلىك ئەمەس. يەنىلا ئەتراپىمىزدا ھايا- نومۇس بىلەن، ئىمان- ئېتىقاد بىلەن ياشاۋاتقان كۆرمىگىلىغان قىز- يىگىتلىرىمىز، ئاتا- ئانىلىرىمىز بار. ئۇلار نېمىنىڭ ئەخلاق، نېمىنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ تۆت كۈنلۈك پانى دۇنيادا قانداق ياشاش لازىملىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۆز ئەخلاقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا بارلىقىدىن قۇرۇق قالسىمۇ ئۆكۈنمەيدۇ. ھەرخىل قىلىقسىزلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىپ دۇنيادىن ئىنساندەك كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىدا ئەخلاقسىزلارنىڭ- نائەھلىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. لېكىن، «بىر ئۆينىڭ قوڭى پوق، مىڭ ئۆينىڭ تۆيىقى» دېگەندەك ئاز ساندا دېيىلىۋاتقان ئاشۇ ئەخلاقسىز ئادەملىرىمىز سادىر قىلىۋاتقان رەزىللىكلەر مىللىتىمىزنىڭ نامىنى سېستىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

تېخى نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى، يىرگىنىشلىك قىلىقلارنى يېزىش ئۆز مىللىتىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش دەپ قارىلاتتى. ئەمما 90- يىللاردىن باشلاپ ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىشلار ۋە ئەدەپ- ئەخلاقىمىز، كەلگۈسىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



ھەققىدىكى ئەندىشىلىك خىياللار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە نېمىلا بولمىسۇن ۋۇجۇدىمىزدا ھەقىقەتەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەيىبلەرنىڭ، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنىڭ ئېقىپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. دېمىسىمۇ، ھازىرغا كەلگەندە بىز بۇ ھالىتىمىزنى يوشۇرۇپ قىلىشقا ئامالسىز قالغاندۇق. بىر تەرىپىمىزنى يوشۇرساق، يەنە بىر تەرىپىمىز ئوچۇق ئىدى.

«ياشلار مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى» دېگەن سۆزدىن ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ گۇمانلىنىپ باققان يېرى يوق. شۇڭا ياشلىرىمىز ئاگاھ بولالىلىكى، ئەخلاقىمىزغا دەز كەتمىسۇن. يىگىتلىك شەنىمىزگە داغ يەتمىسۇن...

# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ —
## ئادەم قۇلاقسىز سەمرىيدۇ

ياشلىق- ھايات مۇساپىڭىزدىكى بىر مەزگىل ئەمەس، بەدىنىڭىزنىڭ قىرانلىقى ۋە مەڭزىڭىزنىڭ قىزىللىقىمۇ ئەمەس، بۇ قەلبىڭىزدىكى بىرخىل ھالەت، كاللىڭىزدىكى بىر ئۇقۇم. ئەقلىي تەپەككۇرىڭىزدىكى ئىجادىڭىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى، ھېسسىي پائالىيىتىڭىزدىكى بىرخىل جۇشقۇنلۇق، ھايات باھارىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خۇش ھىدلىق ھاۋا.

ياشلىق- شېرىن رومانتىك مۇھەببەتتىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاز كېچىپ، تۇرمۇش قايناملىرىدا ئۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، قورۇنۇش، قورقۇش ۋە نەپسىڭىز ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان، يۈرەك ۋە پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق ياشلىق دەۋرىدە بىر قىسىم يىگىتلەر نەپسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇھەقتە مۇنۇ ھېكمەتلىك باياناار ياخشى دەرىسلىكتۇر.

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

يىگىتلىك مەزگىلدە ھەر قانداق ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئاسان. يىگىتلىك دەۋرىدە كىشىنىڭ ھەممە ئىشقا زوق- ئىشتىياقى، لەززىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. كىشى قېرىغاندا ئۇنىڭغا ھېچ ئىشقا زوق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەۋەس، كۈچ ـ قۇۋۋەت قالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ياش ۋاقىتلىرىدا يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بېرىپ ياخشى ئىشلاردىن قاچىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىن.

ئارىستوتېل بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق سۆز باشلىدى:

ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل ـ ئىدراك ئاز، تەبىئىي بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ھەمىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتاقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئادەم بالىلىق دەۋردىن ئۆتۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل پاراسەت نۇرلىرى يورۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەقىل، يەنە بىرى نەپسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە، بۇنداق كىشى پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئۇ تەبىئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەپسى ئۇنى ھەر قانداق ھاۋايى ھەۋەسكە، يامان، چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلالىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ. ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ روھانىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ. قىرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋردىن باشلىنىدۇ. كىشى ياشلىقتا قايسى ئىشقا مايىل بولسا، قېرىغاندىمۇ

ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ. ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە، قېرىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ.

ئارىستوتىل ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلىنى چاقىرىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— ئوغلۇم، ئۆز ھاياتىمنى ئىلىم- ھېكمەتنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇش يولىداسەرىپ قىلدىم: ئىلىم- ھېكمەت نۇرى بىلەن كۆپ تۈگۈنلەرنى يەشتىم. ئەمما ئۆلۈمگە كەلگەندە چارە تاپالمىدىم. ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى ئوغلۇم، مالۇ دۇنيا ئارقىسىدا ئاشۇرۇلغان ئىززەت ئابرۇيدا ۋاپا يوق. ھۆرمەت- ئىززەت، شان- شەرەپ، ئىلىم- ھېكمەتتە، ئىلىم -پەن نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن شان- شۆھرەت پانىي ۋە زاۋاللىقنى بىلمەيدۇ، دۆلەت ۋە سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ.

ئوغلۇم، شاھلار سېنىڭ ئاتاڭنى ئىلىم- بىلىمى تۈپەيلىدىن قەدىرلىدى. ئۇنداق بولمىسا، ئاتاڭمۇ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئادەم ئىدى. شاھلار تەۋەلىكىدىكى ئادەم شاھلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىدۇ ۋە باش قويىدۇ. ئالىملار بىلەن نادانلار ئوتتۇرىسىدا يەر بىلەن ئاسمانچە پەرق بار.

ئاتاڭنىڭ ئىلمى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ پادىشاھلار ئۈچۈن كىتاب يۆكلەنگەن ئېشەكتىن پەرقى يوق ئىدى. ئۇلارغا تىزلىنىدىغان ۋە خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرىدىغان بىر ئاددىي چاكار بولاتتى، خالاس.

ئىززەت- ھۆرمەتكە لايىق بولاي، نامىم ئەبەدىي قالسۇن دېسەڭ، تىرىشىپ بىلىمىڭنى ئاشۇر!

ئارىستوتېل يەنە ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دېگەنىكەن:

ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا غەيرەت قىل؛ ئالىم، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ھەمسۆھبەت بول؛ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئال. نادان، بېخىل، ھەسەتخور، ئىككى يۈزلىمە كىشىلەردىن ھەزەر قىل. ھەركىم يالغانچى ۋە ھىيلىگەر بولسا، ھىممەت ۋە مەرھەمەتتىن يىراقراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرىلىق ۋە توغرا سۆزلۈك ئېسىل پەزىلەتلىك يالغانچىلىق ئەسكىلىكنىڭ ئانىسى.

نادان دوست پايدا يەتكۈزنمەن، دەپ زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بېخىل ئادەمدىن بىرەر نەرسە سوراپ ئابرۇيىڭنى تۆكمە؛ كۆڭلىدە كىر ۋە ئاداۋەت ساقلىغان ئادەم پۇرسەت تاپقاندا سېنى خاراب قىلىدۇ؛ ئىككى يۈزلىمە، پاسىق كىشى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سېنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

ھۆرمەتلىك يىگىت، ھەر ۋاقىت ئاقىللارنىڭ يۇقىرىقىدەك نەسىھەتلىرى ئېسىڭىزدە بولسۇن. ھەربىر قەدىمىڭىزنى باسقاندا ئويلاپ بېسىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئاخىرقى پۇشايمان ئۆزىڭىزگە دۈشمەن بولىدۇ.

# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئاياللارغا بېرىلىپ كېتىش ھالاكەتنى چىللايدۇ

بەزىدە ئۇنداق قىلىش كېرەك، بۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ ۋەزخانلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان ھېكايەتنى سۆزلەش ئەھمىيەتلىكتۇر. قېنى تۆۋەندىكى ھېكايەتكە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ: ئارىستوتېلنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. دائىم دەرس ھالقىسىدا ئۆگىنىشكە مەشغۇل ئىدى. ئارىستوتېل ھېكىم ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيە قىلىپ، بارلىق مەخپىي ئىلىملەردىن تەلىم بېرەتتى، ئۆگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىت ئارىستوتېلنىڭ تۆت يۈز ھېكىم ۋە ئالىم شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بىلىملىك، بارچىسىدىن دانا بولۇپ يېتىشتى. ئىلىم-ھېكمەتتە ئارىستوتېلدىن قالسىلا ئاشۇ يىگىت تۇراتتى. ئارىستوتېل ھېكىمنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ يىگىتنى ئىسكەندەرگە خاس مۇلازىم قىلىمەن» دېگەن خىيالى بار ئىدى. ئۆزى بىر ياقلارغا كەتكەندە بۇ شاگىرتنى ئۆز ئورنىدا ئورۇن باسار قىلىپ قالدۇرماقچى ئىدى. بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ مول ھېكمەتلىرى بىلەن ئەپلاتۇنغا ھەمكار بولۇپ، ئىسكەندەرگە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دانىشمەن شاگىرت بىر يول بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىرتتىكى بىر يەرگە باردى. شۇ توپەيلىدىن ئۇ بىرسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئاي سۈپەت گۈزەل قىز ئىنتايىن تاش يۈرەك ئىدى. ئۇ ناز-كەرەشمە بىلەن كۇپپارلار بۇتخانىسىدىن چىقتى. يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ، بۇ شاگىرتنىڭ دىلىنى ۋە ئىمانىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇ يىگىت ئۇ كۈمۈش تەنلىك نازىنىننى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىدا زار بولدى. شۇندىن كېيىن يىگىت ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە بەل باغلاپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىلەن ئارىغا كىشى قويدى. ھەددى-ھېسابسىز خەزىنە ۋە جاۋاھىراتلارنى خەجلەپ، ئۇ دىلرەبانى ئۆزىگە رام قىلدى. ئاخىر نىكاھىغىمۇ ئالدى. يىگىت بۇ گۈزەل سەنەمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن، خۇددى كۇپپارلار بۇتپەرەس بولغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ گۈزەل قىزغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇقەدەر شەيدا ۋە مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى، كىتاب سەھىپىلىرىگە قاراپمۇ قويماستىن، ئاشۇ گۈزەلنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ رۇخسارىدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆز ئايالىغا مەستانە بولۇپ كەتكەچكە ئۆگىنىشتىنمۇ توختىدى.

ئارستوتېل بۇ شاگىرتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنى پەند-نەسىھەت بىلەن ئوقۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. قانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يىگىتكە تەسىر قىلمىدى. ئۇ يىگىتكە نەچچە يىلدىن بېرى ئۆگەتكەن ئىلىم-ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسى زايا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تەڭداشسىز ئالىم قانچە-قانچە چارە-تەدبىر ۋە ئوي-پىكىرلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى. بۇنى ئۇ شاگىرتىدىن مەخپىي تۇتتى.

ئارستوتېل پەيتنى پايلاپ تۇرۇپ، بىر خەتەرلىك دورىنى ئۇ

گۈزەل نازىنىنغا يېگۈزۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئاي يۈزلۈك جانان ئاھۇ-پىغان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا زەئىپلىك ئۈستىگە زەئىپلىك يۈزلەندى. ئاغرىق ئازابىدىن ئوتقا چۈشكەن قىلىدەك تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ يىگىت قانچىلىغان چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. يىگىت ئايالىنىڭ نالە-پەريادىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ رەنجۇ ئازابلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، يۈرىكى چەككە يەتتى. يىگىت شۇندىن كېيىن بىچارە بولۇپ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خىجالەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇستاز ئارستوتېل بۇ شاگىرتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

سەن بۈگۈن ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەرگىن، مەن بۇ گۈزەلنىڭ ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ، ئۇنى ساقايتاي، دېدى ئارستوتېل شاگىرتىغا.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كەتتى. ئارستوتېل بۇ پەرى پەيكەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئىچىنى كېسەلدىن تازىلىغۇچى سۈرگە دورىلىرىنى تەييارلاپ ئىچۈردى. ئۇستاز ئۆز مۇلازىملىرىغا:

سىلەر بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكتە ھوشيار ئولتۇرۇڭلار، بۇ ئاغرىقنىڭ ئىخراج قىلغانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تۆكمەي بىر ئىدىشقا يىغىپ ساقلاڭلار، دېدى.

ئۇستاز بۇ كۆلبىدىن چىقىشى ھامانلا، بۇ ئىخراج قىلغۇچى ئۆتكۈر دورىلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ نازىنىننىڭ ئىچكى ئەزاسىدىكى بارلىق غەلىغەشلەرنى سۈرۈپ، ئىخراج قىلىپ قەي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئارستوتېل ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىخراج سەۋەبىدىن ئۇ بىمارنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. بىر تەرەپتىن قەي قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى سۈرۈپ، جىسمىدا بىر قەترە قان ياكى بەلغەم ياكى سەۋدا ۋە ياكى سەپرا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئاق بەدەننىڭ گۈزەللىك تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كەچ كىرگەندە شاگىرت قايتىپ كەلدى. ئارستوتېل ئۇنىڭغا:

— كىرىپ مەھبۇبىڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

يىگىت ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا قارىدى. ئۆيدە چىرايى ئاتىرىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان، كۆرۈمسىز بىر ئايال ياتاتتى. يىگىت ئۆز ئايالىنى تونۇيالمىدى.

— مېنىڭ گۈزەل بەدەنلىك، ئاي يۈزلۈك مەھبۇبۇم قېنى؟! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد قىلىپ.

دانىشمەن ھېكىم ئۆز شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، مۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

— بىمارنىڭ ئىخراج قىلغان غەلغەشلىرى ئېلىنغان ئىدىشنى ئەكىلىڭلار. بۇ شاگىرت ئۇنى كۆرسۇن. چۈنكى بۇ شاگىرتنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئەنە شۇ غەلغەش ۋە قۇسۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىش كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر قىسما قۇسۇقلار، قان، بەلغەملەر ۋە نىجىس، مەكرۇھ ماددىلار تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدبۇي پۇراقلىرى ئۆينى بىر ئالدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى ئېلىشىپ، ئەتلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شاگىرت بولارغا قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى.

— ئەنە، ئالغىن، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئىدىشنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك ئامرىقىڭ ئەنە ئاشۇ. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنە ئاشۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ كەلدىڭ.

يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئارستوتېل بۇ شاگىرتىنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئوخشاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئايالىڭغا چارە قوللاندىم. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىدىم، دېدى.

شۇنداق، كۆڭۈل بويىچە ئايالغا بېرىلىپ، بىلىمگە ئىنتىلمەس بىكارتەلەپلەردىن بولۇپ كېتىش- يىگىتنى نەس باسقانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا قانداقلا ئەھۋال ئاستىدا بولمىسۇن ئۆزىڭىزنىڭ ئەل- ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيىتىڭىزنى قىز - ئاياللارغا بولغان ھېسسىياتىڭىزغا قۇل قىلىپ بېرىشىڭىزگە بولمايدۇ. چۈنكى يىگىت ئۈچۈن بۇ دۇنيادا قىز- ئاياللارلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىشلار كۆپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## قىزلارمۇ بوش ئەمەس

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن باشلاپ قىز- يىگىتلەر توي قىلىشتىن بۇرۇن قىزلارنىڭ يىگىتلەر ئورۇنلايدىغان شەرتى بولاتتى. مەسىلەن: ئوتتۇن يېرىش، ھەرخىل سوئاللارغا جاۋاب بېرىش دېگەندەك. ئەمما، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ خىل ئادەتلەر ئاستا- ئاستا سىقىپ چىقىرىلدى. ھازىر يىگىتلەر توي قىلماقچى بولسا، قىزنىڭ مال- دۇنيادىن باشقا قويىدىغان شەرتى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزى تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان يىگىتنى سىناپ كۆرۈپ، ئۆزى ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇرماقتا. كونىلاردا «سىنىمىغان ئېشەكنىڭ پۇتىنى تۇتماڭ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر قىزلارمۇ مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن يىگىتلەرنى سىناپ كۆرسە، يىگىتلەرمۇ سىناقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا، بۇنداق ئائىلە كەلگۈسىدە چوقۇم بەختلىك بولىدۇ. تۆۋەندىكىسى يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ سىنىقىدىن قانداق ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەكىللىك چۆچەكتۇر:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. شاھنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، 41 كۈنلۈك ئايغا ئوخشاش چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. شاھ پەرزەنت كۆرگەنلىكى

ئۇچۇن شادلىنىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆيۈشتۇرۇپ بېرىپتۇ - دە، قىزغا «بەرنا» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، مەلىكە بەرنا ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك قىز بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. قىز ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، ئاتىسى ئۇنى ئوردىدا قۇرئەندازىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 20 يېشىغىچە ئوقۇتۇپتۇ. مەلىكە پۈتۈن ئىلىملەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپتۇ. قىزنىڭ داڭقى پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە دانىشمەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بىقارار بولغان شاھزادە، بەگزادىلەر ئارقا - ئارقىدىن شاھقا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن مەلىكە بەرنا نىكاھلىنىش ھەققىدىكى مەسىلىھەتلەرگە جاۋابەن:

ئاتام مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسا، ماڭا لايىق بولغۇچى يىگىتمۇ ئۆزەمدەك ئاقىل ۋە دانا بولۇشى لازىم. ئەنە شۇنداق يىگىت بولسىلا، مەن ئاتامنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا تەييار، دەپتۇ.

شاھ قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. مەلىكە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ تەختكە چىقىپتۇ.

بەرنا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى شاھ سارىيىغا يىغىپ:

مېنىڭ41 سوئالىم بار، كىمكى مېنىڭ سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بېرىپ، مېنى قانائەت قىلدۇرالىسا، ئۇ مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى شاھزادە، مەيلى پېقىر - غېرىب بولسۇن، مەن ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىمەن، شاھلىقىمنى بېرىپ خىزمىتىنى قىلىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆزىنى دار ئاستىدا كۆرىدۇ، دەپتۇ مەلىكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ شەرتكە رازى بولغۇچىلار مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. بىراق نى-نى مەشھۇر شاھزادە ۋە بەگزادىلەرمۇ قىزنىڭ سوئالىغا تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. جاۋاب بېرەلمىگەن ھەر بىر يىگىت دارغا ئېسىلغاندا، قىز ئۇلارغا تەنە قىلغاندەك:

ھەركىم ئۆز ھالىنى بىلمىسە بىھۇدە ھالاك بولىدۇ! دېگەن سۆزنى بىر قېتىم تەكرارلاپ قويىدىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ بىر يېزىسىدا ئوتتۇنچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان قېرى بوۋاينىڭ ۋايىت دېگەن ئوغلى بىر كۈنى مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىپتۇ.

ئەي يىگىت، سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلمەي، تالاي يىگىتلەر ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. ئۆز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن رايىڭدىن قايت! دەپتۇ مەلىكە يىگىتنى قايتۇرماقچى بولۇپ.

ئادەملەر ئۆز بەختىنى ئۆلۈمدىن قورقماسلىق بىلەن تاپالايدۇ. سىزنىڭ مۇبارەك قولىڭىزدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن بەخت، دەپتۇ ۋايىت ئىككىلەنمەي.

نەدىن كەلدىڭ؟

ئاتا-ئانامنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن، رەھمىتىدىن كەلگەنلىكىم ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ؟

نەگە بارىسەن، تۇرار يېرىڭ قەيەردە؟

ئاشىق كىشى ئۈچۈن يۇرتنىڭ يېتى يوق. ئەل ئوغلى ئۈچۈن ھەممە يەرماكان، مەن سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يەتكىلى كەلدىم.

ئىنسانىڭ ئالىي پەزىلىتى نېمىدە؟ دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

ئۆز بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۆز ئېلىگە، خەلقىغە، دوستىغا خىيانەت قىلماسلىقتا، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ

يىگىت.

پۈتۈن دۇنياغا شاھلىق قىلغانلار بولغانمۇ؟

بولغان، دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان جاھان شاھلىرىدىن: سۇلايمان، ئىسكەندەر، نەمرۇت ۋە شەددەت قاتارلىقلار ئۆتتى. بىراق ئىلمى- ھېكمەت جەھەتتە ياراتقان ئەمەلىي تۆھپىسى بولمىغاچقا، دۇنيادا ئۇلارنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، خالاس.

كىشىلەر قايسى ياخشىلىقتىن قاچىدۇ، قايسى يامانلىقنى سوۋۇيدۇ؟

بەزى كىشىلەر قار- يامغۇردىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئارتۇق مال- دۇنيا، قۇرۇق پىتنە- پاساتنى سۆيىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئادەتتۇر. دەلىل شۇكى: سىزمۇ خەلقنىڭ قان- تەر بەدىلىگە كەلگەن غەزىنىڭىزنى سۆيىسىز.

ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نېمە؟

تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر.

قانداق كىشى رەھىمدىل ۋە قانداق كىشى رەھىمسىز، بېخىل بولىدۇ؟

يوقسۇزلۇق، ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەرقانداق كىشى رەھىمدىل كېلىدۇ، بايلار بېخىلىق ۋە بىخىللىقتا مەشھۇر، بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان.

دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە نېمە؟

ئالەم بوشلۇقى، شۇنداقلا پادىشاھلارنىڭ ئادالىتى؛ ئالىملارنىڭ ئىلمى- ھېكمىتىدىن ئارتۇق كەڭلىك يوق.

دۇنيادا سانسىز ۋە چەكسىز نەرسە نېمە؟

جانلىق سانسىز، ئالەم چەكسىزدۇر.

ھاياتلىقنىڭ ئەۋزەللىكى نېمىدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com



ئىلىم- مەرىپەت، ھالال مېھنەت، پاك مۇھەببەتتە.

تويماس نەرسە ئۇچراتتىڭمۇ؟

ئۇچراتتىم كۆز قاراپ تويمايدۇ، مۇھەببەتلىك كىشىلەر بىر- بىرىگە، ئوت ئوتۇنغا، ئالىم ئىلىمگە، باي مالغا، ئادەم ئۆمۈرگە تويمايدۇ.

مەلىكە بەرنا كۆڭلىدە «بەللى ئەزىمەت!» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن يەنىلا تەن بەرمەي، مەغرۇرلۇق بىلەن سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئادەم نېمىدىن خارلىنىدۇ؟

ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم- مەرىپەتنى، ھۈنەرنى، ھالال ئەمگەكنى خورلىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى خارلىققا قېلىپ ۋەيران بولۇشى مۇقەررەردۇر.

نېمىلەر بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدۇ؟

ساقلىقتىن- ئاغرىق، ھاياتلىقتىن- ماماتلىق، توقلۇقتىن- ئاچلىق، خۇشاللىقتىن- خاپىلىق مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

خىزمەت قىلىشتىن يانماسلىق كىمگە مەنسۇپ؟

بالا ئاتا- ئانا خىزمىتىدىن، مەرت ئەل خىزمىتىدىن، ئۆي ئىگىسى مېھمان خىزمىتىدىن يانمايدۇ.

ئادەم نېمىدىن نومۇسقا قالىدۇ؟

چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، يالغان بوھتان قىلىش، دۈشمەندىن ياردەم، بېخىلدىن ياردەم تىلەش ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟

غېرىبلىق، جۇدالىق، موھتاجلىق.

ئۇستازى يوق ھۈنەرۋەن بارمۇ؟

بار، مۇھەببەتلىك يۇرەك ئۇستازسىز ھۈنەرۋەندۇر.

نېمە بايلىق ھېسابلىنىدۇ؟

سالامەتلىك ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشتىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئادەمنىڭ يامان دۈشمىنى قايسى؟

ئەجىرسىز تويلانغان مال ـ دۇنيا تېپىلماس دۈشمەندۇر.

مېنىڭ ئەلتىپاتىمغا سازاۋەر بولۇشنى خالامسەن؟

سىزنى خىيال قىلىش بىلەن خۇشالمەن.

ۋاپىتنىڭ جاۋابىدىن تولۇق قانائەتلەنگەن مەلىكە بەرنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋاپىتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپ ئالتۇن تەختكە چىقىرىپتۇ ـ دە:

مەن سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە بولۇشقا رازىمەن، دەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ.

داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي چېلىنىپتۇ، زىلچە ـ گىلەملەر سېلىنىپتۇ، داش قازانلار ئېسىلىپتۇ، زىنداندىكىلەر ئازات قىلىنىپ، مۇراسىمغا قېتىلىپتۇ، راۋاقلارنىڭ ئۈستىدىن تەڭگە ـ تىللا چېچىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا بولۇپتۇ، مەلىكە بەرناغا ئۆيلىنىۋالغان ۋاپىت ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ بەختلىك ياشاپتۇ.

شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز مەن دېگەن يىگىت دەپ ئۆزىڭىزنى ئەۋلىيا چاغلىماڭ. قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەرلەر قىلالمىغاننى قىلىپ، ئەرلەر بىلەلمىگەننى بىلىپ، يىگىتلەرگە تېگىشكۈسىز قىممىتىنى نامايان قىلغان قىزلار تالايدۇر. مەسىلەن: نۇزۇگۇم، ئىپارخان، ئامانىنساخان، رىزۋانگۈل... قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرى شۇنداق ئەمەس؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ —

## يولىڭىزدا داۋان بار

هۆرمەتلىك كىتابخان، سىز ئاتاقلىق دىراماتورگ زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسىنى كۆرگەنسىز ۋە رادىيودىن ئاڭلىغانسىز. بۇ دىرامىدا، ئاساسەن زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئۆتكەن غۇنچەم بىلەن نۇرۇمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيىسى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ياشنىڭ شېرىن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشماي، بىر بىرىدىن جۇدا بولۇشىغا شۇ جەمئىيەتتىكى فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ زۇلۇمى سەۋەب بولغاندىن تاشقىرى، غۇنچەمنىڭ ئانىسى زورىخاننىڭ كاتتا توي قىلىپ بېرىش كويىدا بولۇشتەك ئابرۇيپەرەسلىكمۇ سەۋەپ بولغان. زورىخاننىڭ «ئەجەپ ئوبدان توي بولدى» دېگۈدەك توي قىلىش ئويى ساپ مۇھەببەتلىك ئىككى ياشنىڭ مۇرات - مەقسىتىگە يېتىشكە توسقۇن بولغان ئېگىز داۋان بولۇپ قالغان، بۇ كونا جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى.

بىز هازىر سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى ۋە ئەركىن نىكاھلىنىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن هازىرلاپ بەردى. دۆلىتىمىز ياشلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ

ئەركىنلىكنى تەكىتلىمەكتە ۋە ئۇنى قانۇن-تۈزۈم بىلەن قوغدىماقتا. بۇنىڭ بىلەن، ياشلارنىڭ نىكاھلىنىشقا جەمئىيەت تۈزۈمى جەھەتتىن كېلىدىغان توسقۇنلۇق پاچاقلاپ تاشلاندى. لېكىن، ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلار تەرىپىدىن كېلىدىغان توسقۇنلۇق تېخى بار. بەلكى قىسمەن دائىرىدە بارغانسېرى ئېگىز داۋانغا ئايلانماقتا. شۇ سەۋەپتىن بەزى قىز-يىگىتلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن لايىقلىرى بىلەن مۇھەببەت باغلاشقا ياكى مۇھەببەت باغلىغان بولسىمۇ، توي قىلىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ.

بۇ توسقۇنلۇق زادى نېمە؟ بۇ، ئاساسەن قىز تەرەپنىڭ يىگىت تەرەپكە تويلۇقنى ئىنتايىن ئېغىر سېلىشى، تويىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىشى، ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىدىن ئىبارەت. تويلۇقنىڭ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر بولۇشى قىز-يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش مۇددىتىنى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋېرىدىغان، ھەتتا مۇھەببەت باغلىغىلى خېلى ئۇزاق بولغان قىز-يىگىتلەرمۇ توي قىلالماي ئايرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى پەيدا قىلماقتا. بەزى يىگىتلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تويلۇقنىڭ ئېغىر سېلىنىشى، بۇنىڭغا ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن، توي قىلىش ھەققىدە ئېغىز ئاچالماسلىق، بەزى كۆپ ئوغۇللۇق ئائىلىلەر بىر-ئىككى ئوغلىنى ئۆيلىگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ماغدۇرىدىن كېتىپ، قالغان ئوغۇللىرىنى ئۆيلەشكە قۇربى يەتمەسلىك ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە بەزى قىزلارغا ئەلچى كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تويلۇقنى ئېغىر سالغانلىقتىن، ئەلچى ئەۋەتكۈچىلەر توي قىلىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېنىۋېلىش، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باشقىلارمۇ ئۇ ئائىلىگە ئەلچى ئەۋەتىشتىن ھەزەر ئەيلەش. نەتىجىدە، قول يەتمىگەن ئالما ئاچچىق دېگەندەك ئۇ قىزلارغا قول ئۇزۇتىدىغان لايىق چىقماي «ئاچچىق»پېتى قېلىۋېرىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر قىسما سۆز-چۆچەكلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قېلىش ياكى كۈتۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ ئۆز قىزىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ئېچىلىشىغا، ئارزۇ ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇن بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېخى دېگۈدەك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىگەن، شۇنداقلا باراۋەر بولمىغان ئەھۋالدا، تويلۇق ئۈچۈن قىممەت باھالىق ئېسىل رەختلەردىن تۆت پەسىللىك كىيىم-كېچەك، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئېسىل ئاياغ، چەت ئەلنىڭ سائىتى، ياغلىقى قاتارلىقلارنى سېلىش، ھوجرىنى زىلچا-گىلەم، سىنىم كارۋات، ھەرخىل كرسلو، ئېگىز-پەس ئىشكاپ، ھەرخىل شىرە، ئۈستەل، ئورۇندۇقلار بىلەن بېزەشنى، رادىيو قوبۇللۇغۇچ، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، كىر يۇيۇش ماشىنىلىرىنى تەقمۇ-تەق قىلىشنى تەلەپ قىلىش، بۇنى ئاز دەپ، نەچچە مىڭ يۈەنلەپ سۈت ھەققى، ئاتاجەمەتتىن تارتىپ ئانا جەمەتكىچە بولغان يەتمىش پۇشتىنىڭ ھەر بىرىگە بىر كىيىملىكتىن ئېسىل رەخت، قىزنىڭ ئاچا-سىڭىل ۋە ئاكا-ئۇكىلىرى ئۈچۈن دۇراپ ياكى سوكنادىن كىيىم قىلدۇرۇش ئوغۇل چوڭ قىلغان ئائىلىلەر ئۈچۈن چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز داۋان.

تويلۇقنى بۇنچىۋالا ئېغىر سېلىش قىز بالىنى تاۋار ئورنىدا ساتقانلىق ئەمەسمۇ؟ بەزى قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇل تەرەپكە سېلىنغان تويلۇقنىڭ بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا ياكى نېسى قالسا،

قىلچە تەپ تارتماستىن، قىزنى قوشۇپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. قىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان رەختلەر ئاددىراق بولۇپ قالسا، غۇدىرايدۇ. ھەتتا ئۇنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ تويلۇق ئېلىنغان قىز بۇ تويلۇقلارغا مەرتلىك بىلەن پۇل چىقىم قىلغان يىگىتكە ئۆمۈرلۈك ھەمرا بولۇپ ئۆتسىچۇ كاشكى! كۆپلىگەن ئاق كۆڭۈل ئاتا-ئانىلار قىزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ ئۇنى بىر ئەر بىلەن ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار قىزنى بايلىق توپلاشنىڭ دەسمايىسى قېلىۋېلىپ، ئۇنى تۇرمۇشقا چىقىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كۈيئوغلىدىن ياكى قۇدىلىرىدىن تۇتامغا چىقمايدىغان بىر ئۇۋەنى تاپىدۇ-دە، قىزنى ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ. يىگىت تەرەپ نۇرغۇن سوۋغا سالام بىلەن كېلىنىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلسە، ئىنساپقا كەپقالغان بولسا قىزنى قوشۇپ بېرىدۇ. بولمىسا ئۇلارنى سوغۇق گەپ بىلەن يولغا سالىدۇ. ئاقىۋەتتە، يېڭى توي قىلغان بىر جۈپ ياش بىر-بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ، قىز-يىگىتلەر ئۈچۈن نېمە دېگەن ئەلەم! يىگىت تەرەپ ئۈچۈن نېمە دېگەن زور زىيان!

بىز ھەرگىز يىگىتلەر بىلەن قىزلار ھېچقانداق بەدەلسىز توي قىلىشى كېرەك دېمەكچى ئەمەس. مىڭبىر جاپادا ئوغۇل چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىلار باشقىلارنىڭمۇ مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلغان ۋە ئەتىۋارلاپ باققان قىزنى ھەقسىزلا كېلىن قىلىۋېلىشنى ئەلۋەتتە راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار ئۆز قۇدرىتىگە يارىشا ۋە ئۆز لايىغىدا تويلۇق ئالماي قالمايدۇ، بەلكى قۇدا تەرەپ رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ئالىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنى تۇرمۇشقا چىقىرىش باھانىسى بىلەن بايلىق توپلىۋېلىش كويىدا بولماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تـولاراق قـىزنىڭ ياخشى كۆرگـەن يىگىتى بىلـەن قـانداق قىلىپ ئۆمۈرلۈك ئەر- خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشنىڭ كويىدا بولۇشى، تويدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا قىينالماي، ئىقتىسادتا قىسىلماي ئۆتۈشىنى كۆپرەك ئويلىشى، شۇ سەۋەبتىن تويلۇقنى مۇۋاپىق سېلىشى يەنە تويلۇقنى قىز- يىگىتلەرنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىش يولىدىكى ئېغىر داۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، تۇرمۇش قۇرۇش ۋە تۇرمۇشقا چىقىش «ئۆمۈرلۈك سودا» بولۇپ، قىز- يىگىتلەرنىڭ تۇنجى تويىدىن كېيىنلا ئۆمۈر بويى ئىناق ئۆتۈپ كېتىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بىرىنچى مۇھىم مەسىلە، شۇنداق ئىكەن، ئۆزى ئىختىيار قىلىشقان قىز- يىگىتلەر مۇۋاپىق تويلۇق بىلەن توي قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، قالغان كەم- كۇتسىلىرى ۋە ئۆي جاھازىلىرىنى ئۆزلىرى بىرلىكتە ئىشلەپ، بارا- بارا تولدۇرۇۋالسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، زۆرۈر تويلۇق كىيىم- كېچەكتىن باشقا، ھەممە جاھازىلىرىنىمۇ تويدىن ئىلگىرى تەل قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىش بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىقىش بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئورۇنسىز تەلەپ.

جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق قىزلارمۇ باركى، ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، پۇل ۋە مال- مۈلۈككە تېگىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزى بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان، دەردىگە دەرمان بولالايدىغان ياخشى بىر جورا تېپىشنى ئەمەس، بەلكى بايلىقتا، كىيىم- كېچەك ۋە زىبۇ- زىننەتكە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى قويغان شەرتلەر ھازىرلانمىغىچە توي قىلىشقا ماقۇل بولمايدۇ. ئۇلار ئاتا- ئانىسى تەرەپتىن كەلگەن توسقۇنلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئاتا- ئانىسىنىڭ خاتا ئىدىيىسى ۋە خاتا يولىنى قىزغىن قوللايدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ئېيتقان «مۇھەببىتى»نى ساپ مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى توي كۈنىنىڭ چىقىمى رەسمىيەتلىرىگە كەلسەك، بەزى ئائىلىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە تۇتقان يولى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بولۇپمۇ، بەزى قىز ئىگىلىرى نام-ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن، تويغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ مېھمان چاقىرىدۇ، لېكىن، بۇنچىۋالا كۆپ مېھماننى ئۈزۈتۈشقا كېتىدىغان چىقىمنىڭ ھەممىسىنى يىگىت تەرەپكە يۈكلەپ قويىدۇ. يىگىت تەرەپ ئۆز مېھمانلىرىغا تەييارلىق قىلغاندىن تاشقىرى، قىز تەرەپكە تاغارلاپ گۈرۈچ، تۇڭلاپ ياغ، تۇياقلاپ قوي، نەچچە يۈزلەپ نان، ھەتتا گازىر-پۇرچاق، قەن-گېزەك، پېچىنە-پىرەنىك ۋە ئوتۇن-كۆمۈردىن تارتىپ تۇز، چايغىچە ئاپىرىپ بەرمەي ئىلاجى يوق. بۇ نەرسىلەر ئاز ياكى كەم بولۇپ قالسا تېخى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تويدىن ئىلگىرى كىچىك چاي، چوڭ چاي، مەسلىھەت چېيى، تويدىن كېيىن ۋېچىركا، چىللاق دېگەن رەسمىيەتلەرمۇ بار، ھەتتا بەزى چوڭ چايلارغا يۈزگە يېقىن مېھمان چاقىرىلىپ، رەسمىي تويىنىڭ تۈسىنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇ رەسمىيەتلەرنىڭ چىقىمىنىمۇ يىگىت تەرەپ كۆتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يىگىت تەرەپنىڭ بىر توي ئۈچۈن قىلغان چىقىمى بىر نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە ئاز چىقىم ئەمەس. بەزى قىز ئىگىلىرىنىڭ چاقىرىشقا تېگىشلىك مېھمىنى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يىگىت تەرەپتىن كۆپرەك بىر نەرسە شۈلۈۋېلىش كويىدا، مېھمانلىرىنىڭ سانىنى قەستەن كۆپەيتىپ مەلۇم قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز قىزىنىڭ شۇ ئائىلىگە ئەزا بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ۋە شۇ ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ. يەنە بەزى قىز ئىگىلىرى تويغا كېتەرلىك نەرسىلەر ئۈستىدە يىگىت تەرەپ بىلەن سودىلىشىدۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتماي، كۆپرەك نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇنداق قىلىش تولىمۇ خەسىسلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى يىگىتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قىز تەرەپتىن ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويۇلمىسىمۇ «كاتتا توي قىلدى» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇش ياكى باشقىلار بىلەن بەسلىشىش ئۈچۈن، توينى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ-ئۆتۈپ كەتكەن ئابرۇيپەرەسلىك.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىزنىڭ توي-تۆكۈن ئىشلىرىمىز بارغانسېرى ئەسلىدىكى قېلىپىدىن چىقىپ، مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېسىل ئۆرپ-ئادىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، توي چىقىمى زورىمۇ-زور كۆپىيىۋېرىپ، يىگىت تەرەپكە تولىمۇ ئېغىر كېلىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: توي قىلغان يىگىت ئۆي جابدۇش، تويلۇق ۋە توي داستىخىنى ئۈچۈن كۆپ چىقىمدار ۋە قەرزدار بولىدۇ-دە، بىر نەچچە يىلغىچە قەرز تۆلەپ، تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق، ئوخشاشلا شۇ ئۆيگە كىرگەن قىزنىڭمۇ زىممىسىگە چۈشىدۇ. توينى ھەشەمەتلىك ۋە بەتخەجلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تويدىن كېيىن قەرز تۆلىگەن ۋە تۇرمۇشتا قىينالغاندىن كۆرە، توينى ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئاددىيراق ئۆتكۈزۈپ قەرز تۆلەشكە كېتىدىغان پۇلنى ئائىلىگە سەرپ قىلغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېمەك بۇ جەھەتتە، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا ئەمەس، بەلكى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى ئويلىشىمىز كېرەك.

يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، توينى كۆپ پۇل خەجلىمەي، ئاددىي-سادىدا ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەنگەن يىگىتلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئامەتنى غەنىمەت بىلىپ، قېيناتا-قېينانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئايالىنى ھۆرمەتلەپ ياخشى ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاز بىر قىسمى ئايالىنى ھۆرمەتلىمەي، ئەكسىچە «ئەرزان پۇلغا كەلگەن

خوتۇن» دەپ قاراپ، كەمسىتىدۇ ۋە ھاقارەتلەيدۇ ياكى خوتۇن ئورنىدا كۆرمەي، ئۆزمە كۆڭۈللۈك قىلىپ، تالاغا قارايدۇ. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا «ساڭا ئەر چىقمىغاچقا، ئاتا-ئاناڭ سېنى ماڭا زورلاپ بەرگەن، خېتىڭنى ئال» دەپ قويىدۇ. «خوتۇن دېگەن مۇنداق ئەرزان بولىدىغان بولسا، بۇنى قويۇۋېتىپ يەنە بىرىنى ئالمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپ، يېڭىلا توي قىلىپ ئالغان خوتۇننى قويۇۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. بۇ ۋاپاغا جاپا قىلىش، كۆيگەننىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك بولىدۇ.

يەنە بەزىلەر توپلۇقنى كۆپ ئالماي، مېھمانلىنى ئازراق چاقىرىپ، توينى ئاددىي ئۆتكۈزگەن قىزلار ئۈستىدە ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قىسما سۆز چۆچەكلەرنى قىلىشىدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا، ناچار كەيپىياتنى چەكلەشكە پايدىسىز. ئەگەر ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە، توينى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئاددىي-ساددا قىلغان قىز-يىگىتلەرنى ئەمەس، بەلكى توپلۇقنى ئېغىر سالغان، توينى ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ بەتخەجلىك قىلغان ۋە ئىناق ئۆتەلمەيۋاتقان قىز-يىگىتلەرنى ئەيىبلەش كېرەك.

چۈنكى، توينى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە ئىسراپچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋە رىئايە قىلىۋاتقان ئىدىئولوگىيەسى، نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ناچار كەيپىيات. بۇنداق ناچار كەيپىياتقا قارشى كۈرەش قىلمىساق ۋە ئۇنى تۈزەتمىسەك، ياشلىرىمىزنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئاتا-ئانىلار ياكى بىر تۇغقانلارنىڭ قىز-يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەت باغلىشى ۋە نىكاھلىنىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىمۇ نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بالىلىرىنىڭ توي ئىشىنى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ئۆتكۈزۈشكە «بەل باغلاپ» قويغان بەزى ئاتا-ئانىلار قىزى ياكى ئوغلىنىڭ مەلۇم بىر يىگىت ياكى قىز بىلەن مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان قويقا چىچى تىك تۇرىدۇ-دە، بىر ئوبدان تېپىشقان ۋە سىرداشقان بىر جۈپ «ئاشىق-مەشۇق»نى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئۆزلىرى كۆڭلىگە پۈككەن يەردىكى «لايىق» بىلەن توي قىلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنى بۇنىڭغا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئالدايدۇ. ئالداش ئۈنۈم بەرمىسە؛ تەھدىت سالىدۇ، تەھدىت سېلىشتىن نەتىجە چىقمىسا، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ قاتتىق بېسىم ئاستىدا قالغان بىر جۈپ «ئاشىق-مەشۇق» ئۆزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە ياكى مۇشۇنداق فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ قۇربانى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ياكى بولمىسا قىلچە تونۇشمايدىغان، سىرداشمايدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ باقمىغان قىز (ياكى يىگىت) بىلەن زومۇ-زور توي قىلىدۇ-دە، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ ئۆتۈپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇڭا ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئاتا-ئانىلار مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ غېمىنى يېمەي، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ئويلىماي قالمايدۇ. لېكىن، پەرزەنتلەرنى مەجبۇرىي نىكاھلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك باي ئائىلىگە كېلىن بولغان قىزنى «بەختكە ئېرىشتى»، نامرات ئائىلىگە كېلىن بولغان قىزنى «غۇربەتچىلىكتە قالدى» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشنىڭ

باياشات بولۇشى بەخت-سائادەتنىڭ بىر تەرىپى. ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە خۇشال-خۇراملىق بەخت-سائادەتنىڭ يەنە بىر تەرىپى. بۇ ئىككى تەرەپ بىرلەشكەندە بىر پۈتۈن بەختلىك تۇرمۇش بەرپا بولىدۇ. مۇنداق بەختلىك تۇرمۇشنى ھەر كىم ئۆز ئەمگىكى بىلەن يارىتىدۇ ھەم يارىتىشى كېرەك. ئەگەر قىز-يىگىتلەر ئۆزى سۆيگەن جۈپتى بىلەن توي قىلىپ بىللە ئىشلەپ، شات-خۇرام ياشىسا «سوغۇق سۇ ئىچسەكمۇ، كۆڭلۈك تىنچ بولسۇن» دېگەندەك قېيناتىسى، قېينانىسى بىلەن ئىناق ئۆتسە، بەخت دېگەن شۇ. ئەگەر قىزلار تۇرمۇشتا باياشات ئائىلىگە كېلىن بولغان تەقدىردىمۇ كۆڭلى سۇ ئىچمىسە، ئېرى ۋە قېيناتىسى، قېينانىسى بىلەن ئىناق ئۆتەلمىسە، بۇنداق باياشات ئائىلە ئۇ قىز ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ئائىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇنى قانداقمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى دېگىلى بولسۇن! شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىغا يېنىكلىك بىلەن ئارىلاشماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشىنى قوللىشى ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەرزەنتلىرىگە گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە بېرىش؛ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ كەتمەسلىك، توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، بىر-بىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ.

پەرزەنتلەرمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى، ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشى، پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق نەسىھەتلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ۋە بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىنى يەردە قويماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



[illegible] قىسقىنىسى، نىكاھ ئىشلىرىدا تويلۇقنى ئېغىر سېلىش، تويلى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش، ياشلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا توباللىق بىلەن ئارىلىشىشتەك ئېگىز داۋانلارنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل ئۆرپ-ئادىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. [illegible]

[illegible] دېمەك، يىگىتلەرنىڭ ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان داۋانلار ئاز ئەمەس. ئەنە شۇ داۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ داۋانلارنىڭ بىرى تويى قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل داۋاندۇر. شۇڭا يىگىتلەر ھەرۋاقىت ھوشيار بولۇشى، قىز تاللىغاندا ئويدان ئويلىشىشى لازىم. [illegible]

[illegible]

[illegible]

# ئي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — بىلىمسىزلىك قەدىرسىزلىكتۇر

1730- يىلى ئاخىرىدا، ئىزغىرىن سوغۇق بولۇۋاتقان بىر كېچىسى، روسىيىنىڭ شىمالىدىكى ساھىلىدىكى ئارىلىنىڭ مىشانىنسكايا دېگەن بىر مەھەللىدە 19 ياشلىق بىر بالا ئائىلىسىدىكىلەر ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى كۆينەك ۋە بىر جۇۋىنى كىيىپ، شۇ كۈنى كۈندۈزى قوشنىسىدىن ئۆتنە ئالغان ئۈچ رۇبلى پۇلى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان «سىلاۋيان تىلى گىرامماتىكىسى»، «ئارىفمېتىكا» دېگەن ئىككى پارچە كىتابىنى ئېلىپ، ئوغرىلىقچە ئۆيىدىن چىقىش بىلەن ئۆزى شۇ كۈنى كۈندۈزى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقۇۋالغان بىر بېلىق ساتقۇچىلار كارۋىنىنى تاپقان ۋە ئۇزاق يوللارنى پىيادە بېسىپ، ئۇلار بىلەن بىللە موسكۋاغا بارماقچى بولغان. ئۇ، يول بويى قار- شىۋىرغان ئىچىدە، مىڭبىر جاپالارنى چېكىپ، 1971- يىلى يانۋاردا موسكۋاغا يېتىپ كەلگەن. مانا مۇشۇ يىگىت- كېيىنكى چاغلاردا روسىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ قالغان لومونوسوۋ (1765-1711) ئىدى.

ياش لومونوسوۋ نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شۇنچە ئۇزۇن يولنى يىراق كۆرمەي پىيادە موسكۋاغا بارىدۇ؟

ئەسلىدە، لومونوسوۋ بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياشقا كىرگەندىن تارتىپلا، دادىسى بىلەن بىللە دېڭىزغا بېرىپ بېلىق
تۇتۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ئارالدا مەكتەپ بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ
دادىسىمۇ ساۋاتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەت ئۆگىنىش
پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قوشنىسى شۇبنوي
ساۋاتلىق ئادەم ئىدى، لومونوسوۋ ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپبە ۋە گىراماتىكا ئۆگەنگەن. ئۇ تىرىشىپ
شۇبنويدىن ئۆگىنىپ قالماستىن، شۇ ئەتراپتىكى ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ
ھەممىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسى
شۇنچە ئېشىپ بارغان، شۇبنوينىڭ ئۆيىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ
تۈگىتىپلا قالماستىن، باشقا قوشنىلىرىدىنمۇ كىتاب ئارىيەت ئېلىپ
ئوقۇغان. ئۇ چاغدىكى كىتابلار ئاساسەن دىنىي كىتابلار ئىدى، ئەمما
ئىككى كىتابنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان، ئۇ
بولسىمۇ «سىلاۋيان تىلى گىراماتىكىسى» ۋە «ئارىفمېتىكا» ئىدى.
بۇ ئارىفمېتىكا ھازىرقى مەكتەپلەردىكى دەرسلىككە تامامەن
ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭدا ئاددىي بولغان ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش
قائىدىلىرىلا بولۇپ قالماستىن، فىزىكا، گېئومېترىيە، دېڭىز قاتنىشى،
ئاسترونومىيە قاتارلىقلارغا دائىر ئاددىي بىلىملەرمۇ بار ئىدى. بۇ
كىتابلارنى ئوقۇش لومونوسوۋ ئۈچۈن ناھايىتى زور خۇشاللىق ئىدى.
كېيىن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ مول بىلىمگە ئىگە بولۇشىدا بۇ ئىككى
كىتابنىڭ ئاقارتقۇچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

لومونوسوۋ كىتاب ئوقۇشتىن لەززەت ئېلىش ئۈچۈن، كۆپ
چاغلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئەجىر سەرپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى
ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى ياقتۇرمايتتى، ئامال بار ئۇنىڭ
دادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇنىڭ
كىتاب ئوقۇشىنى ئىشتىن قېچىپ قىلىۋاتقان ئىش، دەيتتى. مۇشۇ

سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ دائىم دېگۈدەك قاتتىق سوغۇققا ۋە ئاچلىققا چىداپ، خىلۋەت دالىلارغا بېرىپ كىتاب ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل دادىسى ئۆز بالىسىنىڭ جان قويۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: «سەن پوپ بولۇشنى خالامسەن ياكى ئەمەلدار بولۇشنىمۇ؟» دەپ سورىغانىدا، ئۇ: «مەن ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن، پوپ بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايمەن»، «مەن بۇ دۇنيادا بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى بىلمەكچىمەن» دېگەن.

مول بىلىم ئېلىش ئۈچۈن لاتىنچىنى بىلىش لازىملىقىنى لومونوسوۋ ئالىبۇرۇنلا باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. ھالبۇكى، لاتىنچىنى پەقەت موسكۋاغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرگە بارغاندىلا ئۆگەنگىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سىرتقا چىقىپ ئوقۇش قارارىغا كەلگەن. لومونوسوۋنىڭ يېرىم كېچىدە چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ ئىدى.

ئۇ موسكۋاغا كەلگەندىن كېيىن، «سىلاۋيان — گرېك - لاتىن ئىنىستىتۇتى» گە كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنى باشقا شەھەرلىك ئاقسۆڭەك پەرزەنتى، دەپ نىقاپلاپ، ئاران دېگەندە بۇ ئىنىستىتۇتقا كىرىۋالغان، چۈنكى، ئۇ چاغدا دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىشى مەنئىي قىلىناتتى.

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇ دىنىي جەمئىيەت مەكتىپىدە ھەممە دەرسلەر لاتىنچە سۆزلىنەتتى. لومونوسوۋ بولسا لاتىنچە خەتنى زادىلا تونۇمايتتى. بىرىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا، ئوقۇتقۇچى بۇ دارازا ئوقۇغۇچىغا: «لاتىنچە ھەرپنى زادىلا تونۇمامسەن؟ ئەڭ ئارقىدىكى قاتارغا بېرىپ ئولتۇر!» دېگەن ئىدى. ئەسلىدە، لاتىنچە نەتىجىسىگە قاراپ ئىلگىرى - كېيىن ئولتۇرغۇزۇش، ئەڭ ياخشىلىرىنى بىرىنچى قاتاردا، ئەڭ ناچارلىرىنى ئەڭ ئارقىدىكى قاتاردا ئولتۇرغۇزۇش - بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەكتەپنىڭ قائىدىسى ئىدى. ئۇنىڭ بەزى ساۋاقداشلىرى دائىم ئۇنى كۆرسىتىپ: «قاراڭلار! ماۋۇ 20 ياشلىق دۆتنى، تېخى لاتىنچە ئۆگەنمەكچىمىش» دەپ كۇتۇلدىشاتتى. ئۇ زاڭلىق ئېتىش، مەسخىرە قىلىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پىسەنت قىلماي، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا لاتىنچە جۈملە تۈزۈشنى بىلىۋالغان. ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى كۈندىن-كۈنگە ئالدىغا سۈرۈلگىلى تۇرغان، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ 1-قاتاردىكى ئورۇندا ئولتۇرىدىغان بولغان.

تۇرمۇش جەھەتتە، لومونوسوۋغا كۈنگە ئاران ئۈچ كوپېك ياردەم پۇلى بېرىلەتتى، بۇ پۇل بىلەن بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى قامداشقا، جۈملىدىن تاماق يېيىش، كىيىم كىيىش، ئۆي ئىجارىسى تۆلەش ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ ئاچ-توق، ئىسسىق-سوغۇق ئۆتۈشى ئادەتتىكىلا ئىش ئىدى. ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيىدە، ئۇ ئۆي ئىجارىسى تۆلەشتىن تاشقىرى يەنە ئۆي ئىگىسىگە ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ، ھويلا-ئاراملارنى سۈپۈرۈپ بېرەتتى.

لېكىن تۇرمۇش شۇنچە غورىبەتچىلىكتىلە ئۆتسىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرە ۋە مازاق قىلىشلىرى شۇنچىلىك نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرسىمۇ، لومونوسوۋ يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق غەيرەت بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇ بىر يىلدا ئۈچ يىللىق دەرسنى ئۆگىنىپ بولغان. پەقەت بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپلا لاتىنچىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۆزلۈكىدىن گرېكچىنى ئۆگەنگەن. بىلىم ئېلىشقا تەشنا لومونوسوۋ دەرستىن سىرتقى ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى قىرائەتخانىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپلا قالماستىن، دائىم

موسكۋادىكى باشقا قىرائەتخانىلارغىمۇ بېرىپ تۇرغان، چۈنكى، بۇ قىرائەتخانىدا گرېكچە، لاتىنچە، سىلاۋيانچە، نېمىسچە ۋە باشقا ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلار بار ئىدى. ئۇ جان قويۇپ كىتاب ئوقۇغانسېرى، ئۇنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش، ھەقىقەت يولىدا ئىزلىنىش ئارزۇسى شۇنچە كۈچىيىپ بارغان. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ «مېڭىسى يولدا ئۇچرىغان نەرسىلەرنى تېرىۋېلىپ، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ جاۋەنگە تىزىپ قويىدىغان بىر خىل ئىقتىساتچىل ئىسكىلاتچىنىڭ ئىسكىلاتىغا ئوخشايدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن. بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىز توپلىنىپ بېرىشى بىلەن، ئۇنىڭ مېڭىسى بىر غەزىنىگە ئايلىنىپ قالغان.

ئۇ ئۆگىنىشتە ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا، يەنى 1735 ـ يىلى پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئىككىنچى يىلى سېنتەبىردە ئۇ يەنە باشقا ئىككى نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن، ئەلاچى ئوقۇغۇچى دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشىپ گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. گېرمانىيىدە، ئاۋۋال ماربۇرگ شەھىرىدە فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنى ئوقۇپ، مەخسۇس كەسىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىۋالغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن فرېيبۇرگ شەھىرىگە بېرىپ كانچىلىق ۋە مېتاللورگىيە كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئۇستازلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ گېرمانىيىدىكى بەش يىلغا يېقىن ئوقۇش ھاياتى ئارقىلىق بىلىم ـ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شۇ زامان ياۋروپاسىدىكى ئەڭ يېڭى ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سېلىۋالغان.

1741 ـ يىلى ئىيۇندا، لومونوسوۋ پېتېربۇرگقا قايتىپ كېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېلگىرى - ئاخىر بولۇپ، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئاسسىستېنت، پروفېسسور، مەسلىھەتچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئاساسى پۇختا سېلىنغانلىقى، بىلىمى چوڭقۇر ۋە مول بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئېلىپ بارغان ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسانىيەت ئىلىم - پېنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا دېگۈدەك چېتىشىپ، ئۇ رۇسلارنىڭ بىلىم مول ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن. روسىيە شائىرى پۇشكىن، لومونوسوۋنى رۇسلارنىڭ بىر ئالىي مەكتىپىگە ئوخشىتىپ، «ئۇ تارىخ ئالىمى، ئىستىلىستىكا ئالىمى، مېخانىكا ئالىمى، خىمىيە ئالىمى، مىنېراللورگىيە ئالىمى، سەنئەت ئالىمى ۋە شائىر ئىدى، ئۇ ھەممە ساھەنى بىۋاستە ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان» دېگەن ئىدى.

لومونوسوۋنىڭ ئىلمىي تۆھپىلىرىدىن بىرسى شۇكى، ئۇ ماددا بىلەن ھەرىكەتنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاش قانۇنىنى تاپقان ھەمدە ئۇنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن دەلىللەپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى تەبىئىي پەننىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي تېپىشىدا غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇ رۇسىيىنىڭ فىزىكىلىق خىمىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، «توغرا فىزىكىلىق خىمىيە مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئېلېكتر ئىلمى ۋە ئوپتىكا (نۇر ئىلمى) جەھەتتە، نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. چاقماق قايتۇرغۇچىنى لايىھىلەپ چىققان، شۇنداقلا كېچىلىك دۇربۇن، ۋاتېرپاس (شەيتان) قاتارلىقلارنى لايىھىلەپ ۋە ياساپ چىققان، مېتېورولوگىيە جەھەتتە، نۇرغۇنلىغان مېتېورولوگىيە ئەسۋابلىرىنى، مەسىلەن: ئانېموگىراف، دېڭىز قاتنىشىدا قوللىنىلىدىغان بارومېتىر قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلغان. ئاسترونومىيە

جەھەتتە، ۋېنېرا (زۆھرە يۇلتۇز) نىڭ تاشقى دائىرىسىدىكى ئاتموسفېرانى تاپقان، گېئولوگىيە جەھەتتە، يەر يۈزى قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئىلمىي پەرەز يارىتقان. جۇغراپىيە جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. تارىخ جەھەتتە، ئۇ «رۇسلارنىڭ قىسقىچە يىلنامە تارىخى ۋە نەسەبنامىسى»، «قەدىمكى رۇسلار تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، روسىيە تارىخىنى تۈزۈش ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق جەھەتتە، ئۇ يېڭى شېئرىيەت ژانىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، رۇس يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادكارلىرىدىن بىرى. ئۇ تۇنجى قېتىم رۇس تىلى بىلەن «ئىستىلىستىكا بوسۇغىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان. يىغىپ ئېيتقاندا، روسىيىدىكى نۇرغۇنلىغان يېقىنقى زامان ئىلىم-پەن تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتى لومونوسوۋنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى بىلەن ئالاقىدار.

لومونوسوۋنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشقا تەشنا تىرىشچان ۋە ئۆگىنىشچان بولغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈن، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، جان تىكىپ كىتاب ئوقۇغان. ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يەنە ۋە تاماقلىنىش قارىماي، بىلىملەرنى ئۆتتۈرلۈق يىغىپ ۋە توپلاپ ماڭغان، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇنىڭ توپلىغان بىلىممۇ كۆپىيىپ بارغان. نەتىجىدە ئۇ چوڭقۇر ۋە مول بىلىملىك ئالىم بولۇپ چىققان.

لومونوسوۋنىڭ 20 يېشىدا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتاقلىق ئالىم بولۇپ چىققانلىقى ئۆگىنىش قەدىمى كېچىكىپ تاشلانسىمۇ كارايىتى يوقلۇقىنى، ئىرادە باغلاپ، جىددىي تۇتۇش قىلغاندىلا، ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، چوڭقۇر ۋە مول بىلىم نەچچە مىنۇتلۇق قىزغىنلىق بىلەنلا قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇزاق مۇددەت بىلىم جۇغلاش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. بۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، بىنا سېلىشتا، بىر خىشتىن- بىر خىشتىن قويۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ تاغ ياساشتا، بىر كۆرەك- بىر كۆرەكتىن توپا تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ: «كىچىك ئېقىنلار توپلانمىسا، دەريا- دېڭىزلار شەكىللىنەلمەيدۇ». قەدىمكى كىشىلەرنىڭ «بىلىم توپلاش- گۆھەر توپلاشتۇر» دېگىنىنىڭ داۋلىسى مانا مۇشۇ يەردە. بىلىم كۆپ توپلانسا، زاپاس بولىدۇ- دە، قاچانكى لازىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن بىمالال پايدىلىنىپ، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغىلى ھەمدە ئۈگۈشلۈق ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. لومونوسوۋ بىلىمدىن ئىبارەت بۇ چاپچىم ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنى ئىلىم- پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چاپتۇرالىغان ۋە داڭلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىگەن.

لومونوسوۋ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: ئىلىم- پەن جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، كۈچ سەرپ قىلىشتىن باش تارتماي، پۇختا ئاساس سېلىش ھەمدە ئۇزاق يىللارغىچە قەتئىي بوشاشماي، بىلىم توپلاش يەنى گۆھەر توپلاش كېرەك. قانداقتۇ، بىراقلا نەتىجە قازىنىش، «ھە دېگەندىلا غەلىبە قىلىش»، «بىر كاپام ئاش بىلەنلا سەمرىش» كويىدا بولۇش- سۇبيېكتىپ قۇرۇق تاما بولۇپ، جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# ئي يىگىت ئاگاھ بولغىن — سۆيگۈ مۇقەددەس

## سەۋردىن ھالۋا پۇتىدۇ

سەۋر- تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئاڭلىغان بولمىغۇر سۆزلەرگە، بېشىغا كەلگەن قايغۇ- ھەسرەتكە تاقەتسىزلىك قىلماي، چىداملىق بولۇشتۇر. سەۋرچانلىق يولىنى تۇتقان ئادەم مۇراد- مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. قايغۇ-ھەسرەت قىلتىقىغا ئىلىنىپ قالغان كۆڭۈل سەۋر قولىدا ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. سەۋر بەخت- سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. بېيىت:

كىشىنىڭ غەم ئاراگەر بولسا سەبرى،
ئۇنىڭ بولغاي ئاخىر مەقسەد نەسىبى.

سەۋر ھەققىدىكى سۆز زېرىكىشلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، ئاخىرىدا مۇراد- مەقسەتنى ھاسىل قىلىپ، شادلىق بەخش ئەتكۈچى يولداشتۇر. سەۋر جۇدالىق تۈنىدەك قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىر ۋىسال تېگىدۇر. بېيىت:

ئەگەر ھىجراندا چەكسە زەخمەتۇر رەنج،
نەسىب بولغاي نىھايەت بىھساب گەنج.

بىر بىچارە يىگىتنىڭ كۆڭۈل قۇشى بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئەمما يىگىت تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلاندى. ئۇ زىنداننىڭ ھەرخىل ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرىنى زادى ئاشكارىلىمىدى. بىر كۈنى مىرشاپلار ئۇنى زىنداندىن سۆرىگىنىچە خەلق توپلانغان مەيدانغا ئېلىپ چىقتى ۋە يەرگە دۈم ياتقۇزۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىل قانغا بويالدى. ئەمما بۇ بىچارە يىگىت بىر قېتىممۇ «ۋايجان» دېمىدى، ئىقرارمۇ قىلمىدى. مىرشاپلار ئۇنى شۇنچە ئۇرۇپمۇ ئىقرار قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ يىگىتنى قويۇۋەتتى.

زالىم، رەھىمسىز مىرشاپلار كەتكەندىن كېيىن، جاپاكەش يىگىت ئاغزىدىن پارچە- پارچە قىلىۋېتىلگەن بىر دانە كۈمۈش تەڭگىنى چىقاردى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. يىگىت ئۇلارغا:

مىرشاپلار مېنى ئازابلاۋاتقان ۋاقتىدا مېنىڭ مەشۇقۇم مەيداننىڭ بىر چېتىدە مېنىڭ ئەھۋالىمغا سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، ئازاب- ئوقۇبەتكە چىدالماي ئاھ ۋاھ دەپ زارلىنىشنى خالىمىدىم. سەۋر قىلىپ ئازابقا چىدىدىم. قاتتىق ئازابلانغىنىمدا مۇشۇ تەڭگىنى كۈچەپ چىشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭگە چىشلىرىم ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتتى. ھەممە ئازابقا چىداپ، سىرىمنى ساقلىدىم — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ چاغدا قىز كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئاشىقىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ يېشىنى يۆلەپ تىزىغا ئالدى. مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىغا مېھىر- شەپقەت مەلھىمىنى سۈردى. زەئىپلەشكەن تېنىگە يېڭىدىن جان كىرگۈزدى. ئاشىق سەۋر- تاقەت قىلىپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىپ، ئويلاپمۇ باقمىغان پاراغەتكە يېتىشتى.

# ئي يىگىت ئاگاھ بولغىن ــ مۇنۇ سۆزلەر يادىڭىزدا بولسۇن

ئاگاھلاندۇرۇشۇم بولسۇنكى، غاپىل ياشىمىغىن، قىممەتلىك ھاياتىڭنى، ئۆمۈر بوستانىڭنى مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن خازان قىلمىغايسەن. توغرا بول، دۇرۇس يولۇڭدىن ئاداشما. توغرا يول مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ. بارچە جانلىقلارغا مېھرىبان بول، كۆڭلۈڭ بىلەن تىلىڭنى رۇس تۇت، غەمنى ئاز قىل. جىددىيلەشكەندىمۇ تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندىمۇ مۇلايىم بول. ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا تەييار تۇر، ئەسلىڭنى بىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، دۇنياغا ھېرىسلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بولغىما. دۇنيا قالىدۇ، سەن ئەيىغان بىلەن يىغلاپ كېتىسەن. بېشىڭغا نېمە كەلسە ئېگىرىماي كۆتۈر. راست سۆزلە، ۋەدەڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولسۇن، يالغان ۋەدە قىلماق نادانلىقتۇر. ئۇچۇق چىراي، ئىللىق سۆزلۈك، ئېزگۇ قىلىقلىق بول. شۇنداقلا دەۋر كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت ئىشىكىڭنى قاقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي يوشۇر، ۋۇجۇدۇڭنى ئەگرى يولدىن توس. ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى كۆزلىمە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلە. خەلققە ئېغىرىڭنى كۆتەرتمە، خەلقنىڭ ئېغىرىنى سەن كۆتۈر. مال ـ دۇنيايىڭ بولسا ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ خەلقىڭنى سۆيۈندۈر. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆز ئېيتىلغان: «ئارزۇ- تىلەكلىرىڭگە يېتىپ تۈمەنلىگەن نازۇ- نېمەتلەرنى يېگەن بولساڭمۇ، ئابىھاياتتىن قېنىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ، قولۇڭنى سۇنۇپ ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تۇرىدىغان يېرىڭ يەنىلا يەر قارا تېگى بولىدۇ».

ھەي قېرىنداشىم، سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى بەك كۆزەتكىن، ئەرلىكنىڭ بەلگىسى، ئەقىل نىشانى شۇكى، ھاۋايى- نەپسىڭنى بېسىپ، ئەقىل بىلەن نەپسىڭ بوينىنى كەسكىن. ھاۋايى- ھەۋەسكە ۋە نەپسىگە قۇل بولغان كىشى كۈچىنى خورىتىدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

يامانلارغا قېتىلما، ئىش- ھەرىكىتىڭنى دۇرۇس قىل. يامانلىق ھەر ئىككى دۇنيادا پالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرگىن. ھەر ئىشتا پىشقان بىر كامىل كىشى شۇنداق جاكار قىلغان: ھەي بۇغرا تۆگىدەك قۇترىغان كىشى، يامانلىقىڭنى تاشلا، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئاخىرى زەھەر بولىدۇ، ھە يولغا پاتماي كېزىلىپ غادايغۇچى، خەلقنىڭ ئۆكتىمى، ئۆلۈم پات ئارىدىلا يېتىپ كېلىدۇ، ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال- چارىسىنى قىل. ھەي مەن- مەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرغۇچى، «مەن» نى قوي، ئۆلۈمگە ھازىرلان، ئۇ «مەن» نى چاقىرىۋاتىدۇ. ھەي ئاچ كۆز، تەمەخور، دۇنيا قۇلى، ئۆلۈم سېنى تۇتۇشقا خىرىس قىلماقتا.

تۇغۇلغانلىكى نەرسە ئۆلىدۇ، نىمە ئۆرلىسە ئاخىرى يەنە پەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى چىقىشنىڭ چۈشمىكى بار. ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بىللە. تاتلىقتا ئاچچىق ھەمراھ.

ياشاش ۋە ئۆلۈش ئىختىيارىمدا ئەمەس، بۇ تەقدىردىن قۇتۇلۇش يولۇم يوق. يوق ئىدىم يارالدىم، كىچىك، گۆدەك ئوغلان

ئىدىم، زورايدىم. يۈزلىرىمگە ساقال چىقتى، قارا قۇزغۇندەك چاچلىرىم ئاقكۇدەك ئاقاردى. قەددىم ئوقتەك ئىدى، مانا ئەمدى يادەك ئېگىلدى. ئىلمىلىك ئالىملارنىڭ: «ئادەمنىڭ بېشى ئاقكۇدەك ئاقارغاندا، دىلىنىمۇ ئاقكۇدەك ئاقارتقۇلۇق. تۈز تالدەك قەددى ئېگىلگەندە، كۆڭلىنىمۇ تۈزلىگۈلۈك، قۇزغۇندەك قارا چاچ ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغاندا، مۆكۈكلۈك ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرگۈلۈك، چۈنكى چاچنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى. ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن يەپ لەززەتلەندىڭ، ئەمدى ئۆلۈم سېنى يەيدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

«ئىسىت دەيمەن، ئىسىت، بىكارغا ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىم، غاپىللىق بىلەن يىگىتلىكىمنى، نەۋقىران چاغلىرىمنى زايە قىلىۋېتىپتىمەن. بىر چاغلاردا قانداق ئىدىم، مانا ئەمدى ئەجەلگە تۇتۇلدۇم، بۇنىڭغا نېمە ئامالىم. بېخىللىق بىلەن مال-دۇنيا يىغىپتىمەن، مال-دۇنيامۇ قالدىغان بولدى. ئەمدى مەن يوقلۇق ئالىمىگە كېتىمەن. تىلىم بىلەن قولۇمنى بەك ئۇزاتقاندىم. مانا ئۆلۈم تىنىقىمنىمۇ قىسقىلى تۇردى، قانداق قىلاي».

نېمە ئامال، ئۆمۈر دېگەن ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ شۇ يەردە. ئەگەر ھاياتلىق كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك بولىدىغان بولسا ئىنسانلار ياشىيالمايدۇ. ئادەم دېگەن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، گېپىنى ئاسماندىن چوڭ قىلىدۇ. ئازراق ئەزىيەلەنسە، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئۆلۈم تۇتقاندا بولسا پۇشايماندا پۇكۇلىدۇ. يەپ تويغاندا بۇغرا تۆگىدەك جاھانغا پاتمايدۇ. راھەت-پاراغەتتە زېرىكىدۇ. مۇشەققەتتىن سىزىپ كېتىدۇ. سۆيگىنىنى ئارزۇ قىلىدۇ يۇ، ۋىسال تاپقاندا تېزلا ئۇنىڭدىن سوۋۇيدۇ.

ھەي، ئەل سۆيگەن دانا يىگىت، ئەل خىزمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلدىڭىزمۇ، پۈتۈن سۆز- ھەرىكىتىڭ بىلەن خەلقىڭگە ياخشىلىق يولىنى تۇت. ھاياتلىق خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ. يىگىتلىكىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھايات شامىدەك تېزلا ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. ھاياتىڭنىڭ سەرمايىسى ياخشىلىق بولىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى غىزا ۋە لىباستۇر. شۇڭا، ياخشى كىشىلەر: ماڭغان، تۇرغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، كۆردۈڭمۇ، بۇ جاھانغا تۆرەلگەن قانداق ئەركەك بولسۇن، ئۇ بەگ ياكى قۇل بولسۇن، ياخشى ياكى يامان بولسۇن بىر ئازلا ياشىدى- دە، ئاخىرى ئۆلدى، ئۇنىڭ نام- نىشانىلا قالدى. ئەمدى بۇ نۆۋەت ساڭمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ بۇرۇن ياخشىلىقنى تاللا، ئادەم ئاخىرى ئۆلۈپ ئورنى يەرلىك بولىدۇ. ياخشىلىق بىلەن ئۆتسەڭ نامىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئىككىلا ئاتاش بولىدۇ: بىرى، ياخشى نام، يەنە بىرى، يامان نام. ياخشىلار ماختىلىدۇ، يامانلار سۆكۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن زەھھاك (زەھھاك- ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 5- پادىشاھى. ئۇ ئۆز زالىملىقى بىلەن داڭق چىقارغان) سۆكۈلىدۇ، فەرىدۇن« ( فەرىدۇن - ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6- پادىشاھى. ئۇ مال- دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن ياخشى نام قالدۇرغان) ماختىلىپ بەختكە ئېرىشتى؟ بىرى ياخشى ئىدى، ئۇنى ماختىدى. بىرى ئەسكى ئىدى، ئۇنى قارغىدى: سەن قايسىنى خوپ كۆرسەن، ماختىلىشنىمۇ ياكى تىل- ھاقارەتنىمۇ؟ قايسىنى تاللاش ئۆز ئىلكىڭدە، لېكىن كېيىن ئۆكۈنمەيدىغان بولساڭلا بولىدى. ئەل- يۇرتنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان بىر تەجرىبىلىك كىشى: ئادەم ياخشى نام بىلەن ئالقىش تاپار، يامان نام بىلەن ئۆلگەنگە قارغىش ياغار دېگەن.

مەن يامانلىق بىلەن ياشىغانلارنى كۆپ كۆرۈپ سىنىدىم،

ئۇلارنىڭ ئىشى ھەرگىز ئىلگىرى باسمىدى، كۆنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچىيىدۇ قالىدۇ. يامانلىق خۇددى ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزگىنى تەڭ كۆيدۈرىدۇ. يامانلىق سېنىڭ يولۇڭدىكى توزاقكى، ئۆتۈشكە ھەرگىز يول تاپالمايسەن.

كۆرۈۋاتىسەنكى، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن جاھان سورىغان بەگلەر ۋە ئاۋام-پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلىم ئىگىسى بولغان بولسا، شۇ زاماننىڭ ئىگىسى بولۇپ ئۆتتى. جاھان بەگلىرىدىن قايسىسى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولسا، ياخشى قانۇن تۈزۈپ، دۇنيانىڭ ساھىبى بولدى. تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن بەگلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار جاھان بەگلىرى ئىچىدە ئەڭ سەرخىللىرى ئىدى. نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولغىنى تۇڭا ئالىپ ئەرتۇڭا ئالىپ ئەر — قەدىمكى تۇران پادىشاھى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن كۆپلىگەن جەڭلەرنى قىلغان. قاراخانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نەسەبلىرىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ. ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە ياراملىق، جەسۇر، خەلقنىڭ ياراملىق باھادىر ئوغلانى ئىدى. ئۇ شۇنداق زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن جاھان سوراپ تىللاردا داستان بولدى. تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياپ دەپ ئاتايدۇ. مانا شۇ ئەفراسىياپ كۆپ ئەللەرنى تەسەررۇپ ئاستىغا كىرگۈزگەنىدى. جاھان سوراش ئۈچۈن مانا شۇنداق پەزىلەت، ئەقىل ۋە بىلىم كېرەك، شۇندىلا جاھان سوراشقا قول سۇنسا بولىدۇ. تاجىك ئالىملىرى ئەفراسىياپ ھەققىدە ئۆز كىتابلىرىدا كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، بولمىسا بۇ تارىختىن قانداق ۋاقىپ بولالايتتۇق؟!.

بۇ ھاياتلىقتا يەنە مۇنۇ ئۈچ دۈشمەندىن ھوشيار بولۇپ ياشىغۇلۇق. بىرى، مال-دۇنيا دۈشمىنى، يەنە بىرى، نەپس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇشمىنى، ئۈچىنچىسى، دىن ئوغرىسى شەيتان. بولارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەبىھ دۇشمەن نەپس دۇشمىنى. مال-دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، لېكىن نەپس بالاسىدىن ئۆلگۈچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىلىملىك دانالار شۇڭا: جان-تەن بالاسى مېنى ھەممە موھتاجلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. ئۇ بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزىدە يىغلاتتى. ئۇنىڭ كويىدا دۇنيانى كېزىپ بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرمەكتىمەن، دېگەن. ئارزۇ-تىلەك دېگەن مەڭگۈ قانمايدىغان ئايىغى چىقماس يول، بىر ئارزۇيۇڭ قانسا، يەنە بىرى تۇغۇلىدۇ. يەنە بىرىگە ئېرىشكەندە ئۇ ياۋۇز بەگ بولۇپ، ئۆزىنەڭگە مىنىپ سېنى قۇل قىلىدۇ. تەن تەقەززاسى شۇنداق رەھىمسىز، ھېلىگەركى، ئۇنى سېمىز تۇتقانسېرى مۈڭگۈزى چىقىدۇ. كۆرمەمسەن، توسۇن ئات سەمرىپ كەتسە، قۇتراپ ئىگىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئوۋ ئىتمۇ سەمرىگەنسېرى ئىگىسىنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇيدۇ. قورسىقى تويسىلا ئىگىسىنىڭ رايىغا باقمايدۇ. ئوۋغا يۈگۈرمەس بولىدۇ. كىچىك بالىنى ئالساق، قورسىقى تويسا ئىشقا يارىماي، ئويۇنغا يۈگۈرەيدۇ. شۇڭا، نەپسنىڭ رايىغا باقماسلىق لازىمدۇر، بولمىسا بەدەن خورۇنلىشىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ مۇساپىسى پەقەت ئۈچ كۈنلۈكلا. بىرى، ئۆتكەن كۈنۈڭ بىر قانچە كېچىلىك شىرىن چۈش، يەنە بىرى، بۈگۈنكى كۈنۈڭ، بۇ كۈنۈڭ ئەتىكى كۈنۈڭگە يېتەلەرمۇ؟ ئۈچىنچى ئېتايىكى، ئۇنىڭدىن نېرىقى ھاياتنى ھەرگىز تىرىكلىك ھېسابلىما.

يەنە ساڭا كىشىلەرنىڭ تېۋىندۇرغان گالنىڭ لەززىتى توغرىسىدا ئازراق گەپ قىلاي، بىلسەن: گالنىڭ غېمى ۋە لەززىتى قورساقنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە پايدا كۆتكۈلۈك؟ شۇڭا، قورساق تويدۇرۇشتا ئارپا بىلەن ھالۋا ئوخشاش، بەرىبىر

ھەممىسى ئاشقازاننى تولدۇرىدۇ، ئېشىپ قالغاندا، كىرىدىغان يەر تاپالماي قالغاندا قانداق قىلىسەن. ھالقۋا يەپ يات ياكى ئارپا بىلەن ئۇماچ ئىچ، ئەتىسى ئوخشاشلا قورسىقىڭ ئېچىپ قوپىدۇ. قارنى-كۆكسى مال-دۇنياغا توق بىر كەمبەغەل تەقۋادار شۇنداق دېگەن: سەن شېرىن-شېكەر نېمەتلەرنى يەپ ياتتىڭ، مەن كېپەك-تېرىق يەپ قانائەت قىلىپ ياتتىم. ئىككىمىزنىڭ كۈنلىرىنىڭ سائىتى ئوخشاش ئۆتتۈۋەردى.

ھېرىسمەنلىك بىلەن مال-دۇنيا توپلىغان ئادەم ئۆلۈمنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇشى لازىم. ھەر قانچە دۇنيا توپلىساڭمۇ ئاخىرى ئىككى بۆزدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسەن. ئادەم ئۆلۈپ گۆرگە بارغاندا، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش. ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ئالەم ئۈچۈن ئۆزۈڭنى نېمانچە قىينايسەن؟ سەن دۇنياغا ھېرىسمەن، ئۆلۈم بولسا نېسىي تۇتۇشقا، ئۆلۈكنى قېزىشقا ھېرىسمەن. ھەممە ئادەم شەكسىز ئۆلىدۇ، بىراق قايسى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئادەم دېگەن بالا چېغىدا ساقال چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تاڭ ئاتسا چۈش بولۇشىنى كۈتىدۇ. ساقال چىققاندا ئاقىرىشىنى كۈتىدۇ، خۇددى چۈش بولسا كەچ بولۇشىنى كۈتكەندەك. بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، ساقالنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۆلۈمگە ھەر قانداق ئوقيا ۋە ياراغنىڭ ئارا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. قاراپ كۆرسەڭ بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى بىردە شورلۇق سۇغا ئوخشاش ھەر قانچە ئىچسەڭمۇ لىۋىڭ نەم بولمايدۇ، بىردە سەراپتەك كۆز ئالدىڭدا پىلدىرلايدۇ، ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشساڭ شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئىنسانىڭ ھېرىسلىق كۆزى ھەر قانچە دەريا كىرسىمۇ تولمايدىغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قۇملۇققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، هاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىگە بوي بەرمەسلىكنىڭ بىرلا يولى تەننىڭ ھېرىسمەنلىكىنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر. شۇڭا، تەن مۇلۇكۇڭگە ئورۇن بەرمە ھەم بويۇن ئەگمە. ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىلانماستۇر. قالغان ئۆمرۈڭنىڭ مۇساپىسى قانچىلىك ئۇمۇ نامەلۇم، غەنىيمەت كۈنلىرىڭنى زايە قىلما. بۇ دۇنيانىڭ خۇي - پەيلىگە سەپسالسا يەپ تويمايدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ سەمرىتىدۇ. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ جۇدىتىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىسا، ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بۇ دۇنياغا يارىلىپ، يەر يۈزىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە نى - نى ئادەملەر ۋە بەگلەرنىڭ بەگلىرى بۇ دۇنياغا كېلىپ كېتىشتى. تۇغۇلغاننىڭ بىرى ئالىم بولۇشتى، بەزىلىرى جەسۇر قەھرىمان، بەزىلىرى تىك قىيادەك مەغرۇرلۇق بىلەن كېتىشتى. بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى دانا، بەزىلىرى تەلۋە - ئەخمەق، بەزىلىرى ھۆرۈن كېلىشتى - كېتىشتى. يەنە قانچىلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە كامىل ئۇستازلار تۇغۇلدى. ئۇلار تەڭرى ئەمرى بىلەن ئىنسانلارغا يول باشلاپ كېتىشتى. بەزىلىرى ئۇزۇنراق ياشاپ كەتتى، بەزىلىرى قىسقىلا ياشاپ كۆچۈشتى. بىرى چوڭ سۆزلىرى بىلەن باش كۆتۈردى، يەنە بىرى ياراتقۇچى ھەققە قارشى يايىنى قۇرۇپ، دۈشمەنلىك ئوقى ئاتتى. بۇ زېمىنغا قانچىلىغان ياخشى، دانىشمەن ئالىملار قەدەم باستى. ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرى بار ئىدى. ئۇلارغىمۇ ئەبەدىيلىك ھايات نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن ... لار خۇددى بۇ دۇنياغا تۇغۇلمىغاندەك قارا يەر قېتىدا ... لۇپ ياتماقتا. بۇ جاھانغا تۆرەلگەن ھەر خىل، ھەر ... رىنىڭ ھەممىسىنى قارا يەر ئاشۇنداق يۇتۇۋەتتى. ئۇلار

مانا ھەشەمەتلىك ئوردا. سارايلارنى تاشلاپ قارا يەرنى قۇچاقلاپ، قىيامەتنى كۈتۈپ، بەخىرامان ياتماقتا. ئۇلاردىن ھېچقانداق تىۋىشمۇ يوق، نەپەسلىنىۋاتامدۇ، ئۇخلاۋاتامدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى يېمەك- ئىچمەككىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى موھتاجلىقتا باشقىلارنىڭ دۇئاسىغا تەلمۈرىدۇ. ئۆكۈنۈش بىلەن ئىنجىقلىشىپ، مىڭ ئارزۇ- ئارماندا ياخشىلىقنى كۈتۈشۈپ ياتماقتا. بۈگۈن تەگرى بىزگە بۇ كۈنلەرنى نېسىپ قىلدى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش يارىمايدۇ.

ھەي ھۇزۇر- ھالاۋەتكە گول بولۇپ غاپىل يۈرگۈچى، ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىسەن، لېكىن ئۇ چاغدا ھېچنېمە كار قىلمايدۇ. كۆز ئاچ كىشىنىڭ كۆزى مەڭگۈ مال- دۇنياغا تويمايدۇ. ئەجەلى تولغاندا مال- دۇنياسى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ئەي كۆلكىگە مەست بولغۇچى، يىغىغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغىن!

ئەي دوستۇم، سەگەك ياشا، سەگەك! غەپلەتتە ياشىغۇچىلار زىيانغا، مەھرۇملۇققا يولۇققۇچىلاردۇر. بىخۇدلار ھەر ئىككى دۇنيادا نادامەت چەككۈچىلەردۇر. دۇنيا سېنى بەزلەپ ئەللەيلەپ قويمىسۇن، بىخۇد بولما، بىخۇدلۇق سېنى بار يوقۇڭدىن جۇدا قىلمىسۇن، بىخۇدلۇق دېگەن ئۇيقۇغا ئوخشايدۇ، ئۇيقۇلۇق ئادەم ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، بۇ غەپلەتلىك كېچىدىن ئويغان، بولمىسا غەپلەت كېچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سېنى يامان چۈشلەرنىڭ قوينىغا تاشلايدۇ. ئەگەر ئادەم غەپلەتتىن قۇتۇلالىغاندا ئىدى، پەرىشتىگە ئايلانغان بولاتتى. بىلگىنكى، خۇشاللىق بىلەن ئەيشى- ئىشرەت، كەيپى- ساپانىڭ ھەممىسى غەپلەتتۇر. بۇ غەپلەت كىشىنىڭ ئۆزىنى- ئۆزى ھالاك قىلىشى بولىدۇ. ئەي غەپلەتتە ئۇخلىغۇچى، ئويغان. يا رەببىم، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئي يىگىت ئاگاھ بولغىن —
# تالانت مېھنەتتىن كېلىدۇ

مەنمۇ ھەر كۈنى ئۆز خىزمىتىم بىلەن بولىمەن. ھەر كۈنى ئۆز ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمگە قاتنىشىمەنغۇ؟ مەن نېمىشقا تالانت ئىگىسى بولالمايمەن. دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن.

تالانت دېگەن نېمە؟ بىلەرمەنلىك تالانت ھېسابلانمايدۇ. تالانت دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ ھەرخىل قابىلىيەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل يىغىندىسىدىن، ئادەم قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە يېتىلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق نەتىجىلىرى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇنتۇلمايدۇ. شۇڭا، تالانت ئىگىسى بولۇش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇلار تالانت ئىگىسى دېگەن نامنى مېھنەت تەرى، پۈتۈن زېھنى ۋە ھاياتىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلار ئۇستىدىكى رىۋايەتلەرگە بىر مۇنچە سىرلىق تۈس كىرگۈزۈلگەن. لېكىن تالانت ھەرگىز تۇغما بولمايدۇ. تالانت ئىگىسى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان پەيلاسوپ، ئالىم، شائىر، كەشپىياتچىلاردىن قايسى بىرى ئەگرى-توقاي، مۈشكۈل جەريانىنى باشتىن كەچۈرمىگەن؟! تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىر مۇنچىلىرى ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا، بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «مەتۇ»،

«سارالڭ» دەپ ئەيىبلەنگەن. ئۇلار راست «مەتۇ» مۇ؟ راست «سارالڭ» مۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۆز خىزمىتىگە «مەستانە» بولۇپ كېتىپ، ئەتراپىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورسىقى، ئۇستىۋېشى، ئۇيقۇسى ھەتتا ئائىلىجاناب مۇھەببىتىنىمۇ ئۇنتۇغان. «ئۆزىنى ئۇنتۇش»، «ئەتراپىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇش» تىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تېپىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئىختىراچىلار بارلىققا كېلىپ، ئىلىم- پەن پەللىمۇ- پەللە ئۆرلىگەن. تالانت مېھنەتتىن كېلىدۇ، تالانت جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدۇ، بۇ- يىمىرىلمەس ھەقىقەت.

مەشھۇر ئالىم نيۇتون كلاسسىك مېخانىكا ئىلمىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ تۈپ قانۇنىنى كەشىپ قىلغان: (1) ئىنېرتسىيە قانۇنى؛ (2) ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانۇنى؛ (3) تەسىر ۋە ئەكس تەسىر قانۇنى. بولا ئەمەس، ئۇ يەنە ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچىنى تاپقان، بۇ كەشپىيات نۇر زەررىچىلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ ھەم دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرالنىڭ كەشىپ قىلىنىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر زادى نەدىن كەلگەن؟ ئەزەلدىن بارمىدى؟ ياق، مېھنەتتىن كەلگەن. نيۇتون كىچىكىدىن تارتىپلا ئىشچان ئىدى. نيۇتون بالىلىق چاغلىرىدا ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولغانلىقتىن، مەكتەپتىن يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن ئۇ ئىلىم- بىلىمگە ئىنتايىن تەشنا ئىدى. قوي باققان چاغلىرىدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيتتى، قويلىرى خەقنىڭ زىرائەتلىرىگە كىرىپ كەتسىمۇ تۇيمايتتى. ئانىسى نيۇتوننى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىپ سىيىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى. لېكىن نيۇتون مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىتاب ئارىيەت ئېلىپ كېلەتتى ۋە ھەمىشە مەھسۇلاتلارنى سىيىپ بولالمايتتى، ئۇ ئانىسىدىن كۆپ قېتىم تىل ئىشىتكەن. ئۇ خىزمەتكە كېيىنرەك قاتناشقان، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئېيتقاندەك: «ئۇنىڭ كەچ سائەت 2 ـ 3 لەردىن ئىلگىرى ئۇخلايدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، بەزىدە سائەت 5 ـ 6 لەرگىچىمۇ ئۇخلىمايتتى، بولۇپمۇ باھار پەسلى ياكى يوپۇرماق چۈشىدىغان مەزگىللەردە ئالتە ھەپتە داۋاملىق تەجرىبىخانىدا بولاتتى، سوتكا ـ سوتكىلاپ چىراغنى ئۆچمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىمىيە تەجرىبىسىنى قىلىپ بولغىچە بىر كېچىنى كۆز يۇمماي ئۆتكۈزسە، ئىككىنچى كېچىنى مەن كۆز يۇمماي ئۆتكۈزەتتىم» دېمەك، نيۇتوننىڭ ئۇلۇغ ئىختىراسى ئۇنىڭ مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن.

كېيۇرى خانىم تالانتلىق ئايال ئالىم بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. رادىي قانداق تېپىلغان؟ كېيۇرى خانىمنىڭ ئىش ئورنىغا قاراپ باقساق ئايان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىش ئورنى ئاددى، كىچىك بىر لاپاس ئىدى، ماتېرىيالى بىرنەچچە توننا ئاسپالتلىق ئۇران داشقىلى (پۇل تېجەش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان) دىن ئىبارەت ئىدى؛ ئىش ۋاقتى ئۈچۈن جەمئىي 54 ئاي كەتكەن؛ ئىش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، يازدا ئىسسىقنىڭ، قىشتا سوغۇقنىڭ دەستىدە تۇزغىلى بولمايتتى؛ ئەمدى سالامەتلىك ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇ شۇ چاغدا تۇبېركولىيوز كېسىلىگە گىرىپتار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شارائىتتا، كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ 400 توننا ئاسپالتلىق ئۇران رۇدىسى، 1000 توننا خىمىيىۋى دورا ۋە 800 توننا

سۇدىن ئاران بىر گرام ساپ رادىي ئالغان. بۇ نەقەدەر مۇشكۇل ئىش-ھە! ئىلىم- پەن ئىشىگە كىرىش بەئەينى دوزاققا كىرگەنگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئادىمزات دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدىغان مۇشۇنداق جاپالىق كۈرەشلەر بولمىغان بولسا، دۇنياغا مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەتلەر نەدىن كېلەتتى؟

بىزگە ئەپچىل ئىككى قول ئاتا قىلىندى، مېھنەت ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن گۈزەل كەلگۈسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەردى، مېھنەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەقىل- پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى قۇرۇشقا، ئۆز ئەۋلادلىرىغا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ئىمكان بەردى. ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئەزاسى — مىڭىمۇ مېھنەت جەريانىدائۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، بەلكى پەقەتلا مېھنەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. «ئىشلىتىلسە ئىتتىكلەيدۇ»، ئىشلىتىلمىسە گاللىشىدۇ» دېگەن قانۇنىيەت مېڭىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇلۇغ ئىلىم- پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھۈرۈنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ. تالانت پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت- ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى، جاپالىق، ئەمەلىي ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزلىرىنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار:

«تالانت دېگەن شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئۆمۈر بويى تىرىشقاندا ئاندىن يېتىلىدۇ». — مېندېلېف

«تالانت ئىككى پىرسەنت چېچەنلىك بىلەن 89 پىرسەنت تەرنىڭ يىغىندىسىدۇر» — ئېدىسون

# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — كەيپىيات سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ

قەدىمكىلەر «يەتتە خىل روھىي كەيپىيات بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئۇلار: ئادەمدە «خۇشاللىق، ئاچچىق، غەم، ئوي، قايغۇ، ۋەھىمە، چۆچۈشتىن ئىبارەت يەتتە خىل كەيپىيات»، «ھەددىدىن زىيادە بولۇپ» كەتسە، ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتىنىڭ تەن سالامەتلىكتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى قەدىمدىن تارتىپلا بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر ئالىم كەيپىياتنىڭ رولىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەسىلىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇنداق تەقلىد خاراكتېرلىك تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇ بىر ئاندىن قوشكېزەك تۇغۇلغان ئىككى قوزىنى باشقا-باشقا شارائىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ باققان، بىر قوزىنىڭ يېنىغا بىر بۆرىنى باغلاپ قويغان، قوزا قورقۇنچلۇق تەھدىتنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغان. نەتىجىدە ھېلىقى قوزىدا تۇغما ھالدا ئىنتايىن ۋەھىمىلىك پەيدا بولۇپ، بىر نىمە يېمەي، ئاستا-ئاستا ئورۇقلاپ، ئۇزۇنغا قالماي ئۆلۈپ قالغان. يەنە بىر قوزا بۆرىنىڭ تەھدىتىنى كۆرمىگەنلىكى، مۇنداق ۋەھىمىلىك كەيپىياتنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكتىن ناھايىتى ياخشى ياشىغان.

بىر ئادەم ئۆز بەدىنىنىڭ يېرىمىغا يۇقۇملانغان ئۆخشايمەن، دەپ گۇمانلىنىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا نۇرغۇن قورقۇنچلۇق كېسەللىك ئالامەتلىرى سېزىلىپتۇ. ھەتتا كېلى ئىششىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپتۇ، كېيىن ئۆزى دىققەت سېزىلىكتىن يۇقتۇرۇپ قويغان ھېلىقى يىگىنە ئېتىلىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يىگىنە يۇقۇملانمىغانلىقىنى بىلىپتۇ، قايغۇدىن قۇتۇلۇش بىلەن تەڭ ھەممە كېسەللىك ئالامەتلىرى توگەپتۇ.

ئۇمۇمىيۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرۈش (سۈرەتكە ئېلىپ تەكشۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەريانىدا، بىر ئايالنىڭ ئاشقازىنىدا بىر پارچە قارا داغ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ شۇنىڭغا قاراپ راك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن دەپ گۇمانلىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئۆزىمۇ گۇمان بولۇشىدە يېتىپتۇ. شۇنىڭدەك ناھايىتى يىراقتىكى ئوغلىنى «ۋىدالىشىش» ئۈچۈن چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدا ئاشقازان راكىنىڭ ھەممە ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپتۇ. ئاشقازىنى بىئاراملىنىپتۇ، تاماقنى ياخشى ھەزىم قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، تامىقى بەك تارتىلىپ كېتىپتۇ (كۈنىگە ئاران 1 ـ 2 سەر تاماق يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ) ، ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا 20 جىڭ تارتىلىپ كېتىپ خەتەرلىك ئەھۋالدا قاپتۇ. لېكىن قايتا ـ قايتا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەندە ھېلىقى قارا نەرسىنىڭ يوقىلىپ، نورماللاشقانلىقى سېزىلىپتۇ. غەمنىڭ تەھدىتىدىن ئازات بولغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئىقتىدارى ئەسلىگە كەپتۇ، تامىقى نورماللىشىپتۇ. بەدىنى ئېغىرلىقىمۇ تېزدىن ئەسلىدىكىدەك بوپتۇ. ئۇ ئايال ھەقىقەتەن يوق ئىشقا چۆچۈپ يۈرگەنىكەن.

يەنە مۇنداق بىر چۆچەك بار. گاۋاي ئاراللىرىدا بىر مەدەنىيەتسىز مىللەت ياشىغان بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ بىر يۇقىراسى جىنايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. جامائەت جىنايەتچىنى تېپىش ئۈچۈن بىر پىرخوننى چاقىرتىپ كەپتۇ. جامائەت ئەھلى پىرخونغا ھەممىنى بىلىۋالالايدۇ، دەپ ئىشەنچ باغلىغان ئىكەن. لېكىن مۇشۇ جىنايەتچىنى تاپالمايدىغان بولسا، بۇ ھۈنىرىگە كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى ئىشەنمەيدىغانلىقى پىرخونغا ئايان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسىگە «ئوغا» ئىچكۈزۈپتۇ. بۇ ئوغا خېلى زەھەرلىك ئەمما كىشىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىكەن. گۇناھسىزلار ئۆزىدە گۇناھ يوقلۇقىغا، «ئوغا» نىڭ تەسىر قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن «ئوغا» نى قورقماي ئىچىۋېرىپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ھېچنېمە بولماپتۇ. لېكىن ھەقىقىي جىنايەتچى دەرھال قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، ۋەھىمە ئۇنى ھايات قېلىشىمدا ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى، دېگەن ئىشەنچكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئورگانىزمىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ۋېگېتاتىۋ نېرۋا سىستېمىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

يۇقىرىقى مىساللار نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئاكتىپ كەيپىياتنىڭ ئادەمدە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى، پاسسىپ كەيپىياتنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى خورىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل كەيپىيات پۈتۈنلەي باشقا-باشقا ئاقىۋەت كەلتۈرگەن. بىزمۇ ئادەتتە «روھىي ھالەت ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ» دەپ قويىمىز، بۇ يەردە دېيىلگەن روھىي ھالەتنىڭ تەسىرى، ئەمەلىيەتتە، كەيپىياتنىڭ تەسىرى.

ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمى ئىسپاتلىدىكى، بەزى كېسەللىكلەر مەلۇم ئەزاغا كېسەللىك تەگكەنلىكى سەۋەبلىك يۈز بەرمەيدۇ، ئۇلار روھىي ھالەتنىڭ ياخشى بولماسلىقى، كەيپىياتنىڭ

غەيرىي نورمال بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكىنى ئالايلى، كەيپىيات جەھەتتىكى ئەكس تەسىر ئۈستى-ئۈستىلەپ بولۇپ تۇرسا، ئاۋۋال، تۇتقاق خاراكتېرلىك قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ، كېيىن جاھىل خاراكتېرلىك قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكىگە ئايلىنىدۇ. ئەمدى راكنى ئالايلى، راكنىڭ سىرىنى ئۈزۈل-كېسىل ئېچىش ھازىر تېخى كۆپ بالدۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كەيپىيات كەچۈرمىشلىرى راك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. روھىي ھالىتى زىددىيەتلىك، روھىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچراۋاتقان، خاتىرجەمسىز ۋە كۆڭۈلسىز كەيپىياتلىق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر ئاسانلا راك بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ چوڭ مېڭىسى جىددىي ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ، بۇنداق جىددىي ھالەت ھورموننىڭ ئاجرىلىشىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا ئاسانلا راك بولۇپ قالىدۇ.

ئالىملارنىڭ كەيپىياتنىڭ ئاشقازان ئىقتىدارىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگەن، ئىچى تىت-تىت بولغاندا، پۈتكۈل چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋەتلىرىنىڭ ئۆز ئاستىدىكى قىسىملارنى تەڭشەپ تۇرۇشى ۋە باشقۇرۇشى ئاجىزلايدۇ. ۋېگېتاتىۋلىق نېرۋىلارنىڭ ئىقتىدارى غەيرىي نورمال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشقازاننىڭ سۇيۇقلۇق ئاجرىلىشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. دەرت، قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك ئاشقازاننىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. كىشى ئۇزاققىچە ئۆپكىسىنى باسالمىسا، ئالايلۇق، ئىچى تىت-تىت بولسا، ئاچچىقلانسا، ئاشقازان كىسلاتاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆپىيىۋېرىپ، ئاشقازاننىڭ قانى تولۇقلاپ بېرىدىغان يېپىشقاق پەردىسى سىيىدۇ، ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئاشقازان يارىسىغا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر دائىم «ئاچچىقىمدا گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمىدى» دېگەن گەپنى قىلىدۇ، بۇ يەردە دېيىلگىنى ئاشۇ كەيپىياتنىڭ ئاشقازان كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلاردا ۋە باشقىلاردا ئۇچرايدىغان قىچىشقاق كېسىلى، يۈرەك رىتىمى تەرتىپسىزلىنىش، يۈرەك سانجىقى، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەيز تەرتىپسىزلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆپلىگەن كلىنىكلىق پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئۇممىدۋار كەيپىيات كېسەللىك خەۋپىگە قارشى كۈرەشكە ياردەم بېرىدۇ، ساقايماس كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇۋان كېسەللەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، ئېغىر كېسەللەرنىڭ كېسىلىنى يەڭگىللىتىدۇ، كېسەلنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان روھىي - جىسمانىي كېسەللىك تېبابىتى تارىخ سەھنىسىگە چىقتى، بۇ ئىلىم مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېقىندىن بۇيان، ئۆمۈر مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى بارغانسېرى قوزغىماقتا. خەلق ئارىسىدا «بىر كۈلۈۋالساڭ، ئون ياش ياشىرىسەن» دېگەن گەپ بار، بۇ گەپتە ئازراق مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى بار. ئالىملار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن قېرىلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ روھىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى، كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ئۇممىدۋارلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق، ھېسسىيات جەھەتتىن كېلىشەلەيدىغان، ئىدىيە جەھەتتە بېسىمسىز،

ئىنتايىن مۇۋاپىق روھىي ھالەت شارائىتىدا ياشىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ، ياخشى كەيپىياتنىڭ ئادەمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كەيپىيات ساغلاملىقىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاكتىپ كەيپىيات ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھاياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئورگانىزىمغا يېڭى كۈچ قوشىدۇ، ئورگانىزىمنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قازىدۇ، جىسمانىي ئەمگەك ئۈنۈمىنى ۋە كىشىنىڭ جىسمانىي ئەمگەككە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. پاسسىپ كەيپىيات تامامەن ئەكسىچە رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئې يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## قىزلارنىڭ كۆز يېشى ئىككى خىل بولىدۇ

كۆز يېشىدىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان قىزلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق. ئۇلار بۇ ۋاستىسىدىن ئۆزلۈكسىز پايدىلىنىپ، يىگىتلەرنى باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. يىگىتلەر گەرچە ئۆزلىرىنىڭ سۆيگىنىنىڭ يىغلىۋېتەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەچكە، ئۇنىڭغا ئامال قىلالماي، ئاخىرى يەنىلا دامىغا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. يىگىتلەر ئەگەر مۇشۇنداق قىزلارغا ئۆيلەنسە ئۇلارنى چوقۇم نەس باسىدۇ. يىگىتلەر كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇشۇنداق جاھىل قىزلارغا بەنت بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىيەلمەي ئاخىرى بارا-بارا ئۆز خىزمىتىدىن زېرىكىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق قىزلار ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر يىگىتنىڭ پېشىغا ئېسىلىدۇ. بۇرۇنقى يىگىتنى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ: «كەچۈرۈڭ، مەن بەك زېرىكىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىم تۈگىدى، بىز بىللە ئۇ ئالەمگە كېتەيلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت روھىي جەھەتتىن پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل قىزلار ئۆزىنىڭ كۆز يېشى قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى چۈشەنسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەمىشە

ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ: «بولمايدۇ، مەن ئۆلۈۋالىمەن! ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن!» دەپ يىگىتلەرگە دوق قىلىدۇ ۋە بېسىم ئىشلىتىدۇ. يىگىتلەرنىڭ ئەقىللىقراقلىرىمۇ بۇ قىزلاردىن تېزراق ئايرىلىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. يۇ، ئەمما بۇ قىزنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرسىلا، يەنە دەرھال نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئاخىرىدا سەۋر قاچىسى تېشىپ كەتكەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل بەربات بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنىلا ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىزلارنىڭ يىگىتلەرنى ياخشى يولغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان كۆز يېشىمۇ بار. بۇ يەردە مۇنداق بىرئەمەلىي مىسالنى سۆزلەپ ئۆتىمەن: مەلۇم بىر رېستۇراندا بىر قىز كۈتكۈچى يەنە بىر مۇتىھەم يىگىت بىلەن ئەپلىشىپ قاپتۇ، بۇ قىز كۈتكۈچى ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى يىگىتكە بېرىدىكەن. يىگىتنىڭ بۇ پۇلنى قانداق ئىشلىتىشى بىلەن كارى بولمايدىكەن. يىگىت ئۇنىڭغا ھەر قانچە يامان پوزىتسىيە تۇتسىمۇ خاپا بولمايدىكەن، يىغلىمايدىكەن. كېيىن ھېلىقى يىگىت تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئەمما قىز كۈتكۈچى: «ئۇ ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىۋەرسۇن!» دەپ كۈلۈپ قويۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۆپچىلىك مۇشۇنداق ياخشى قىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇسال يىگىتكە ئۇچراپ قالىدىغاندۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى يىگىت ئۇشتۇمتۇت تۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ھېلىقى قىزدىن سورىغاندا، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەرمەپتۇ. مەن بۇنىڭغا بەكمۇ ئەجەبلەندىم. كېيىن ھېلىقى يىگىت بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان يەنە بىر كۈتكۈچىدىن سورىسام ئەسلىدە، بۇ كۈتكۈچى قىزنىڭمۇ ئۆز لايىقىنىڭ مۇشۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يارامسىزلىقىدىن ياش تۆككەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما ئۇ يىگىتكە ھەيۋە قىلىپ يىغلىماپتۇ. ئاڭلىسام بىر كۈنى يىگىت ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر نەرسىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ كەينىگە يېنىپ، دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە، ھېلىقى قىزنىڭ ناھايىتى ئازابلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

بۇ كۆتكۈچى قىز ئادەم يوق يەردە كىلەچىكىنى ئويلاپ ئازابلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتكەنىكەن. ئەگەر ھېلىقى يىگىت بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا تۈزەلمىسە ئۇ چاغدا ئۇنى ئادەم دېگىلى بولمايتتى. مېنىڭچە بۇ قىز ئىلگىرى ئۇنى ئەيىبلەپ باقمىغان بولسا كېرەك. ھېلىقى يىگىتمۇ ئىلگىرى قىزدىن كەچۈرۈم سوراپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ، ئۆزىنىڭ لايىقىنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۈستىدە ئويلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىنىمۇ بىلگەن.

يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئاسان يىغلايدىغان قىزلار بىلەن يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا پەقەت كۆز يېشى قىلمايدىغان قىزلارنىڭ قايسىسى ئەرلەرنى نىلەس باسىتتۇرىدۇ، قايسىسى يىگىتلەرنى ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمىسەممۇ مېنىڭچە يىگىتلەرگە ئايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىگىتلەر قانداق قىزغا ئۆيلىنىش ياكى قانداق قىزنى لايىق تاللاشنىمۇ چۈشەندى.

# ئېي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## ئەخلاق ئادەم زىننىتى

### 1. دوستلار ئارىسىدىكى ئەدەب-ئەخلاق

پاك دوستلۇق كىشىلىك تۇرمۇشقا شاد-خۇراملىق، ئۈمىد، كۈچ-قۇدرەت، ئاجايىپ گۈزەللىك، تەڭداشسىز مەنە ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيادا يېگانە نەرسە مەۋجۇت بولمىغىنىدەك، دوستسىز ئۆتىدىغان ئادەممۇ بولمىسا كېرەك. ناۋادا ئۆزىڭىزنى دوستسىز، يېگانە ياشاشقا زورلىماقچى بولسىڭىز، تەبىئىيكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ زېرىكىشلىك، مەنىسىز بولۇشى مۇقەررەر. ئۆگىنىشىڭىزنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە، خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇتۇققا ئىگە بولۇشىمۇ ناتايىن. دېمەك ياخشى دوست ھەر بىر نورمال ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا تۈگىمەس بايلىقتۇر. ياخشى دوستقا ئېرىشىش ئۈچۈن دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى بىر قاتار ئەقەللىي ساۋاتلارنى ئېسىڭىزدە ساقلىشىڭىز زۆرۈر.

باراۋەرلىك دوستلۇق گۈللىرىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، سىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىز يۇقىرى بولۇپ، دوستىڭىزنىڭ ئورنى تۆۋەن بولسا، ئۆزىڭىزنى دوستىڭىزدىن چوڭ تۇتامسىز؟ روشەنكى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن دوستلۇق ئەسلا چىقىشالمايدۇ.

دوستلار بىلەن ئۇچراشقاندا سۈنئىيلىك قىلىپ قېتىۋېلىش، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش، دوستىنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوستىنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىش، ئۆزىنىڭ قارىشىنى دوستىغا تېڭىش قاتارلىقلار ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا كىرىدۇ. شۇنى بىلىش مۇھىمكى، دوستلۇق ئالدى بىلەن باراۋەرلىك زېمىنىغا قۇرۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا دوستلۇق دەرىخىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى ناتايىن. ئۆز ئارا قوللاش، يول قويۇش، ئەپۇ قىلىشمۇ مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

دوستلىششتىكى مەقسەت ـ مۇددىئا توغرا بولسۇن. دۇنيادا مەقسەتسىز ئىش بولمىغاندەك، دوستلىششتىمۇ مەقسەت ـ مۇددىئا بولماي قالمايدۇ. بۈيۈك ئىشلارئۈچۈن قول تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان دوستلۇق ھامان قۇدرەت تاپىدۇ.

دوستلىششتىكى مەقسەت ـ مۇددىئا ناۋادا قارشى تەرەپتىن نوقۇل ھالدا نەپ ئېلىش، پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالسا، بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ. سىز شەخسىي ئىشىڭىزنى دەپ دائىم دوستىڭىزنى ئاۋارە قىلامسىز؟ دوستىڭىزغا ۋەزىپە تاپلامسىز؟ دائىم مۇشۇنداق قىلسىڭىز مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنى ئۆزىڭىزنىڭ پايدىلىنىش ئوبيېكتىڭىزغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولىسىز. ھەر جەھەتتىن مۇستەقىل ئادەم بولۇڭكى، دوستىڭىزغا يۆلىنىۋېلىشتىن ساقلىنىڭ. كەلسە ـ كەلمەس ئىشلاردا ئىمكانقەدەر دوستىڭىزنى ياردەمگە چاقىرماڭ، ئىشلىرىڭىزنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلىنىڭ. دوستىڭىزغا «يۈك» بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش نورمال ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات. سىزنىڭ ھە دېسىلا ۋەدە بېرىش، ۋەدىگە يېنىكلىك بىلەن قاراش، «خۇدا ھەققى!...» دەپ قەسەم ئىچىشتەك ئادىتىڭىز بارمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئادەت چاكىنىلىق بولىدۇ. ئىشلاردا ئىمكانقەدەر ۋەدە بېرىشكە ئالدىرىماڭ. ۋەدە بېرىشكە توغرا كەلگەندە ۋەدىڭىزدە تۇرۇشىڭىزنى مۆلچەرلەپ، ئاندىن ۋەدە بېرىڭ، دوستىڭىز بىلەن

مەلۇم بىر يەردە ئۇچرىشىشنى قارارلىشىپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالسىڭىز ئەدەپسىزلىك قىلغان بولىسىز. بارىمەن دېگەن يەرگە چوقۇم بېرىڭ، كېچىكمەڭ، ۋاقىت قارىشى تۆۋەن ئادەمدىن ھەر كىم بىزار بولىدۇ.

دوستلۇقنىڭ تەرەققىياتى پاك بولسۇنكى، يامان سوپەت ئالمىسۇن. يىگىت-قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كۆچىيىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، دوستلۇقنىڭ ئورنىنى چىن مۇھەببەت ياكى ساختا مۇھەببەت ئىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن. دۇنيادا باشقىلارنى تەلتۆكۈس چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنىمۇ تولۇق چۈشىنەلمەيدىغان ئادەم ئاز بولمىسا كېرەك. شۇڭا، يىگىتلەر قىزلار بىلەن دوستلىشىشتا ئېھتىياتچان بولغىنى تۈزۈك. ئەگەر مۇھەببەتلەشكەن بولسىڭىز، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا كەمستمەڭ، بولمىغۇر چاقچاق قىلماڭ. كەمچىلىكنى تىلغا ئالماڭ، كەمچىلىك ھەققىدە ئايرىم پاراڭلاشقاندا، جورىڭىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ سۆزلىمەڭ. ئاشۇ كەمچىلىك ئۈستىدىلا سۆزلىسىڭىز كۇپايە، جورىڭىز بار چاغدا يات جىنىستىكى دوستىڭىزنى تولا ئۆگە باشلاپ كەلمەڭ. سىزنىڭ جورىڭىز بار تۇرۇقلۇق يات جىنىستىكى دوستىڭىزغا ئادەتتىن تاشقىرى ئامراقلىق قىلماڭ.

يۈرۈش-تۇرۇشىڭىز، گەپ-سۆزىڭىز گۈزەل بولسۇن، دوستىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە مۇشت ئېتىپ ياكى تىللاپ كۆرۈشىدىغان ئادىتىڭىز بولسا ئۆزگەرتىڭ. دوپپىنى باشقا، ئۆتۈكنى پۇتقا كىيگەنگە ئوخشاش چاقچاق ئۆز جايىدا بولۇشى كېرەك.

دوستىڭىزغا سەت لەقەم قويماڭ، دوستىڭىزنىڭ جىسمانىي ئەيىبىنى ئاتاپ چاقچاق قىلماڭ. ئۆيىڭىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇۋاتقانلىق ئۈستىگە دوستىڭىز كېلىپ قالسا، كەيپىياتىڭىزنى نورمال تۇتۇشقا تىرىشىپ، كۆڭۈلسىزلىكنى چاندۇرماڭ. دوستىڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قولىڭىزدىن كېلىشىچە كۆتۈڭ. كونىلاردا «بۇغداي نىنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟» دەيدىغان گەپ بار. مېھمان ئالدىدا داستىخاننى سىلكىپ قاقماڭ. دوستىڭىز ئۆيىڭىزدىكى چاغدا ئۆي سۈپۈرىدىغان، نەرسە كېرەكلىرىڭىزنى رەتلەيدىغان، ئاياغ مايلايدىغان، كىر يۇيىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ.

ئەگەر سىز دەم ئالغان بولسىڭىز، ئىشلەۋاتقان دوستىڭىزنىڭ ئىش ئورنىغا مەقسەتسىز بارماڭ، ئىشىڭىز بولسا مەقسىتىڭىزنى ئېيتىپلا قايتىڭ. دوستىڭىز بىلەن كېلىۋاتقانىڭىزدا يەنە بىر دوستىڭىز ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كەتمەڭ.

سىز دوستلىرىڭىز ۋە باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا جەزمەن ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇشىڭىز، سۆزىڭىزنىڭ ئورغۇسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا چىقىشى كېرەك. يېقىن دوستلىرىڭىزغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغىنىڭىزدىلا ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايسىز، دوستىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزمۇ تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزدە كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىسىز. ئۇچۇۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىز كىشىلەرگە سۆز قىلغان ۋاقىتتا ئۇ مەيلى يېقىن دوستىڭىز، ساۋاقدىشىڭىز، ئوقۇتقۇچىڭىز ۋە باشقا كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەدەب - قائىدىلىك مۇئامىلە قىلىشىڭىز، سۆز قىلغاندا سۆزىڭىزنىڭ ئورامى، مەنىسى، ئىشلىتىش ئورنى قارشى تەرەپكە لايىق كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەنمۇ ھېسابلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىسىز. شۇڭا، تىلنى جايىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، تىل بايلىقىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىز كېرەك.

### 2. ئۆز ئارا سۆزلەشكەندىكى ئەخلاق

«ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن» دېگەن گەپ بار. تىلدا نازاكەتلىك بولۇش بىر كىشىنىڭ ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ بىر مۇھىم ئۆلچىمى. بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل، دىلى پاك، ئەخلاقى گۈزەل ئادەم ئەلۋەتتە سەممىي بولىدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ تىلىدىكى مۇلايىم، چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزىدىن چوڭلارغا خىتاب قىلغاندا ئەرلەرگە «بوۋا، دادا، ئاتا، تاغا، ئاكا» دېگەندەك سۆزلەرنى، ئاياللارغا «موما، ئانا، ئاپا، خان ئاچا، ئاچا، ھەدە، ئىگىنچە، ئايلا» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم. تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرگە خىتاب قىلغاندا «يولداش، قېرىنداش، ئاغىنە، ئاداش، دوستۇم، بۇرادەر» دېگەندەك سۆزلەرنى؛ ئۆزىدىن كىچىكلەرگە خىتاب قىلغاندا «بالام، ساقام، ئوغلۇم، قىزىم، ئۇكام، سىڭلىم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم. ئۆزى بىلەن يېقىن تونۇش بولغان ۋە سەنلەپ ئادەتلەنگەنلەردىن باشقىلارنى، بولۇپمۇ يېڭى تونۇشقانلارنى سىز ياكى ئۆزلىرى، سىلى دەپ ھۆرمەتلەپ سۆزلەش لازىم. كىشىلەرنى «ھەي» دەپ چاقىرىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. كىشىلەرگە لەقەم قويۇش، باشقىلارنى قەلىمى بىلەن «بولۇپمۇ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان، جىسمانىي ئەيىبلىرىنى ئىپادىلەيدىغان لەقەملەر بىلەن» چاقىرىش ئىنتايىن قاملاشمىغان قىلىق. شۇڭا بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا بۇنداق يامان ئادەتنى يوقىتىۋېلىشلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە كەمتەر، مۇلايىم بولۇش، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش، سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك لازىم. ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ سۆزىگە پىسەنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلماسلىق، سوئالغا جاۋاب بەرمەسلىك ئەدەبسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.

باشقىلاردىن بىر نەرسە ئۆتۈنگەندە «قىل، ئال، بەر» دېگەندەك تەكەللۇپسىز قوپال سۆزلەرنى ئىشلەتمەستىن، «قىلىڭ، ئېلىڭ، بېرىڭ» دېگەندەك ئۆتۈنۈش خاراكتېرىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىش لازىم. ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق لازىم.

راستچىل بولۇش ئىنساندىكى ئەڭ گۈزەل پەزىلەت. راستچىل ئادەمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتىمۇ، ھۆرمىتىمۇ بولىدۇ. بالىلارنى كىچىكىدىن راست گەپ قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن «يالغان سۆز راست سۆزنىڭ چېچىكى» دەۋالىدۇ، بۇ بىر بىمەنىلىك.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «گاس دەپ غەيۋەت قىلما، قارىغۇ دەپ خىيانەت قىلما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بۇنىڭ ھەقىقىي دەلىلىدۇر.

كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈشتە «رەھمەت، ھەشقاللا» دېگەندەك سۆزلەرنى، خۇشلاشقاندا «خوش، خەير خوش، يول بولسۇن، ئاق يول تىلەيمەن، ئامان بولۇڭ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم. چوڭ ياشلىق ئادەملەر بىرەر ئىشقا بۇيرۇغاندا، ئادەتتە «خوپ، خوش، ئوبدان، ماقۇل، بولىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇيرۇغان ئىشنى ئورۇنداش مۇمكىن بولمىسا «ياق، بولمايدۇ» دەپ قوپاللىق قىلماي، «بولماسمىكىن» دەپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ قويۇش لازىم.

3. يول يۈرۈشتىكى ئەخلاق

يول يۈرگەندە قەدەمنى زىيادە تېز ياكى ئاستا ئالماي، بەلكى

ئوتتۇراھال قەدەم بىلەن يۈرۈش لازىم. سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئىككى پۇتنىغا ئاياغ كىيىشى، كىيىلگەن ئاياغقا نىجاسەت تېگىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم.

سىرتقا چىقىپ باشقا جايلارغا بارغاندا تەنھا يۈرۈشتىن ئار نومۇس قىلىپ، كەينىگە ئادەم ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈشنى ئادەت قىلماسلىق كېرەك.

يول يۈرگەندە ئالدىغا قاراپ يول يۈرۈش، بىھۇدە ئۇيان- بۇيانغا قاراپ كىشىلەرنىڭ پۇتىغا دەسسەپ ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

يولدا ئۇستازى ۋە چوڭلار ئۇچراپ قالسا ئۇلارغا كۆيۈنۈپ ھەمسۆھبەتتە بولۇش لازىم. ئۆزى بىلەن بىرگە يول يۈرگەن دوستلىرىنى تاشلاپ كەتمەي باردىغان جايغىچىلىك بىرگە مېڭىش كېرەك. باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كېلىپ قالسا كىشىلەر ماڭىدىغان يولدا تۇرۇۋالماي، چەتكە چىقىپ سۆزلىشىشى كېرەك.

كوچىلاردا ماڭغاندا، بىنالارغا كىرگەندە، ئۇدۇل كەلگەن جايغا تۈكۈرمەسلىك ۋە باشقا پارچە- پۇرات قەغەزلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىق كېرەك.

يول يۈرگەندە ناماھرەملەرگە نەزەر سالماسلىق لازىم. ناتىۋان ۋە مەزلۇم كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئېلىشى كېرەك. كوچىلاردا ماڭغاندا، كوچىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە بەلگىلەنگەن پىيادىلەر يولىدا مېڭىشى لازىم. چوڭ يولغا كىرىۋېلىپ قاتناش قوراللىرىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

يول يۈرگەندە شەھەر كوچىلىرىدىكى گۈل- گىياھلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ ئۈزمەسلىك ۋە دەل- دەرەخلەرنى قارىماسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېرەك.

يول يۈرگەندە كۆزى ئەما ئادەمنى مەسخىرە قىلىپ، يولدىن ئازدۇرۇپ ئوينىماسلىق كېرەك.

يول يۈرگەندە ماڭىدىغان يولغا، ئارام ئالىدىغان گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ سايىلىرىگە تەرەت قىلىپ پاكىزلىككە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى لازىم.

توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراقلارغا ماڭغاندا چوڭلار ۋە ياشانغانلار ئالدىدا مېڭىشى لازىم. ھەرگىزمۇ ياشلار چوڭلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىقى كېرەك.

قاتناشقا ياكى باشقىلارغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم كوچىدا يانمۇ يان قاتار بولۇپ ماڭماسلىق لازىم.

يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، باھالاپ سۆزلىمەسلىك لازىم. كوچىدا كېتىۋېتىپ مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىش، تاماكا چېكىش ياخشى ئادەت ئەمەس.

يول يۈرگەندە قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىش، باشقىلارنى تىللاش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

4. كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىكى ئەدەب - ئەخلاق

توي - تۆكۈن ۋە ھەرخىل مەرىكىلەر مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىرى.

ھازىرقى پەيتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز تەرەققىي قىلماقتا. ياشلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە باشقا شەكىللەردىكى كۆڭۈل ئېچىشلىرىمۇ بۇنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئەمما مەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندە، ۋاقىت چەكلىمىسى مۇۋاپىق بولغىنى

ياخشى، بولمىسا كۆڭۈللۈك ئويۇندىن كېيىن كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بىراق بەزىلەر شۇنداق سورۇنلاردا ئەدەب- قائىدىلەرگە ئانچە رىئايە قىلمايدۇ. سورۇندىكى سازچىنى ھە دەپ ساز چېلىشقا دەۋەت قىلىدىيۇ، ئۇنىڭ ئازراق دەم ئېلىشىغا، چاي - پاي ئىچىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بەزىلەر ساز باشلانغاندىن كېيىنلا يېنىدىكىلەر بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا سازنىڭ ئاۋازىدىن ئۆز ئارا گېپىنى ئاڭلىشالماي، تۈگمەندە سۆزلەشكەندەك ۋارقىراپ كېتىشىدۇ. ساز توختىغاندىن كېيىن دەرھال گەپ- سۆزدىن توختايدۇ- دە، سازچىنى يەنە چېلىشقا قىستايدۇ. يەنە بەزىلەر سازچى ئۆز تەرتىپى بويىچە رەتلىك ناخشا ئېيتىۋاتسا، دەرھال ئىشارەت قىلىپ توختىتىپ، باشقا ناخشا زاكاز قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار سازچىلار بىلەن تىڭشىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ، ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك داۋاملىششىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىش ماھىيەتتە ئەدەب- قائىدىنى بىلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

يەنە بەزىلەر باركى، چاقىرغان يەرگە بېرىشنى ئويلاپ قايتىشنى ئويلىمايدۇ. بىر ئۆيگە ئەتىگەندە كىرىۋالسا كەچكىچە ئولتۇرىدۇ. ئۆزى قايتمىغانىنىڭ سىرتىدا قايتىشنى ئەلتىجا قىلغۇچىلارغا ئورۇنسىز ئېسىلىۋالىدۇ. گايىدا ئۆزى ئوتتۇۋېلىشقا ئامالى بولمىسا ساھىبخانى قىستاپ ئۇنىڭغا «مېھمان كېتىمەن دەۋاتسا سەن قاراپ تۇرامسەن. بىزنى چاقىرىشنى چاقىرىپ، كېيىن پۇشايمان قىلغان ئوخشىمامسەن؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ساھىبخانى كەتمەكچى بولغان مېھمانلارنى ئۆزۈنىراق ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇش چېكى يوق سورۇنغا ئايلىنىدۇ.

يەنە بەزىلەر ئۆزلىرى ئىچىملىكنى ھەددىدىن زىيا-

www.uyghurkitap.com



ئېچكەندىن تاشقىرى، ئىچىمەيمەن دېگەنلەرنى ئىچىشكە زورلايدۇ. سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتسا ئۇلارغا ئورۇنسىز سۆزلەرنى قىلىپ، چاتاق چىقىرىدۇ. نەتىجىدە خۇشال-خۇراملىققا چۆمگەن سورۇننى جېدەل مەيدانىغا ئايلاندۇرىدۇ. بەزىلەر قەۋەتلىك بىنالاردا كېچىچە ناخشا توۋلاپ قالايمىقان دەسسىشىپ، قولۇم-قوشنىلارنى ئارام ئالغۇزماي ساھىبخان بىلەن قوشنىلار ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ.

يىغىلىپ ئېيتقاندا، توي-تۆكۈن ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى، تەكلىپ قىلىنغۇچى تەرەپمۇ، ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى، بىر-بىرىگە يول قويۇشى ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشى لازىم.

# ئىي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — قىزلارنىڭ كۆزى سىلەردە

قىزلار يىگىتلەرنىڭ «ئوغۇلبالىچىلىق غۇرۇرى» غا ھەۋەس قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان قىزلار، ھەتتا يىگىتلەرنىڭ سۈرىتى بار كالېندار ۋە كىتابلارنى سېتىۋالىدۇ.

قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشلىرى بار.

1. قەددى - قامىتى ۋە كىيىم - كېچەك

قىزلار سىزنىڭ قىياپىتىڭىزگە سەپسالىدۇ. سىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىڭىزغا، كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ. بىراق كىنو چولپانلىرىدەك ياسىنىشىڭىز ھاجەتسىز.

ئوغۇللار ئادەتتە كىيىم - كېچەك ۋە ياسىنىشقا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار تەننىڭ ساقلىقى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ. تەبىئىيكى بەدەن چېنىقتۇرۇش سىزنى تېخىمۇ جۇشقۇن قاۋۇل كۆرسىتىدۇ.

سىزدە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچنى ئۇرغۇتىدۇ. لېكىن قىزلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە قارىتىشتا بۇلارلا يېتەرلىك بولمىسا كېرەك. قىزلار ئۆز يىگىتىنىڭ چىرايلىق رەتلىك كىيىنىشىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سالاپەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

سىز يەنە چىچىڭىز، قولىڭىز ۋە تىرنىقىڭىزنىڭ تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراڭ. قول بولسا قىزلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزالارنىڭ بىرى. ئەرلەرنىڭ بىر جۈپ قولىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ قەددى ـ قامەتلىك، زېرەك، سەزگۈر، دادىل، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. سىز ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى ئوڭشاڭ، بۇ دىققەتلىك سىز تەلىيىڭىزنى كىيىم ـ كېچەككە باغلاڭ دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىز پاكىز، رەتلىك بولسا، ساقىلىڭىزنى پاكىز قىرىسىڭىزلا بولىدۇ.

2. كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى شائىرلار «كۆز ئارقىلىق مۇھەببەتنى ئىزھار قىلغىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان.

«زېرەك»، «ئېغىر ـ بېسىق»، «ئالىيجاناپ»، «سەزگۈر»، «دوستانە»، «قىزغىن ھېسسىياتلىق» بولۇش قىزلارنىڭ كۆزىنى تەسۋىرلەشتىكى بىر قىسىم سۆزلەردۇر.

بىر قىز دىققەت نەزىرى بىلەن سىزگە قاراۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى بىلىۋالالايسىز. شۇڭلاشقا كۆزىڭىزنىڭ چىرايلىق بولۇش ـ بولماسلىقىدىن غەم قىلماي، بەلكى كۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلغاندا باشقىلارنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدىغانلىقى، پەزىلىتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى مۇھىم بىر ئامىل شۇكى، ئۆزىنىڭ بارلىق دىققىتىنى قارشى تەرەپكە مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشتۇر.

ئۆزىڭىز ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزغا دىققەت: نەزىرىڭىزنى سالغاندا سىزنىڭ بىر جۈپ كۆز قارىچۇقىڭىز مىدىرلىماستىن ئاشۇ قىزغا تىكىلگەن بولىدۇ. شۇ چاغدا كۆزىڭىز ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزنى، چىن قەلبىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان سەممىي ھېسسىياتىڭىزنى ئاشۇ قىزغا ئىزھار قىلالايسىز.

3. ئۆزىگە ئىشىنىش

نۇرغۇنلىغان قىزلار ئەرلەردە پەقەت پۇل ۋە ھوقۇق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بولاردىن باشقا يەنە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە سالاپەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەربىر ئەر كىشىنىڭ مىليونېر ياكى مۆتىۋەر بولۇشى شەرت دېگەنلىك ئەمەستۇر.

ئىشەنچ يىگىتلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ئۇلار ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئىشەنچىسى شۇنچىلىك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش دوست بولۇش ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — قىزلار سىزدىكى مۇنۇ ئادەتلەرنى ياقتۇرمايدۇ

1. ئولتۇرغاندا ئىككى پۇتىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇۋېلىپ ھەدەپ لىككاڭلىتىپ ئولتۇرۇش.
2. ئولتۇرغاندا شىمىنىڭ پۇشقىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىش.
3. ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈش.
4. ئەينەككە تولا قاراش، ھەددىدىن زىيادە ياسانچۇقلۇق قىلىش.
5. كۆلگەندە ئىككى قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇۋېلىش.
6. يول ماڭغاندا بەل ۋە ساغرىسىنى ئوينىتىپ مېڭىش.
7. چاي ئىچكەندە، تاماق يېگەندە، نەرسە ـ كېرەك تۇتقاندا چىمەلتىكىنى دىڭگايتىۋېلىش.
8. يول يۈرگەندە سومكىسىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ ئېسىۋېلىش.
9. ئولتۇرغاندا ئىككى تىزى ھەم پۇتىنى چىڭ جۈپلەپ ئولتۇرۇش.
10. سومكىسىنى بېلىگە ئېسىۋېلىش.
11. ھەمىشە بۇرۇنىنى كوچىلاش.
12. كۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ چىمىلدىتىش.
13. خۇشال بولغاندا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ ناباقلاش.

14. تولا كېكىرىش.

15. قولىنى تۆكۈرۈكتە ھۆللەپ پۇل ساناش.

16. يېنىدىن قىز ياكى چوكانلار ئۆتسە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە كۆز ئۈزمەي قاراش.

17. تاماقتىن كېيىن بىر ھازاغىچە چىشىنى كولاش.

18. تاماكىنىڭ ئىسىنى بۇرنىدىن چىقىرىش.

19. پويىز، ئاپتوبۇس، كىنوخانا، يىغىن زاللىرىدا پۇتلىرىنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇندۇققا ئارتىۋېلىش.

20. ساقال- بۇرۇتلىرىنى يۇلۇش.

21. بېشىنى تاتلاپ چېچىنىڭ كېپىكىنى چۇشۇرۇش.

22. ئاممىۋى سورۇنلاردا نائۇشتىكىنى قولىقىغا بېكىتىۋېلىپ، ناخشا- مۇزىكا ئاڭلاپ تۇرۇپ، پۇتلىرى بىلەن دىكۇڭلاپ پاۋۇز بېرىش.

23. ئايىغىنى يېشىپ ئۆز پۇتىنى ئۆزى پۇراپ بېقىش.

24. خەت يازغاندا ئاغزىنى يوغان ئېچىۋېلىش.

25. قوللىرىدىن قاس چىقىرىش.

26. ئورۇن تاللىماستىنلا، كەلسە- كەلمەس يەرلەردە ئۇخلاپ قېلىش.

27. كوچىلاردا بىر- بىرىنىڭ مۈرىسىگە قوللىرىنى ئارتىۋېلىپ، ئاغزىغا كەلگەن پاراڭلارنى قىلىشىپ، كەلسە- كەلمەس ھىجىيىپ كۈلۈشۈپ مېڭىش.

28. ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى ئورۇنسىز بوزەك قىلىش.

29. ئۆرپ- ئادەت، ئەقىدە ئېتىقادقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك.

30. كىيىم- كېچەك، يۈرۈش تۇرۇشىنىڭ نورمال ھالەتتىن غەلىتىلىككە قاراپ ھالقىشى.

31. غايە، ئېتىقاد، ئەخلاقسىزلىققا ياتىدىغان سۆز ھەرىكەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئي يىگىت ئاگاھ بولغىن

## توي قىلىشتا بىخۇد بولماڭلار

توي قىلىش ھەرقانداق بىر ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبە ـ ساۋاقلار تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلىغانكى، ياخشى ئائىلىغا ئۆيلىنەلمىگەن ئەر تۈگىمەس باش ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ھاياتى جېدەل ـ جېدەل بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى ئاز بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى بۇنداق ئائىلە ئىشىدا مەغلۇپ بولغۇچىلار كۆپ بولماقتا. چۈنكى، يىگىتلەر ياشلىقىدىكى ئاززاراق قىزغىنلىقىنى دەستەك قىلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ توي قىلىپ قويۇپ، پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي يۈرمەكتە. ئۇلار توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى توي قىلماقچى بولغان قىزنىڭ دىيانىتى، ئەخلاقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە، شىرىن ـ شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەچكە، كۆتكەن مېھرى ـ مۇھەببەتكە، ئىللىقلىققا، بەختكە ئېرىشەلمەي، ھەتتاكى دەردىنى ھاراق ـ شاراپتىن، بۇزۇقچىلىقتىن ئىزلەشتەك ناچار قىلىقلارنى سادىر قىلىپ، يارىماس ئادەملەردىن بولۇپ قالماقتا.

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇنداقلارنى كۆپ كۆرگەن ھەم بۇھەقتە ئاز بولمىغان نەسىھەت دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. تۆۋەندىكىسى ئەنە شۇ دۇردانىلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر:

ئەي ئوغۇل، ئەگەر خوتۇن ئالساڭ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن

تۇتقىن، بۇ دۇنيالىقتا ھەر قانداق ئەزىز نەرسە بولسا، خوتۇنۇڭ ۋە بالاڭدىن ئايما، خۇسۇسەن، قولۇڭدا بولسىلا كۆيۈمچان خوتۇندىن، پەرمانبەردار ۋە مېھرىبان پەرزەنتتىن ھېچنېمەڭنى قىزغانما.

ئەمما، خوتۇن ئال، لېكىن خوتۇنۇڭنىڭ مال-مۈلۈكىنىڭ پېيىدا بولما. ئالغان خوتۇنۇڭ پاك دىن، چىرايى پاكىز، ئەر جىنسقا يېقىن يولىمىغان، ئېتىقادلىق، شەرم-ھايالىق ۋە سادىق، جاۋاب ياندۇرمايدىغان، تاپقان مال-دۇنيالىرىڭنى ياخشى ساقلايدىغان بولسۇن. «ئۆيدان خوتۇن يىراقنى ئويلايدۇ، يەنى كېيىننى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەمما خوتۇنۇڭ ھەر قانچە مېھرىبان ۋە خۇش خۇي (گۈزەل) بولىسمۇ، ئۆزۈڭنى بىراقلا ئۇنىڭ قويىنىغا تاشلاپ بەرمە، پەرمانى ئاستىغا چۈشۈپ قالما.

يېقىنلىرى ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) دىن: «نېمە ئۈچۈن دارانىڭ قىزىنى ئالمايسەن؟» دەپ سورىغاندا ئىسكەندەر: «ئۇ ناھايىتىمۇ گۈزەل (چىرايلىق)، شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، چۈنكى پۈتۈن ئالەمگە مەن غالىپ كەلگىنىم بىلەن، ئۇ بىر خوتۇن ماڭا غالىب كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۆزۈڭدىن چوڭ خوتۇننى ھەم ئالما. ئىمكان بار قىز ئال. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىڭدىن بۆلەك ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى قارار تاپمىسۇن، سەندىن باشقا كىشىنىڭ تەمەيى كۆڭلىدە ئورۇن تۇتمىغاي!

ھازىر جاۋاب يامان خوتۇن شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر ئەسكىلىكى تۇتۇپ قالسا، بارلىق تاپقان-تەرگىنىڭنى، يەنى مال-مۈلۈكۈڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. سېنى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولغىلى قويمايدۇ. شۇڭا بۇ تەرىقىدىكى، يەنى خوتۇننىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەرنى كىشىلەر «خوتۇن كىشى» دېيىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر خوتۇن ئالماقچى بولساڭ، ياخشى ئائىلىنىڭ بالىۋاقىسىدىن ئال. ئەمما كىچىك ھەم نارەسىدە (بالاغەتكە يەتمىگەن) قىزنى ئالما. چۈنكى ئۆيلەنمەكتىن مەقسەت ئۆي تۇتماقتۇر. مەنپەئەت ئېلىش ئەمەس. شۇڭا ئالىدىغان خوتۇن چوقۇم يېتىلگەن ۋە ئەقىللىق، ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ بىلگەن بولسۇن. مۇنداق خوتۇن تاپساڭ ھەرگىز سەۋەب كۆرسەتمە، تىرىشىپ ئېلىشنىڭ (ئۆيلىنىشنىڭ) كويىدا بول، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت. يات كۆرمە خوتۇنىنى يات كۆرۈش يولدىن چىقارغان بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يات كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك يولدىن چىقىدۇ ھەم ئۆزىنى پەس كىشىلەرگە پىلدا قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر يات كۆرمىسەڭ، يەنى ئۆز كۆرسەڭ، ساڭا مىڭ ئاتا-ئانىدىن ئۆتە سادىق ۋە مېھرىبان بولىدۇ. ناۋادا ئۆزۈڭنى يات كۆرسەتسەڭ، مىڭ دۈشمەندىن ئۆتە دۈشمەن بولۇپ كېتىدۇ. يات دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغىلى، يەنى ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما خوتۇنۇڭ دۈشمەن بولسا، ئېھتىيات قىلىش-ساقلىنىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

ۋاقتىكى، قىز ئالساڭ ھەر كېچە يېقىنچىلىق قىلما؛ «ھەر دائىم مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئادەتلىنىپ قالمىسۇن، ناۋادا بىرەر ئۆزرىلىك ئىش-زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلسە، سېنىڭ يوقلۇقۇڭدا سېنى، يەنى سەن بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تاقەتسىزلىنىدۇ. ئىمكان بار خوتۇنۇڭنى ياتلارغا كۆرسەتمىگىن. خىزمەتكارنى، ھەتتا ياشانغان بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ بار ئۆيگە كىرگۈزمە. ھەر دائىم ئۆزۈڭنى غەيرەتلىك تۇت، غەيرەتسىز كىشىنى ئادەم سانىما. خۇدايتائالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئوبدان پەرۋىش قىل!

# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## ئەخلاقنى ئۆستۈش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ

بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق، سۆزى شېرىن، خۇلقى گۈزەل ئادەم تولىمۇ يېقىملىق ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ باسقان قەدەملىرىدىن گۈل ئۈنىدۇ. ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان، بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ بەھرى ئېچىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار نەگە بارسا ئەزىزلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى مىللىي ئەدەپ-ئەخلاق يوسۇنلىرى بىلەن، كۆللى ئىنسانىيەت ئەمەل قىلىۋاتقان ئىنسانلىق ئۆلچەملىرى بىلەن چەكلىمەي، شەيتانى ھەۋەسلىرى ۋە تويماس نەپسى تەلەپلىرى بويىچە ئۆزىنى ئاتالمىش «ئەركىن» قويۇۋەتكەنلەر، ھەر نېمىدېگەن بىلەن كىشىلەر نەزىرىدە ئەرزىمەستۇر. چۈنكى ئۆز جەمئىيىتىگە جاۋابكارلىق پوزىتسىيە تۇتمىغان، ئۆزىگە ئۆز قوۋۇقى ھەققىدە تەلەپ قويمىغان، زادىلا بىرەر مىللىي مەدەنىيەت، ئادەم ھەم ئەخلاق تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان «ئەركىن» لەر ناھايىتى ئاڭلىق بولغان شەخسىيەتچى ساراڭلار بولۇپ، بۇنداق ساراڭلار ئەلۋەتتە نەگە بارسا شۇ يەردە ئەرزىمەستۇر.

مۇھەممەدنىڭ جۇۋەينى بۇ ھەقتە مۇنۇ ھېكايەتنى بىزگە سۆزلەيدۇ: ئەدەپ خەزىنىسىنى يۈرىكىگە جۇغلىغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالماي بىر نەچچە ۋاقىت سەرسان-سەرگەردانلىقتا يۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆڭلىدىن بىر كۈنى نۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىق ۋە مەكرو خىياللارنىڭ ئازابىغا قانچىلىك سەۋر قىلمىسۇن بىرەر پايدا كۆرمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان مەجلىس ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز مۇلازىملىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىراۋ: «شايى» دەپ جاۋاب بەردى. بىراۋ بولسا: «تاۋۇس پەيلىرى» دېدى. يەنە بىراۋ بولسا: «شايىدىن يۇمشاق يەنە نېمە بولسۇن» دېدى. بۇ چاغدا ئۇ يىگىت ساراي تۆپىسىدە تۇرغانىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ جاۋابلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ كۆڭلى قانائەت تاپمىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت بولغاندىن كېيىن دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر». نۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە: «ئەڭ ياخشى غىزا قايسىدۇر؟» دەپ سورىدى. يىگىت: «شەھۋانىي ھېسسىياتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت قوزغاتمايدىغان غىزا ئەڭ ياخشى غىزادۇر» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ شېرىن ھىد چاچىدىغان گۈل قايسى؟» يىگىت: «ئاتا - ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى ياقىلاشتۇرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!» دەپ جاۋاب بەردى.

نۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھەمكىملىرى قاتارىغا قوشتى.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەنە شۇ ئىزچىللىقنى قەلبىمىزگە پۈكۈپ، ئىنسانىيەت ئورتاق ئەمەل قىلىۋاتقان ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان پارلاق ئادەم

(ئەخلاقىي ـ پەزىلەت) ئۆلچەملىرىدە تۇرىدىكەنمىز، ئاشۇ يىگىتتەك بەختلىك بولۇپ، خار ـ زارلىقتىن ساقلىنىمىز، ئەزىزلىنىمىز، خەلقىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسى قەلبىنى پاكلاپ، ئەدەب ـ ئەخلاقنى كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىپى بىلىپ، مەجبۇرىيەتلەر ئىلكىدە تۇرىدىكەن، خەلقىمىزمۇ ئەزىزلىنىش يولىغا ماڭىدۇ. بۇ ئۆلچەملەردە تۇرمايدىكەنمىز، ئۆزىنى يۈگەنلىمەي ھەممىلا ئىشتا «ئەركىن» لىكنى تەلەپ قىلىدىغان ساراڭلار قاتارى ئەرزىمەسلىككە يۈزلىنىمىز. چۈنكى بۇۋىمىز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي ئېيتقاندەك، «ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىرەر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇ ئادەت كۈچەيگەنسېرى ۋە كونىرىغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ» ئاخىر بېرىپ ياخشىلىققا ماڭغانلارمۇ، يامان يولغا ماڭغانلارمۇ تېگىشلىك بەختكە، تېگىشلىك خار ـ زارلىققا ئۇچرايدۇ. ھازىرقى كۈندە بەزىلەر خۇددى بۇ دۇنياغا ئۆز جەمئىيىتىدىن ئېلىشقىلا تۇغۇلغاندەك، بېرىش مەجبۇرىيىتى يوقتەك قىلىشىدۇ. بولار ئەنە شۇ يامان تەبىئەتكە كۆنۈپ قېلىۋاتقانلار بولۇپ، تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبارەت ئالمىغان بۇنداق يەمخورلار ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەدەب ـ ئەخلاق ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك بولۇپ، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئايلانغان ھامان، ئۇ تونۇشتۇرۇش سۈپىتىدە ھەممە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. بىر ئادەم بىر ئادەمنى پەقەت ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ئارقىلىق چۈشىنىۋېلىپلا، دەرھال ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەت ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، تۇرلۇك ـ تۈمەن ئىشلار ئىچىدە نەپسىنى يىغىپ، ئەدەپكە قايتماق، يامان ئادەتلەردىن ياخشى ئادەتلەرگە ئۆتمەك ھەممىدىن زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ —
# ھاياتىڭىزدا مەنا بولسۇن

مەمتتوختى قۇربانىياز

بەزىدە چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن «بۇ يىگىت بولىدىكەن ھە!»، «بۇ بالا بولىدىكەنغۇ»، «باركاللا بالام»، «ئالتۇنغا تېگەشكۈسىز قىزكەن»... دېگەنگە ئوخشاش ئاپىرىن ۋە مەدھىيەلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

بەلكىم سىزمۇ نەچچە رەت شۇنداق شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغانسىز. يەنە باشقىلارنىڭ شۇنداق شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى كۆرگەنسىز. بۇلارنى سەمىگىزگە سېلىشتىن مەقسەت شۇكى، يۇقىرىقىدەك شەرەپلىك ئاپىرىن ۋە مەدھىيىلەر سىزنىڭ بىر چوڭ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغانلىقىڭىز، زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاددىي، كىچىك مەسىلىلەرنى ئەپچىللىك، ماھىرلىق، خالىس دىيانەت بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغىنىڭىزدا ئېرىشىدىغان ئېسىل شەرەپ ئىكەنلىكىنى سەمىگىزگە سېلىشتۇر.

بىرسى باشقىلار تەرىپىدىن ناھەق بوزەك قىلىندى، بۇ ئىشقا پەرۋاسىز قاراپ كېتىۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدىن چىقىپ بۇ ئىشنى بېسىقتۇردىڭىز، يول يۈرۈۋاتقىنىڭىزدا چوڭلارغا يول بەردىڭىز،

ئاپتوبۇستا چوڭلارغا ئورنىڭىزنى ئۆتۈنۈپ بەردىڭىز، باشقىلار بولۇپمۇ ئۆزىڭىز بىلەن قۇرداش ۋە كىچىكلەرنىڭ كىيىم كېچەكلىرى بەكلا غەلىتە بولۇپ ئۆرۈپ. ئادەت كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ئۇلارغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلدىڭىز. كوچىلاردا قىز-ئوغۇللار قولتۇقلىشىپ مېڭىۋاتىدۇ، كۆپچىلىك ئالدىدا قۇچاقلىشىپ ئۆرۈپ. ئادەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتكىلىۋاتقاندا سىز چامىڭىزنىڭ يېتىشىچە نەسىھەت قىلدىڭىز ۋە توستىڭىز. يولدا كېتىۋېتىپ يولدىكى تاش، مىق ۋە توسالغۇلارنى ئېلىۋەتتىڭىز. ھېيت ئايەملىرىدە خوشنىلىرىڭىزنىڭ بالىلىرىغىمۇ ھېيتلىق بېرىپ ئۇلارنى خوش قىلىۋەتتىڭىز. سىز بىر ھۆنەرۋەن بولسىڭىز خېرىدارىڭىزنى ھەقىقىي چىن ئىخلاسىڭىز بىلەن رازى قىلدىڭىز. باشقىلار يول سورىسا چۈشىنىشلىك قىلىپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىز. سىز بىر دۇكاندار دۇكىنىڭىز شۇنچە رەتلىك، شۇنچە پاكىز، مۇئامىلىڭىز شۇنچە قىزغىن، سىز بىرسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن ئۇنى ئەسلەپلا قالماستىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنى خوش قىلىۋەتتىڭىز. بىراسى سىزگە بىر ئىشنى ھاۋالە قىلدى، سىز ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسىلا ئورۇندايدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا ۋەدە بەردىڭىز، ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن كېيىن سىز بۇ ئىشنى يەنىلا قىلىپ بەردىڭىز. سىز بىر دېھقان بولسىڭىز باغلىرىڭىزدا ھەممە كۆچەتلەر ياخشى سورتقا ئۇلانغان، ياخشى پەرۋىش قىلىنغان، باغنىڭ چىتلاقلىرى ياخشى ئېتىلگەن. ئېتىزلىرىڭىزنى ئوت باسمىغان، زىرائەتلەر ياخشى ئۈنگەن......

سىز يۇقىرىدا دېيىلگەنگە ئوخشاش ۋە تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرايدىغان ئۆزىڭىزنىڭ قىلىش ئىمكانىيىتىڭىز بار ئىشلارنى سەممىيلىك، باتۇرلۇق، ئەقىدە بىلەن قىلىسىڭىز، مەدەنىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپرىنلارغا ئېرىشىپ تۇرىسىز. تۇرمۇشنى مانا مۇشۇنداق مەنىلىك ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتكۈزسىڭىز تۇرمۇشىڭىزدىن سۆيۈنۈپ بەختلىك ياشايسىز. ئۆز ئۆزىڭىزدىن رازى بولۇپ، قانائەت بىلەن ئۆتىسىز. سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكىلەر بولسا سىزدىن ئىچىمۇ رازى بولۇپ سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ.

تۇرمۇشتا بۇنداق كەيپىيات ۋە ئەقىدە بىلەن ياشىغاندا دائىم ئىشلىرىڭىز ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، كۆڭلىڭىز بەختكە ئېچىلىۋاتقاندەك ھالەتتە خۇشال خۇرام ياشايسىز. كەيپىياتىڭىز كۆتىرەڭگۈ بولۇپ، غايىڭىز تېخىمۇ ئۇلۇغۋارلىشىدۇ، ئىرادىڭىز تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئىشلار بىلەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى سېلىشتۇرساق بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولۇپ، ھەتتا مۇناسىۋىتى يوقتەك بىلىنىسىمۇ، بىراق پۈتكۈل ھاياتىڭىزنىڭ ئۇل ئاساسى تۇرمۇشىڭىزدىكى ئاشۇ ئاددىي تۇرمۇش دېتاللىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. سىزگە مەلۇملۇق ئۇل ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغان ھەر قانداق نەرسە ۋە ھادىسە مۇشكۈلاتقا بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇزۇن داۋام ئېتەلمەيدۇ.

سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئۇل ئاساسىنى مۇستەھكەملەڭ. ئۇلۇغۋار غايە تۇرغۇزۇڭ. غايە بىر ئادەمنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان ئۇستازدۇر. سىزدە غايە بولغاچ توختىماستىن تىرىشىسىز. شۇ غايە سىزنى باشقا يامان يوللارغا مېڭىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ھاياتىڭىزنى ئىسراپ قىلىشتىن، بىھۇدە ئۆتكۈزىۋېتىشتىن ساقلايدۇ. سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك قىلىپ تاللىغان غايىڭىز سىزنى بىر ئۆمۈر تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. سىز قاراڭ، تۇرمۇشتا غايە تۇرغۇزغان ھەم ئەقىدىسى كۈچلۈك كىشى بىلەن پەقەت ئەقىدىسىلا كۈچلۈك

ئىككى كىشىنىڭ تۇرمۇشتىكى روھىي ھالىتى ۋە ياراتقان ئۇنۇمى ئوخشاش بولامدۇ؟

سىز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە قارايدىغان بولسىڭىز كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان، كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، كېچە كېچىلەپ ئىچىپ ھاياتنى نابۇت قىلىدىغانلارنى دېمەيلا قويايلى، ئەتراپىڭىزدىكى نورمال تۇرمۇش رېتىمىدا ياشاۋاتقانلار ئىچىدىكى غايىسى كۈچلۈك تۇرمۇش ئاساسى پۇختىلار ھاياتنى بىكار ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ، بىراق بىر خىل تۇرمۇش رىتىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئالدىنقىلار تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىر خىل سىناق، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كەلگەن پۇرسەت، روھىنى تاۋلايدىغان پىچ دەپ قارىسا، كېيىنكىلەر ۋايساپ قاخشاپلا يۈرىدۇ. قىيىنچىلىقنى تۈگىتىش ياكى ياخشىلىققا بۇراشنىڭ ئامالىنى قىلمايدۇ. تۇرمۇشتىكى بۇنداق چارچاش ۋە جاپالار ئادەمنى تېزلا كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

سىز غايىگە ئىگە بولسىڭىز ياكى غايىلىكلەر توپىغا قېتىلىپ تېخىمۇ كۈچ قۇۋۋەتكە ئېرىشسىز ياكى غايىلىكلەر ئەتراپىڭىزغا ئويۇشۇپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچىيىسىز. غايىسىز ياشاپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ئۇن تىنسىز تۆكۈلۈپ چىرىندىغا ئايلىنىپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئوخشىسا، بىر ئۆمۈر غايە بىلەن ياشاپ ئۆتۈش مەدەنلەر ئىچىدىن تاۋلىنىپ چىقىپ بىر ئۆمۈر ئېتىبار بىلەن ياشىغان ئالتۇننىڭ ھاياتىغا ئوخشايدۇ.

ھەر بىرىمىز تۇرمۇشىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەنمىز. مەن بۇ ھاياتىمدا ئارزۇيۇمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن جەمئىيەت ياخشىلىنىشى كېرەك، جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۆز ئائىلەمنى سۆيۈشۈم، ئائىلەمنى جەمئىيەتتىكى مۇنەۋۋەر ياخشى ئائىلىگە ئايلاندۇرۇشۇم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدىكى ھەر بىر ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىشىم، ئائىلەمدىكى ھەر بىر ئەزانى جەمئىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇشۇم كېرەك دېگەن ئۇلۇغۋار غايە بىلەن ياشىشىم لازىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىز ھاياتتىن رەنجىسەك ھايات بىزنى تېزلا ئۇنتۇيدۇ. بىز ھاياتقا كۈلۈپ قارىساق ھاياتمۇ بىزگە كۈلۈپ قارايدۇ.

# ئي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## ئىبرەت بىباھادۇر

ئىمىنتوختى قۇربانىياز

### ئىبرەت پەرىشتىلىرىنىڭ ھېكايىسى

بىرىنچى ھېكايە: 17 ياشلىق زۇمرەت يالغۇز قىز ئىدى. ئۇ 2003- يىلى 24- سىنتەبىردە چوڭ ئاپىسىنى يوقلاپ بىرىپ، 3- كۈنى كەچتە چوڭ ئاپىسىنىڭ تۇتقىنىغا قارىماي ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ يالغۇزلا يولغا چىقتى. بۇ دەل قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. ئۇ مەھەللىدىن ئايرىلىشىغا، قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر موتسىكلىت ئۇنى ياندىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ پەرۋاسىزلا يولىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. لېكىن، موتسىكلىت مىنگەنلەر ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار قىزنىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزدى. ئۇلار قىزغا قول سېلىشنىڭ كېيىنى قىلىپ تۇرۇشىغا مەھەللىدىن چىققان بىر دوستىمۇ بۇ يەرگە كەپقالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موتسىكلىت مىنگىنى: «مەن بىرىپ ئۇنى توسۇپ تۇراي، سىلەر كەينىمدىن بىرىڭلار» دىگىنىچە بىرىپ قىزنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا توستى. ئۇ، قىزچاقنىڭ ئۈستىبىشىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆز مەھەللىسىدىن ئەمەسلىكىنى جەزىملەشتۇرگەندىن كېيىن موتسىكلىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاشلاپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. قىز ئۇنىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى. لېكىن ئۇ قىزچاقنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي قولىدىن تارتقىنىچە يول بويىدىكى تەكلىككە سۆرەپ ماڭدى. قىزچاق ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئۇ شۇ ئەسنادا قىزچاقنى سۆرەپ دارقىرىتىپ ئېتىزلىققا ئەكىردى. قىزچاقمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، كۈچىنىڭ بارىچە ئېلىشىپ ئۆزىنى قوغدىدى، ئەتراپ ئۇنىڭ نالە زارىدىن تىترەپ جاراڭشىپ كەتتى. ئاڭغىچە بۇ مەلئۇنىڭ كەينىدە قالغان بايىقى دوستى، 23 ياشلىق رەخىم يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ «ئىش»نى ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەكېلە، بۇنى ماڭا قويۇپ بەر» دېگىنىچە قىزچاقنى بېلىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى ئېرىق بويىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ پۇتىدىن چىرماپ يىقىتىپ يەرگە مەھكەم بېسىۋالدى. لېكىن قىزچاق بىر قولىدا ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىدا ئىتتىرىپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىپ، ۋارقىراپ ئۇنى زادى يېقىن كەلتۈرمىدى. رەخىم تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، قىزچاقنىڭ پۇت-قوللىرىنى قايرىپ، پۇكلەپ تارتقۇشلاشتۇرۇپ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئەمما قەيسەر قىزچاق: «ئۆلۈشكە رازىمەنكى، سەن ئەبلەخلەرنىڭ قولىدا ئۆزۈمنى بۇلغىمايمەن، ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قويۇۋېتىش لۈكچەكلەر- نامەردلەر!» دېگىنىچە جان- جەھلى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى. پۈتكۈل جەرياندا ئۇ ئۇلارغا قىلچىلىك يالۋۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە مۇنداق پەيتتە قارشى تەرەپكە يالۋۇرۇش ئۇنىڭ خورىكىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ قوياتتى. قىزچاق بىر تەرەپتىن توختىماي ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن

رەخىمنىڭ قولىنى مورلاپ، چىشلەپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى زادىلا تۇتقۇزمىدى. رەخىم قاتتىق قارشىلىق ئاستىدا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بوشىشىپ كەتتى. ئاڭغىچە ئۇلارغا يولدا ئۇچرىغان ھېلىقى دوستى كېلىپ: «سىلەرمۇ ئادەممۇ، بىرەرسى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەپقالسا سەت ئەمەسمۇ؟!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىزچاقنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا زۇمرەتنىڭ ئاتا- ئانىسى كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قىزىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەپقالدى. ھېلىقى بالا ئۇلارنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەر قىز لۈكچەكلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ ئىپپىتىنى ساقلاپ قالدى. لۈكچەكلەرنىڭ بارار جايى ئاخىرى ھەپسە بولدى (كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى).

ئىككىنچى ھېكايە: پاتىمە ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئوقۇش يېشىدىكى سەبىي قىز ئىدى. لېكىن نامراتلىق- يوقسۇزلۇق ئۇنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئادەتتە ئادەم ئايىغى ئانچە يەتمەيدىغان بىر خىلۋەت تاغدا كۈن بويى قوي بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. گەرچە ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭ ئۆز ئاپىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي ئۇنىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈزگەندەك قىلىسىمۇ، نامراتلىق ئۇنىڭ ئوقۇشتىن ئىبارەت ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزماي قويدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېيىنى ئىچىپ بولۇپلا، قويلىرىنى ھەيدىگىنىچە شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ تاغقا قويلىرىنى باققىلى چىقاتتى. ھالبۇكى، بۇ كەڭ كەتكەن تاغلىق رايوندا ئائىلىلىكلەرمۇ ناھايىتى شالاڭ بولۇپ، بەكمۇ جىمجىت ئىدى:

2003- يىلى 2- سېنتەبىردە ئۇ ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ قويلىرىنى ھەيدەپ ھېلىقى تونۇش تاغقا چىقتى. ئۇ، تاغنىڭ ئۈستىدە قويلىرىغا قارىغاچ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندا، تۇساتتىن بىر ناتونۇش ئەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. پاتىمە بۇ ئەرنىڭ قاراشلىرى ۋە ھەرىكىتىدىن بىرخىل شۈملۈكنى سېزىپ، قورقۇپ قالدى. بۇ ناتونۇش ئەر تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختىتىپ، ئىشتىنىنى سالغان پېتى قىزغا يېقىنلىشىپ كەلدى. پاتىمە قورقۇپ كېتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا بەدەر قاچتى. بۇ ئەر ئۇنىڭ كەينىدىن كۈچىنىڭ بارىچە قوغلاپ يېتىشىۋالدى-دە ئۇنى پۇتلاپ يىقىتىپ يەرگە بېسىۋالدى. قىزچاق ئۇنىڭ ئاستىدا تىپچەكلەپ «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ شۇنچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى بۇ جىمجىت تاغدا قويلاردىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ مەلئۇن بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، ئۇنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى، پۇتلىرى بىلەن ئۇنى تېپىپ ئىشتانىغا ئېسىلغان قوللىرىنى مورلاپ ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىنى توستى. قاتتىق قارشىلىققا دۈچ كەلگەن بۇ ئەبلەخ تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، تۇساتتىن يېنىدىن پىچاقنى چىقاردى-دە، قىزنىڭ يۈزىنى تىلىپ تاشلاپ، گېلىغا بىر پىچاق سانجىۋەتتى. ئىسسىق قان قىزنىڭ بەدەنلىرىدە ئېقىشقا باشلاپ يۈزى، بوينىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى، ئاغرىق ئازابى ئۇنى قاتتىق قىينىدى. ھېلىقى ھايۋان ئەمدى قىزنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما قىز ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى،

پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا بويىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كىيىملىرى پارە-پارە بوپكەتكىنىگە قارىماي قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەشتى. بىر قولىدا مەلئۇننىڭ ھۆججۈمىنى توسسا، يەنە بىر قولىدا بەدەنلىرىنى مەھكەم قوغدىدى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمىدى. دەل ئىككىسى يۇمداقلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، يىراق-يىراق تاغ باغرىدا ئوغۇللىرىنىڭ خىنىش قويۇشىغا ياردەملىشىۋاتقان زورىخان ئانا خېلى ۋاقىتقىچە تاغ ئۈستىدە ئىككى ئادەمنىڭ يۇمداقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەلىتىلىك ھېس قىلدى ھەم ئوغۇللىرىغا قاراپ: «بالىلىرىم، تاغدا بىر ئىش بولغاندەك قىلىدۇ، چىقىپ قاراپ بېقىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن زورىخان ئانىنىڭ ئىككى ئوغلى يەنە ئىككى بالا قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ دەرھال تاغقا چاپتى. ھېلىقى بەتبەخ تۆت ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئىشتىنىنى كۆتۈرگىنىچە قېچىپ كەتتى. ئىككى بالا تونۇغىسىز بوپكەتكەن قىزنىڭ قېشىدا قالدى. ئىككى بالا ئۇ بەتبەختنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇ بەتبەخ قېچىپ بېرىپ شۇ ئەتراپتىكى بىر قۇرۇلۇش ئورنىغا كىرىۋالدى. ئىككى بالا ئۇنىڭ كەينىدىن كىرمەكچى بولغاندا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقانلار توسۇۋېلىپ كىرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ تەۋەلىكتىكى ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى. ساقچىلار قۇرۇلۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا قانۇننى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى جىنايەتچىنى تۇتتى (كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى).

ئىلاۋە: زۇمرەت بىلەن پاتىمەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەپەر ئېپپەت پەرىشتىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇۋېتىپ قاتتىق تەسىرلەندىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئۆز ئېپىتىنى ساقلاش يولىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىغا چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس- سۇنماس قەيسەر روھىغا چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتتىم، خىيالىمدا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا ئۆتكەن نۇرغۇن گۈلەمخان، قەمبەرنىسا قاتارلىق ئېپەت پەرىشتىلىرى بىر- بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېپەت- نومۇس ۋە غۇرۇر ئۈچۈن دۈشمەنى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان ۋە ئېپەت ئۈچۈن ئۆلگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇلار قىز- ئاياللار ئېپىتىنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەزىز، ئەڭ مۇقەددەس كىملىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆلۈمى ئارقىلىق ئىسپاتلىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ زۇمرەت بىلەن پاتىمە دۈشمەنلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئاجىز تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق خىلۋەت جايدىمۇ ئۇلارنىڭ ھەيۋە- ھۇجۇملىرىغا باش ئەگمەي ئۆزلىرىنىڭ ئېپىتىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغداپ، ئۇيغۇر قىز- ئاياللىرىنىڭ ئېپىتىگە چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئېپەت ھەممە دېمەكتۇر؛ ئۇ، قىز- ئاياللارنىڭ ئىپتىخارى ۋە غۇرۇرى، بارلىقى ۋە ھاياتى، مۆرتىي كەلگەندە ئۇ تەن ۋە جاندىنمۇ بۈيۈكتۇر؛ ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈن قىز- ئاياللار چىرايلىق، ئۇ بولغاچقىلا قىز- ئاياللار سۆيۈملۈك، ئۇ بولسىلا قىز- ئاياللار قەدىرلىك، ئۇ بولسىلا قىز- ئاياللار ئۇلۇغ؛ مۇبادا ئۇ بولمىسا قىز- ئاياللار شۇنداق سەت، شۇنداق بەتبەشىرە، ئۇ بولمىسا قىز- ئاياللار شۇنداق مەينەت، شۇنداق پاسكىنا، شۇنچىلىك يىرگىنچلىك، ئۇ بولمىسا قىز- ئاياللار تاشلىۋېتىلگەن ئەخلەتتىنمۇ قەدىرسىزدۇر

(ئەلۋەتتە ئىپپەت ئۇنىڭ زورۋانلىرى تەرىپىدىن زورلۇق كۈچى بىلەن پايمال قىلىنسا، بۇنىڭلىق بىلەن ئىپپەت سۇبيېكتىنى بىراقلا ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، زورلۇق كۈچى تەرىپىدىن زىيانلانغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ سېپىمىزدە بىز بىلەن بىللە نورمال ياشاشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن ئۇنىڭ زىيانلانغاندىن كېيىنكى روھىي بېسىمى ۋە ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختىلىش بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى بولمىغاچقا، بۇنىڭغا دائىر مۇلاھىزىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، بىز داۋاملىق ھالدا ئىپپەتنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى ھەققىدە سۆزلەيمىز).

— («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەمىر غىياسنىڭ «نومۇس ۋارىئاتسىيىسى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى)

يۇقىرىقىلارنى ئوقۇۋېتىپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلمەيدىغان يىگىت بولمىسا كېرەك. چۈنكى يۇقىرىدا قەھرىمانلىقى سۆزلەنگەن ئىككى قىزنىڭ ئۆز پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىشى بىلەن پاكلىقى ساقلىنىپ قالدى. ئەپسۇسلىنىمىزكى، بۇلارنى ئوقۇۋېتىپ ھەممەيلەن غەزەپلىنىمىز. بىراق، بۇلار نېمىشقا شۇنچە زورىقىپ ئۆز پاكلىقىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ؟ ھەر ئىككىلىسى رەستە بولمىغان، راۋرۇس بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن قىزلار تۇرسا، جەمئىيەتتىكى ناشايانلارغا نېمە دەيمىز؟ دەپ سورايدىغانلار بەكمۇ ئاز.

ئەي يىگىت ئويلاپ كۆرۈڭ. يۇقىرىدىكى ئىككى قىز سىستېمىلىق مەكتەپ تەربىيىسى ئالمىغان بولسىمۇ بىراق، خېلى مۇكەممەل ئائىلە تەربىيىسى ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ھايا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېتىقاد بىلەن ياشىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ قىزلىرىمۇ ھايالىق، ئىپپەتنى ئەڭ بىباھا دەپ بىلىدىغان ئېسىل، پاك، باتۇر قىزلارغا ئايلانغان ئىدى.

ئارىمىزدىكى يىگىتلەر ئىچىدىن يۇقىرىقى ئىككى قىز پاجىئەسىنى ئوقۇۋېتىپ ئىككى قىزغا ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدىغىنى ئاز بولمىسا كېرەك. يۇقىرىدىكى بايانغا بىپەرۋالىق بىلەن قارايدىغانلار ھەم بولغىنى ئۈچۈن بۇنداق ئىككى خىل كىشىلەرنى بۇ جايدا ئاز تولا چۈشىنىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

ئىككى قىز پاجىئەسىگە ئېچىنغان يىگىت تۇرمۇش تەجرىبىسى، بىلىمى، غۇرۇرى، ئېتىقادى مۇستەھكەم ئائىلىدە چوڭ بولغانلار بولۇپ، بۇلار ئەخلاقنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمىسىمۇ بىراق بۇنداق يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە، يۈرۈش- تۇرۇشلىرىغا، ئارىلىشىۋاتقان يېقىن كىشىلىرىگە قاراپلا، بۇنداق يىگىتنى ئېسىل يىگىت دەپ قارايمىز. بۇنداق يىگىت يۇقىرىقى ئىككى قىز پاجىئەسىدەك پاجىئەگە يولۇقسا ئۇنداق نومۇسسىزلىقنى ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە توسىدىغان ۋە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان، بىر ئۆمۈر ئەتىۋارلاشقا ئەرزىيدىغان ئېسىل، پاك، باتۇر يىگىتتۇر. شۇڭا، ھەر بىر قىز ھاياتىدا بۇنداق يىگىتلەرگە ئۇچراپ قېلىشنى شەرەپ ۋە ئارزۇيۇم، بەختىم، ھاياتىمدىكى بىباھا پۇرسەت دەپ بىلىشى لازىم.

ئىككى قىز پاجىئەسىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىغان يىگىت تۇرمۇش تەجرىبىسى، بىلىمى، غۇرۇرى، ئېتىقادى مۇستەھكەم بولمىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان يىگىت بولۇپ، بۇلار ئەخلاقنىڭ

قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلانمايلا قالماستىن، ئۆز ئەخلاقىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ياخشى بولمىغان ئەخلاقىغا، يۈرۈش تۇرۇشلىرىغا، ئارىلىشىۋاتقان يېقىن كىشىلىرىگە قاراپلا، بۇنداق يىگىتنى ئوڭايلا پەرق ئېتەلەيمىز. بۇنداق يىگىت يۇقىرىقى ئىككى قىز پاجىئەسىدەك پاجىئەگە يولۇقسا ئۇنداق نومۇسسىزلىقنى توسىماي ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ناچار بولغان ساپاسى تۈپەيلىدىن ئېنتايىن ئېپلاس بولغان نومۇسسىزلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداقلارغا يولۇققان قىز بىر ئۆمۈر ئازاب ۋە جاپادا ياشاپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر قىز ھاياتىدا بۇنداق يىگىتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

تۇرمۇشتا بۇنداق مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى يوق يىگىتنىڭ تۇرمۇشتا باشقا تەرەپلەردىن تارتقان ئەرزىيەتلىرىنى دېمەيلا قويايلى. بۇلار ھاياتىدا بىر نەچچە قېتىم ئۆيلىنىدۇ. تۇرمۇشتا دائىملا بىپەرۋالىق قىلغانلىقى، ھەمراھ تاللاشتا سەل قارىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. تۇرمۇشىدىكى بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالماي ئىلگىرى سادىر قىلغان تىراگېدىيەنى يەنە سادىر قىلىپ سالىدۇ. تۇرمۇشتا بىر ئۆمۈر ئازاب، پۇشايمان ئىچىدە «ئۆمرۈم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كېتەرمۇ» دەپلا ياشايدىغان ۋە بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمايدىغان، ئۆز دەردىنى ئۆزىلا بىلىپ ياشايدىغان ئازابلىق ھاياتتا ياشايدۇ. خۇلاسە قىلغاندا، بۇنداقلارنىڭ بارلىق دەردى ئەپپەتكە سەل قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان پاجىئەدۇر.

ئەپپەتكە سەل قاراش بەكمۇ ئېغىر كىرزىس بولۇپ، بۇنداق كىرزىس بىرەر يۈزتا بىرەر يىل ئىچىدىلا يۈز بەرمەيدۇ. ئاڭ پىكىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شالغۇت، ناچار ئەخلاقلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدە چېچىلىش يۈز بېرىدۇ. ئىرادىسىز، مۇستەھكەملىككە ئىگە بولمىغان ياشلار كۆپەيگەنسېرى، كۆپەيگەندىمۇ جەمئىيەتتە مەلۇم نىسبەتكە يەتكەن چاغدا ئىپپەتنىڭ قەدرى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئىپپەتنى يوق يىگىتلەر بىلەن ئىپپەتنى يوق قىزلارنىڭ تويى قىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن ئائىلىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى، ئېتىقادى، ئىپپەتكە بولغان قارىشى سۇس بولۇپ قالسا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئىپپەتنى قەدىرلىمەيدىغان، غايىسىز، غورۇرسىز، بىپەرۋا ھالەتتە چوڭ بولىدۇ. بۇنداق ھالەت ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان چوڭ زىياندۇر.

ئىپپەتنى قەدىرلىمىگەن جەمئىيەت، بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن جەمئىيەتتۇر. ئىپپەتنى قەدىرلىگەن قىز، ئىپپەتنى قەدىرلىگەن يىگىت، ئىپپەتنى قەدىرلىگەن ئائىلە، كىشلىرىمىز بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل بىناھا كىشلىرىمىزدۇر. ئىپپەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلە، بەخت ئىچىگە قۇرۇلغان گۈل گۈلىگە كەلگەن بەخت ئىچىدىكى ئائىلە ھېسابلىنىدۇ.

كوچىلاردىكى قىز- يىگىتلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۈرۈشىۋاتقانلىقىغا، قۇچاقلىشىپ تۇرۇشۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئاشۇ قىزدا ئىپپەت بار دېيەلەمدۇق؟ ئاشۇ يىگىتتە ئىپپەت بار دېيەلەمدۇق؟ بۇ بىر يۈرەكتىكى ئېغىر بوھراندۇر.

ئىپپەت قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەخلاقنىڭ بولۇپمۇ ئەرلەردىكى ئەخلاق، ئۆرپ- ئادەت، ئېتىقاد قارىشىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئىپپەت بوھرانىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەپتۇر. بۇنداق دېيىشىمىزدە ئەرلەرنىڭ ئائىلە باشلىقلىق

ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلىقى، ئائىلىنىڭ تەربىيە، ئىقتىساد... قاتارلىق بارلىق ۋەزىپىلىرىگە مەسئۇل بولۇش ھوقۇقى بارلىقى كۆزدە تۇتۇلدى.

مانا مۇشۇنداق ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاق ۋە ئەقىدىدىكى ئاجىزلىق بولۇپ، ئۆز يۇرتىنى سۆيىدىغان ھەر بىر كىشى ئىپپەتنى قەدىرلىمەيدىكەن، ئىپپەتنى بۇزۇشقا يېتەكلەيدىغان سۆز، ھەرىكەتلەر، كىيىم كېچەكلەر، سۈرەتلەر، فىلىملەرنى توسمايدىكەن ئۇنىڭ يۇرتىنى سۆيۈشى يالغان بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ناچارلىقلارنى ئۇچراتساقلا چىرايلىق سۆز، مۇلايىم ھەرىكەت، ئىللىق پوزىتسىيە بىلەن، ئەگەر بۇلار كار قىلمىسا چامىمىزنىڭ يېتىشىچە تۈزىتىشكە ئۇرۇنساق ئىپپەتلىك بىباھا قىز- يىگىتلەر كۆپەيگەنسېرى ئېنىقكى كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى كۆپىيىدۇ.

كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش ئىپپەتتىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرنى قوغداش ۋە قوغدىيالماسلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئىپپەتلىك بىر قىزغا ئۆيلىنىشىڭىز سىزنىڭ ئالەمچە بەختىڭىزدۇر.

كەلگۈسى تۇرمۇشتىكى بەخت — ئېتىقادلىق ئىپپەتنى قەدىرلىگەن قىز- يىگىتلەرگە مەنسۇپ. ئەكسىچە، قىز- يىگىتلەر ئەقىدىسىدىن، ئۆرپ- ئادىتىدىن يانلىشىپ ئىپپەتكە ئېتىبارسىز قارايدىكەن ئۇلار ئاخىر خاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئې يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — جۇرگىز بىلەن ئورتاقلىقىڭىز بولسۇن[1]

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ئائىلە تۈزۈمىگە ئاساسەن قۇرۇلغان بىرلىك ۋە مۇھەببەت ھەر ئىككىسىنىڭ نەسەب جەھەتتە بىر - بىرىگە ماس كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق بولمىغاندا نەسەب جەھەتتە يۇقىرى بولغان تەرەپ تۆۋەن بولغان تەرەپنى ھېسابقا ئالمايدۇ. ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت بىر - بىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمىسا، ئىككىسى ئاخىر ئازاب - ئوقۇبەتتە بەختسىز بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولغۇسى ئاياللىرىنىڭ ياكى بولغۇسى ئەرلىرىنىڭ بايلىقىدىن باشقىلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئائىلە قۇرۇشتىكى يېڭىلىشلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى ئاز كۈن ئىچىدە ئاشكارىلىنىدۇ. نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق قانداق نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟! ئادىبىي خەلققە نىسبەتەن نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مال - مۈلۈك ھەم مەنسەپ كەبى نەرسىلەردە، مەرىپەت ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن تەربىيە جەھەتتىن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىگە باراۋەر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

---

[1] بۇ بەتتىن 158 - بەتكىچە بولغان مەزمۇن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «سوۋغات» ناملىق كىتابنىڭ 2004 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىدىن ئېلىندى.

تەربىيە دېمەكتىن مەقسەت شىلەپە كىيىش، يۈزىگە ئاق - قىزىل بوياقلارنى سۈرتۈش، كۆزەينەك تاقاپ، سايىۋەن كۆتۈرۈش، تىياتىرغا بېرىش، چوڭ سەللە ئوراپ باشنى سىلىپ ئولتۇرۇش، ناھايىتى ئاز نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان قىياپەتتە كۆرۈنۈش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئېتىقاد - ئەقىدە جەھەتتە پاك بولۇپ، نەقەدەر بىچارە، نام - ئاتاقسىز بولسىمۇ، ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ئۆزىنى تەربىيىلەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

مەئىشەت دۇنياسىدىن لەززەت تاپقان كىشىنىڭ بۇ كۈندە ھەمىشە ئالتۇنغا تولغان بولسىمۇ، يالاڭ ئاياغ كوچىدا كېزىپ يۈرگۈچى قىلىقسىزلاردىن پەرقى بولماس. چۈنكى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر بايلىققا ھېرىسمەن بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تەربىيەسىزلەرنىمۇ ئىختىيار قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداقلارغا «ئائىلە ئۈچۈن دوستلۇق ئىختىيار قىلدى» دېگەندىن كۆرە «پۇل ھېسابىغا ۋىجدانىنى ساتتى» دېيىش مۇۋاپىقتۇر.

راھەتنى بېرىپ پۇل تېپىشتىن ياكى راھەتسىز بايلىق ئارتتۇرۇشتىن نېمە پايدا بار؟ دۇنيادا سالامەتلىك بىلەن كۆڭۈل راھىتىدىن ئارتۇق بايلىق يوقتۇر. ئائىلە شەرىپىنى ساقلىغۇچى ئايال دۇنيانىڭ قانداق ئېغىرچىلىقىغا ئۇچرىسىمۇ ئېرىگە خىيانەت قىلماس، بالىلىرى ھەم نەسىللىرىنىڭ يۈزلىرىنى يەرگە قاراتماس.

ئائىلىگە ئاتا بولماق ھەم قول ئاستىدىكىلەرگە سايىۋەن بولماق مەرتىۋىسىنى بىلگۈچى ئەر ئەزىز ئۆمرىنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم نىكاھ ۋاقتىدا ھەر ئىككى تەرەپ بار نەرسىدىن باشقا ئۇشبۇ سۆزلىگەنلىرىمىزگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ياش يىگىت، ياش قىزلار ئارزۇلىرى بۇيۇك بولغانلىقتىن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەقتە گۈزەل پىكىر قىلىشقا بەلگى ئۈلگۈرمەستىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوستـ بۇرادەرلىرى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بولغۇشى ئائىلىنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە بولغۇسى ئەرنىڭ بالىلىقىدىن باشقا تەرەپلەرگە كۆپ ئېتىبار قىلىنمىغان ياكى كەمچىلىكلىرى نۇقسان دەپ قارالمىسا، ھەر ئىككى تەرەپمۇ خاتا قىلىدۇ.

ئائىلە شەرىپىنى ساقلىيالمىغان ياكى ئېرىدىن تۇل قالغىنىدا بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۈچى يەتمىگەن، پىشۇرۇپ يېدۈرۈش، ئىچۈرۈش، كىيىم تىكىش ۋە ياماش قاتارلىق ئىشلار قولىدىن كەلمىگەن ئائىلىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئائىلە ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار؟!

ئائىلى ۋە بالىلىرى سۆھبىتىدىن قېچىپ ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن، بارلىق بايلىقىنى ئەمەل ھەم شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا سەرىپ قىلغان ئەرنىڭ بايلىقىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

پۈتۈن جاھان خەلقى پۇل بېرىپ راھەت ئېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ئەرنى ئىختىيار قىلغۇچى ئايال راھەت سېتىپ پۇل ئالغان بولىدۇ.

تەربىيە كۆرگەن قىزلارنىڭ يامان نام ئېلىپ قالغان يىگىتلەرگە بېرىلگەنلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ بۇزۇقلۇقلىرىنى ئاتىلىرىنىڭ بايلىقلىرى بىر ئاز پەردىلەپ تۇرسىمۇ كېيىنچە بۇ پەردە ئېچىلىپ، يىگىتنىڭ ھالى مەلۇم بولىدۇ. شۇلارغا مۇپتىلا بولغان قىزلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئېتىبارسىزلىقلىرى سەۋەبىدىن بىر ئۆمۈر قايغۇ-ھەسرەت تارتىدۇ.

# ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق

ھەر نەرسىنىڭ تەبىئىي بىر ئۆلچىمى باردۇر. ئۆلچەمسىز ئىش ھېچ ۋاقىت پايدا بەرمەيدۇ. نىكاھنىڭمۇ مەلۇم ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قىلىش يا تىببىي، يا ئەخلاق جەھەتتە نىسبەتەن زىيانلىقتۇر. نىكاھ ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا ياش ئېتىبارىغا قاراپ مۇۋاپىق بولۇش تەبىئىي بىر ئىشتۇر. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ھەقىقىي نىكاھ بولماي، بەلكى پەقەت رەسىم-قائىدىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق نىكاھلارنى نىكاھ دېيىشتىن كۆرە، نىزا ۋە ئۆكۈنۈش ياكى بولمىسا تىجارەت دېيىش مۇۋاپىقتۇر. مەسىلەن: قېرى بىر ئادەم بايلىقى سەۋەبىدىن ياش بىر قىزنى نىكاھلاپ، پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئەمەس، بەلكى ياشلىقىنى سېتىپ ئالىدۇ. بۇ ئىش قانۇنىي جەھەتتىن خىيانەت بولمىسىمۇ، ئەخلاقىي جەھەتتىن خىيانەتتۇر. قېرى بىر ئادەم بىلەن ياش بىر ئادەمنىڭ تەبىئەتلىرى ئارىسىدا تەبىئىي خىلاپلىق بولغىنى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ.

نىكاھ ئۈچۈن تەبىئىي بولغان ياش ئەرلەر يىگىرمە بىلەن قىرىق ئارىسىدا، قىزلاردا ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ئارىسىدىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ۋە بۇرۇن بولغان نىكاھلار پايدىسىز بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى پەرق ئون ياشتىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك. پەقەت زۆرۈرىيەت يۈز بەرسىدىنلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن. ئىتتىپاقتىن مەھرۇم بولغان ئائىلە پەقەت نامىدىلا ئائىلە بولۇپ، ھەقىقەتتە ئائىلە ئەمەستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. ياشلارنىڭ جىنازىلىرىنى قېرىلار ئۇزىتىپ بارغان ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، ئۆلۈم نوۋىتى ياشلاردىن ئاۋۋال قېرىلارغىدۇر. بۇنداق بولغان ئەھۋالدا، ئەللىك ياشلىق ئادەمگە تەگكۈچى ئون سەككىز ياشلىق قىز ئون يىلدىن كېيىن بىر ئىشقا يارىمايدىغان قېرى بىلەن كىچىك باللارنىڭ مۇشەققىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا سالامەت بەدەنلىك، قۇتلۇق كىشىلەرنىڭ باللىرى كۆپ ۋاقىت سالامەت بولۇپ، قېرى كىشىلەردىن تۇغۇلغان باللار خەستە، زەئىپ بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق ئايالنىڭ باللىرى خەستە، زەئىپ بولسا، بىچارە ئايال زەخمەت ئۈستىگە زەخمەت چەككەن بولىدۇ ۋە دۇنيادا قانچە ياشىسا، شۇنچە باللادىن بېشى بوشمايدۇ.

## توي

توي كۆپىنچە كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم شاد - خۇراملىققا چۆمگەن بولىدۇ. ئەگەردە ئىسراپ چېگرىسىدىن چىقمىسا زىيىنى يوق. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭچىلىق قىلماق ياكى شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كىرەكسىز ھالدا مال - دۇنيا سەرپ قىلىمەك مۇناسىپ ئىشلاردىن ئەمەس. قانداق توغرا كەلسە، شۇنداق مال سەرپ قىلماق مەردلىك بولمىغىنىدەك، ئادالەتسىزلىك بىلەن مال توكمەكتىن ساقلانماقمۇ بېخىللىق ئەمەس. بېخىللىق ۋە مەردلىكنىڭ مىزانلىرى بار. مىزانغا سېلىپ تارتىلغاندىن كېيىن بېخىللىق بىلەن ئىسراپ بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

ئەقىللىق كىشى پەقەت ئاۋامنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئۆز مالىنى نابۇت قىلماس. مەئىشتى يار بەرمىگەن ھالدا باشقىلارغا

تەقلىد قىلىپ سەرمايىسىنى سورۇۋەتمەس. بۇ سۆزلەردىن مەقسەت قازان شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تويلىرىدىكى ئىسراپچىلىقلىرىنى مەنئى قىلماق ئەمەس. بىزنىڭ ئاجىز قەلىمىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن ۋائىزلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇنداقلار توغرىسىدا قازانلىقلارغا تەقلىد قىلماق مۇناسىپ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى، ھەر قانداق ئەقلىلىق كىشىنىڭ ئىشى بارچە خەلق ئۈچۈن تەقلىدگە سالاھىيەتلىك بولۇپ كەتمەس. روسىيە مۇسۇلمانلىرى دېگەندە قازان شەھىرىدىكى بايلار ۋە باي سۈرىتىدە كۆرۈنگۈچى زاتلار ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمانلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بولارنىڭ كۆپ قىسمى قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان ساپ كۆڭۈللۈك، قانائەتلىك، مېھنەتكەش ئۈچۈن يۈز بىلەن خىزمەت قىلغۇچى، كىبىر، تەكەللۇپسىز ئادەملەردۇر. بىزنىڭ يازغانلىرىمىز ۋەنەسىھەتلىرىمىز شۇلار ئۈچۈندۇر. بولار قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئادەملەر بولۇپ، بولارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە زىرەرسىز خۇلقلىرىنى شۇ گۈزەللىكىدە ساقلىماق لازىم.

تويدا ئادەتتىن تاشقىرى مال ئىسراپ قىلماق بىلەن ياخشى نام چىقسا ئىدى، ئاباسىيلار خەلىپىلىرىدىن مەئمۇننىڭ دەبدەبە بىلەن بولغان تويىنىڭ ياخشى نامى قالغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر توي مەئمۇن تارىخىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى. تويلاردا يالغۇز شانۇ شۆھرەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان بايلىق قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىستىقباللىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ياكى ئىلىم، مىللەت پايدىسىغا سەرپ قىلىنسا ئەڭ گۈزەل بىر ئىش بولۇر ئىدى.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىماقلىقلىرى كىچىك ھادىسىلەردىن ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئادەملەر كۆنۈپ كەتكەنلىكلىرىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا قانۇنىي بولغان نىكاھ ھەمدە نىكاھ ۋاقتىدىكى تويدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ- توي ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى، بارلىق دوست- بۇرادەرلىرى ئېخلاس بىلەن ئاللادىن خەير سورىماقلىرى لازىم. بۇ كەبى ئەھمىيەتلىك سائەتلەرنى ئېتىبارغا ئالماي، بارچە يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىچىملىكلەرنى ھازىرلاپ، ئىچىشبازلىق مەجلىسى قۇرماق توينى بولغاشتۇر.

## نىكاھ تويى

نىكاھ تويى - ئارىلىرىدا نىكاھ بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ دەسلەپكى مەرتە كۆرۈشمەكلىرىدۇر. رەپىقە بولمىش ئايال بىلەن كۆرۈشكەندە شەپقەتۇ ئېھتىرام بىلەن سالام بەرمەكلىك، مۇلايىم، ئوچۇق چىراي بىلەن سۆزلەشمەكلىك ئەدەپتۇر. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى ناماز ئوقۇپ، ئاللادىن خەيرلىك مەئىشەت، ھالال رىزىق ۋە ئېزگۈ تۇرمۇش سوراپ تىلەك تىلىسە گۈزەل بولۇر. خۇسۇسەن بۇ ۋاقىت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە مۇلايىملىق تەسىر قىلۇر. تىلەك تىلىمەك ئۈچۈن بۇنداق چاغلار غەنىيمەتتۇر.

ئايالغا ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىدىن، نىكاھ ۋاقتىدا تۇغقانلار ئارىسىدا بولغان بەزى مۇناسىۋەتسىز ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىشتىن، مېھرى- مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مال- مۈلۈكنىڭ ئازلىقىدىن، باشقىلارنىڭ توينىڭ شۆھرىتى ۋە مال- مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن، باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە بولغان ھۆرمەتلىرىدىن سۆز ئېچىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ

سائەتلەر ئائىلىلارنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللىرىگە تەسكىن بېرىلىدىغان ۋاقىتتۇر. نومۇسلۇق كىشى بۇنداق نەرسىلەر ھەققىدە تويى ۋاقتىدىلا ئەمەس باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئائىلىگە سۆزلىمەس، ھەتتا ئۆمۈر بويى ئارىدا ماجىرا چىقارماس. توي مۇراسىمى ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ كۆلۈش ياكى دائىم ئاچچىقى كەلگەندەك تۇرۇش باشقا ئائىلىلارنى ماختاشمۇ تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

توي مۇراسىمى ۋاقتىدا يېقىنلاردىن بىرەرسىنىڭ قىزنى ئۆزىنىڭ ھامىيسى بولغان ئېرىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىش مۇناسىپ بىر ئىشتۇر. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا نامەھرەم كىشىلەرنىڭ بىرگە بولۇشى ياكى بىر نەچچە قىزلارنىڭ ياسىنىپ ـ تارىنىپ قىز بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ يانلىرىدا ئولتۇرۇشلىرى مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئادەم بالىسى ئۆيلىنىشكە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن مەجبۇر بولسىمۇ، ئەسلى مەقسەت ئىپپەت بىلەن ياشاش ۋە كۆڭۈلنى تەربىيە قىلىشتۇر. كۆپ ئەندىشە، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن تىندۇرۇلغان بولغۇسى ئائىلىنىڭ كۆڭلى گەرچە مەلۇم جەھەتتىن ئاشۇ قىزلارنىڭ تاماشاغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى كۆرۈپ يېرىم بولغۇسى. بەلكى، ئاشۇ سائەتتە بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ كۆڭلى ئىككىنچى بىر قىزغا باغلىنىپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتى سۇسلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئادەتنى توغرا دەپ بولمايدۇ ۋە ئۇنى توگىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت

بۇ دۇنيادا ئادەم باللىرىنى بىر- بىرىگە مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن جامائەت تەشكىل قىلدۇرغان نەرسە ئېھتىياجدۇر. ھاياتتا بىر- بىرىگە موھتاج بولۇش ئادەم زاتىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشىغا سەۋەب بولغاندۇر. لېكىن، ئەر بىلەن ئايالنى بىر- بىرىگە باغلاشقا قانداق نەرسە سەۋەب بولىدۇ؟

ئەر بىلەن ئايالنى بىر- بىرىگە باغلىغۇچى نەرسە مۇھەببەتتۇر. ئەگەر ئۆيلىنىش بىر كۆۋرۈككە ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت كۆۋرۈكنى مەھكەملىگۈچى مىخلارغا، ئەگەر ئۆيلىنىش بىر بىنا قۇرۇلۇشىغا ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت ئۇنى مۇستەھكەملىگۈچى ئاھاكقا ئوخشىتىلىدۇ. مۇھەببەت بولغان يەرگە پاراۋان تۇرمۇش ھەم مەدەنىيەت، بولمىغان يەرگە خارابلىق كېلۇر.

پۈتۈن دۇنيانىڭ نىزامى مۇھەببەت بىلەن بىرگىدۇر. ئادەم بالىسىغا پەزىلەت كەلتۈرمەكچى، خۇلقىنى كۆركەم قىلىپ، ئەقلىنى تەربىيە قىلغۇچى نەرسمۇ مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت ئادەم بالىسىنى ھەر تۈرلۈك زىلالەتلەردىن پاك قىلىدۇ.

ئەڭ يېقىملىق ۋە زۆرۈر بولغان مۇھەببەت ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر، چۈنكى بىر- بىرلىرىگە مۇھەببەتلىرى بولغان ئەر بىلەن ئايال دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مېھنەتلىرىدىمۇ ئۆمۈرلىرىنى سائادەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. مۇھەببەت پاك ۋە ساپ بولۇش شەرتى بىلەن ئەر- ئايالنى بىر- بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئەقللىرىنى تەربىيلەيدۇ. بىر- بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئەر بىلەن ئايال

ئائىلىسىنى، ھەتتا قوشنىلىرىنىمۇ نارازى قىلمايدۇ. لېكىن، مۇھەببەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ شەخسەن بىر مۇنچە ئۇلۇشلىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى يۈرەك بىر-بىرىگە ئىنتىلىدىغان بولسا يوق مۇھەببەتنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىن بار بولسا، مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئىنتىلمىگەن ھالدا «ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق» دەپ شىكايەت قىلغۇچى ئەر بىلەن ئايال ھەقلىق ئەمەس. بۇنداق ھال يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئەسلى سەۋەبنى بىلىپ، ئائىلىنى تىكلەشكە ئىنتىلىشلىرى لازىم. سەۋەب ھەققىدە يېزىشتىن مەقسىتىمىز سۆيۈكۈشلىتىش ياكى تومار يېزىپ ئېلىپ يۈرۈش ئەمەس، بۇنداق نەرسىلەردىن ھېچقانداق پايدا يوقتۇر. بىزنىڭ مۇرادىمىز ئەخلاق ئالىملىرى تەرىپىدىن مۇھەببەتنىڭ سەۋەبلىرى دەپ كۆرسىتىلگەن نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكتۇر.

ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ نەسىھەتلىرى مۇنداق: ئەر ئەگەردە ئايالىنىڭمۇ ھەيبەتلىك ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن؛ چۈنكى مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ تەربىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ تەربىيىگە موھتاجدۇر. ئايالمۇ بىر مېۋىلىك دەرەختۇر. ياخشى مېۋە بەرمىگەندە دەرەخنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كەبى ئايالمۇ ناچار بالا تەربىيىلىسە، ئېرىگە تەنبىھ بېرىلىدۇ.

ئەر ئايالنىڭ تەبىئىتىنى ياخشى بىلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئاچچىقى تېز كېلىدۇ، ئىچىمۇ تار بولىدۇ. كۆپىنچە ئويۇننى چىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كەمچىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا، ئۇلار بىلەن دە تالاش قىلماسلىققا، ئاچچىق سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەتمەسلىككە، تەبىئىتى ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشقا مايىل بولۇش، ئورۇنسىز كۈنلەمچىلىك قىلماسلىق، ھەممىلا نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈۋەرمەسلىك، ئەپۇچان بولۇش كېرەك، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ، ئۆينىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى جەلىپ قىلغۇچى نەرسە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن شەپقەتتۇر. ئەر ئىچىملىك ئىچمىسۇن، قىمار ئوينىمىسۇن، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولمىسۇن، يوق ئىشلارنى بار قىلىپ خوتۇن، بالىلىرىنى تاشلاپ يۈرمىسۇن، ئايالى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن مۇھەببەتكە بىلمىگەندەك مۇئامىلە قىلماي، ياخشى جاۋاب قايتۇرسۇن.

ئەر ئايالىنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرگە، ئىسراپچىلىقلارغا ئادەتلەندۈرمىسۇن، ئاز خىراجەت ۋە ئاز نەرسىلەرگە ئۆگەتسۇن، چۈنكى زىننەت، لەززەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلگەن كىشى ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ تېپىلاش نىيىتىدە بولىدۇ. (نەتىجىدە يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ — تەييارلىغۇچىدىن).

ئايالنىڭ خۇلقى ھەر ۋاقىتتا ئەرنىڭ خۇلقىغا تەۋە بولغانلىقتىن ئايالنى تەربىيىلەشكە كىرىشكەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن. ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىنىڭ جاھاندىكى مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەڭ گۈزىلى ئىكەنلىكىنى خاتىرىلەپ، ھەر ۋاقىت پاك بولۇشنى ئادەت قىلسۇن. چۈنكى، ناپاك ئايال مۇھەببەتكە سازاۋەر ئەمەس. پاكلىقنى ئادەت قىلمىغان ئايال ئېرىگە گويا «مېنى سۆيمە، چۈنكى مەن سۆيۈملۈك شاراپەتتىن مەھرۇممەن» دېگەندەكتۇر.

ئېرى يوق ۋاقىتتا ياكى باشقا جايغا بارغاندا ئاددىي كىيىملەر بىلەن بولۇپ، ئېرىنىڭ ھوزۇرىدا گۈزەل كىيىملەر بىلەن زىننەتلىنىپ يۈرسۇن. ھۆسن ۋە زىننەت ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال بولارغا رىئايە قىلسا، مۇھەببەتلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش سىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىڭىزدۇر①

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، تەڭرى جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن، شەھۋەت (ئىسپېرما) نى ياراتتى. ئاتا — ئانىلارنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب قىلدى.

ئەي ئوغۇل، ئاتا — ئانىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىغايسەن، ئۆز ئەسلى — زاتىڭنى ئۇلۇغلىغايسەن. ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئۆز ئەسلىڭنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. «ئاتا — ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بار؟» دېمە. چۈنكى، ئاتا — ئاناڭ سېنى دۇنياغا كەلتۈردى. ئاتا — ئاناڭ بولمىسا، سەن دۇنياغا كەلمەس ئىدىڭ. ئاتا — ئاناڭ ۋۇجۇدىدىن سېنى تۇغۇپ، چەكسىز جەبىر — جاپالار بىلەن ئاسراپ، تەربىيىلەپ، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېنى ئۆستۈرۈپ ئادەم قىلىپ، كىشىلەر قاتارىغا قوشتى. ئەگەر ئاتا — ئاناڭ سېنى شۇنداق يېتىشتۈرمىسە، سەن نەدىن كەلگەن بولاتتىڭ ۋە قانداق بولۇپ بۇ يىگىتلىك — ياشلىق ھالىتىگە يېتەتتىڭ؟

①بۇ بەتتىن كىتاب ئاخىرىغىچە بولغان مەزمۇنلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان «قابۇسنامە» ناملىق كىتابنىڭ 2-نەشرى 4-باسمىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

ئەمدى ساڭا زۆرۈرى، ئۆز جېنىڭنى قانداق سۆيسەڭ ئاتا ـ ئاناڭنى شۇنداق سۆيۈپ قەدىرلىگەيسەن، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن ـ ئاتا ـ ئانا قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت تەڭرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب بولغۇچى نەرسىنى بىلمىگەن بولىدۇ. [illegible]

ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنماق پەرزدۇر. ئاللاتائالا: «تەڭرىگە ۋە تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۆزۈڭلاردىن بولغان پەرمان ئىگىسىگە بويسۇنۇڭلار» دەيدۇ. ئاللانىڭ بۇ ئەمرىدىكى «پەرمان ئىگىسى» ئاتا ـ ئانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا يەنە ئاتا ـ ئانىنى خورلىماسلىقنى، ئۇلارغا گۈزەل، ياخشى، يۇمشاق سۆزلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ھەققىنى باشقا جەھەتلەردىن كۆرمىسەڭمۇ ئەقلى يۈزىسىدىن ئويلاپ كۆر، ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەبچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ، ياخشى پەرزەنت ياخشى ئادەم بولالمىغان بولىسەن. ھەرقانداق ئادەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ھەرگىز ئادا قىلالمايدۇ. بۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

سەن ئەگەر پەرزەنتىڭدىن ھۆرمەت ئۈمىد قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ لازىم. بالىلىرىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا قىلغان ھۆرمەتنى كۆرۈپ، ساڭا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. سەن بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايسەن، بالىلىرىڭ شۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قانچىلىك ياخشى

www.uyghurkitap.com



قىلساڭ، شۇنچىلىك رازىلىقىنى دۇئاسىنى ئالىسەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر. ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل: «ئاتا ـ ئانام ئۆلسە ئۇلاردىن ماڭا مال ـ مۈلۈك، پۇل مىراس قالاتتى» دېمە. ھەتتا بۇنداق يامان خىيالنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمە. ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن سەن ئۆلسەڭ قانداق قىلىسەن؟

ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەرقاچان ئۆزۈڭنى تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرۇپ شۈكۈر قىل. ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل ـ ئىلمىڭ، ھۈنەر كەسپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى، ئەقىل ـ بىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ، بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل بىلىم بولسا، بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. لېكىن، ئەقىلنى، بىلىمنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. بىلىم بولمىسا مال ـ مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما، ئەقىل ـ بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

ئەقىل ـ بىلىمىڭ بولسا، ھۈنەر ـ سەنائەت ئۆگەنگىن. ئەقلىڭ، بىلىمىڭ، ۋە ھۈنىرىڭ بار ئىكەن، ئەدەپ ـ ئەخلاقىڭ ياخشى بولسۇن، چۈنكى «ئەدەپ ـ ئەقىلنىڭ سۈرىتى ـ شەكلى» دۇر.

# ئىي يىگىت ئاگاھ بولغىن — ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ھۈنەر — سانائەت بىلەن ئىپتىخارلىنىش نەسەب بىلەن پەخىرلىنىشتىن ياخشى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشقىن، ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە پايدىسى يوق. ھۈنىرى يوق ئادەم گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ. تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى چۈشمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەمگە ھۈنەر زۆرۈر. ھۈنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى ھايۋان ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەمنى «ئىنسان سۈرەتلىك ھايۋان» دېيىلگەندۇر. ئەي ئوغۇل، «مەن پالانى، ئۇلۇغ ياخشى كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ يۈرمەي، ھۈنەر ئۆگەنگىن «شان — شەرەپ ئەقىل، ئىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن تەڭ كېلىدۇ».

ئەي ئوغۇل، ئاتا — ئانىڭدىن قالغان نام (نەسەب) بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھۈنەر — كەسىپىڭ ۋە ئەقىل — پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان. چۈنكى، ئاتا — ئاناڭ ساڭا چىرايلىق قىلىپ ئەھمەد ياكى مەھمۇد، ئابدۇللا، ئابدۇراخمان دەپ ئىسىم قويغان بولسا، بۇ ئىسىم ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھاسىل قىلغان ئالىم، پەيلاسوپ، دوختۇر، ئۇستاز — مۇئەللىم ياكى ھۈنەرۋەن دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناملارنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى شەرەپلىكتۇر، تىرىشىپ ياخشى، شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكىن. يامان نام بىلەن مەشھۇر بولۇشتىن ساقلانغىن.

كىمكى ئۆزى نادان (ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز) بولسا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. نادان ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بىلىمسىز ئادەمدىن ساڭا نەپ تەگمەيدۇ. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن ئادەمنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك.

ئەي ئوغۇل، ھۈنەرلەر ئارىسىدا قايسى ھۈنەر ياخشىراق؟ ھۈنەرلەر ئارىسىدا «ناتىقلىق» (سۆزلەش ماھارىتى) ياخشىدۇر. ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقلار ئىچىدە ئون نەرسە بىلەن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون نەرسىنىڭ بەشى مەخپىي، بەشى ئوچۇق بولىدۇ. مەخپىيەتلىك ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئورتاق ھېس: بۇ خەۋەرنى تاشقى ئالەمدىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، خىيال: بۇ، خەۋەرگە شەكىل بېرىدۇ. ئۈچىنچىسى، پىكىر: ئۇ، شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىگە نەتىجە بېرىدۇ. تۆتىنچىسى، يەم: (ئويلاش)؛ بۇ شەكىلگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى ــ يامانلىقىنى يەم قىلىدۇ. بەشىنچىسى، «ھاپىزە»: ئۇ ئەستە ساقلاش، پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان يىغىندا خەۋەر ۋە شەكىللەرنى ساقلايدۇ.

ئوچۇق بەش نەرسىنىڭ بىرى، ئاڭلاش؛ ئىككىنچىسى، كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، تۇتۇپ بىلىش؛ تۆتىنچىسى، تېتىش؛ بەشىنچىسى، پۇراش. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ھايۋاندىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئادەمدە بولغاندەك دەرىجىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم گوياكى پۈتۈن ھايۋانات ئۈستىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئون ئاملىنىڭ خۇلاسىسى ئىنسانىنىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر. يەم

ئىنسان سۆزىنىڭ قانداق مەنىسى بولۇشىغا قورالدۇر، خىيال ئاڭلىغان نەرسىگە شەكىل بېرىشكە قورالدۇر. باشقىلىرىنىمۇ شۇلارغا قىياس قىلىش لازىم.

ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆزلەش ماھارىتى ۋە پاراسەت (ئوچۇق، ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن، خەلققە ياتلىق تىل بىلەن گۈزەل سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەركىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا دوستلىرى كۆپ بولىدۇ. ئالىملار، پەيلاسوپلار ئېيتقانكى، «كىمنىڭ تىلى تاتلىق بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ». سۆزگە ئۇستا كىشى ھەربىر سۆزنىڭ ئورنىنى تاپمىسا ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ھەر بىر سۆز جايىدا سۆزلەنمىسە، ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىنىدۇ. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سۆزلىگۈچى جەبىر ـ جاپاغا يولۇقىدۇ، ھەر بىر سۆزنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەشنى بىلىشى كېرەك. سورىماستىن ئىلگىرى سۆزلىمە، زۆرۈر بولمىغان ئورۇنسىز، بىھۇدە سۆزدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. ئاڭلىغان سۆزۈڭنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەۋەرمە، بەزى سۆزنىڭ ئاساسىي ئىگىسى يوق بولۇپ قالسا، يالغاندىن ئېغۋا تارقاتقان بولىسەن. بىر كىشى سەندىن نەسىھەت ئاڭلاشنى خالىمىسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلما. بولۇپمۇ نەسىھەتىڭگە ئەمەل قىلمايدىغان ئادەمگە نەسىھەت قىلما. ئەگەر بىر كىشىگە نەسىھەت قىلساڭ ئادەم كۆپ يەردە قىلما. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا نەسىھەت قىلساڭ ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى بېشىغا ئۇرغاندەك بولىسەن. كۆپ كىشىنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغانلىق ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرغانلىق بولىدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى لازىم. ياش ۋاختىدىن باشلاپ توغرا تەربىيىلەنمىگەن ئادەم ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەگەرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخنى تۈزلەشكە بولمايدۇ، ئۇنى پالتا بىلەن كېسىپ ئوتۇن قىلىشقىلا بولىدۇ. سۆزنىڭ ئۆز ئورنىنى تېپىلغاندا، بىخىللىق قىلماي سۆزلەش كېرەك. تۆھمەت ئېھتىمالى بولغان يەردە ئولتۇرما، يامان يولدا يۈرگەن كىشىگە ھەمرا بولما، چۈنكى ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ. يامانىنىڭ كاساپىتى تېگىدۇ، خۇش تەبىئەتلىك ئىكەنسەن، خۇش تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. بىر كىشى غەم قايغۇغا يولۇقسا، سەن شادلانما، خەلق قايغۇغا دۇچ كەلسە سەنمۇ قايغۇرغىن. ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرگە زورلۇق قىلما، ئادالەتلىك بول، چوڭلاردىن زورلۇق كۆرمەيسەن. خەلققە توغرا سۆزلە، سەنمۇ خەلقتىن توغرا جاۋاپ ئاڭلايسەن. ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىگەن ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى شورلۇق يەرگە كۆچەت تىككەنگە ئوخشايدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئادەمگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما. ئەگەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلما. خەلقنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىل. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغان كىشى ياخشىلىقنى ئۆزى قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر كىشىگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، «مەن پالانى كىشىگە ئەجەپ ياخشىلىق قىلغان ئىكەنمەن» دەپ ئېچىنما. كىشىگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلان، شۇنداق ھالەتلەر بولىدۇكى، بەزى يامانلىقنىڭ جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا يېتىپ كېلىدۇ، بەزى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپىتىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ شۇنداق زەخمەت — ئاغرىنىشلار كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار — زەخمەتتىن ساڭا ئېغىرراق يېتىدۇ. خەلق قايغۇلۇق بولسا سەنمۇ قايغۇلۇق بول.

چۈنكى بىراۋ سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن خۇشاللانسا سەنمۇ خۇشال بولىسەن. مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلساڭ، جازا ۋە مۇكاپىتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىسەن. بۇ سۆزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەسلا بەدەلسىز قالمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىمكانىيەت بولسىلا، ياخشى ئىشلارنى قىلغىن، ياخشىلىق قىلىش جەريانىدا ھەر قانچە جەبىر — جاپا چەكسەڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى راھەتلىك بولىدۇ. ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. «كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، پايدىسىنى كۆرمىدىم» دېمە. بۇنداق دېيىش ناھايىتى خاتا. خەلق ئىچىدە: «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دېگەن سۆز بار. خەلقنىڭ كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن، يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. ئەگەر قارىماققا ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلما. ئەگەر ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ ئارقىدىن يامانلىق قىلساڭ مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن. ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ئادالەت (توغرىلىق، راستلىق) بىلەن قىل. زالىملىق قىلما، زالىملىق قىلساڭ قايتىدۇ، قىلمىشىڭغا بېقىپ جازاسىنى كۆرىسەن.

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەمنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ. ھېچ ۋاقىت ئۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىرى، خۇشاللىق، يەنە بىرى، قايغۇ. ئەگەر خۇشال بولساڭ ياكى قايغۇغا دۇچ كەلسەڭ، شۇنداق ئادەمگە ئېيقىنكى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولسۇن، قايغۇڭ بىلەن ئۇ قايغۇلانسۇن. شۇنداقتىمۇ خۇشاللىق، قايغۇلۇق ھالىتىڭنى كىشىگە بىلدۈرمىگىنىڭ ياخشى. چۈنكى، ھەركىم ھەرخىل سۆز قىلىپ، قايغۇڭنى ئاشۇرىدۇ، ئەھۋالىڭنى يامانلاشتۇرىدۇ. يەنە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەھۋالىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېز سۆيۈنمە ۋە ھودۇقما. تېز سۆيۈش ۋە ھودۇقۇش بالىلارنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنە بىر ۋەقە ئۇچۇن تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. ئەقىل ئىلگىرى بۇ ھالنى خوپ كۆرمەيدۇ. ھەرقانداق خۇشاللىق كەلسە، ئالدىراپ سۆيۈنمە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايغۇسى بولىدۇ. ھەرقانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شادلىق كېلىدۇ. ھەققانىي (توغرا) ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئىشنى پۈتۈن خەلق ياخشى دېسە، ئەلۋەتتە ئۇ ياخشى. سەن ئۇنى يامان دېمە. يامان دېسەڭ توغرا ئىشنى يامان دېگەن بولىسەن.

كىشى بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشمە. سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇدەك سۆزلىسەڭ كۇپايە، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلە. ئەگەر بىر كىشى ساڭا قاتتىق سۆزلىسە، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ قايتۇر. ئەخمەق (نادانلار) ساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمە. چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى: «ئەخمەققە بېرىلىدىغان جاۋاپ ــ سۈكۈتتۇر!» بىر كىشى ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇما. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىساڭمۇ ئۇنتۇپ قالما! ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىڭغا ۋە يېقىن دوستلىرىڭغا قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل.

بىر شەھەر ياكى بىر يېزىدا تۇرساڭ ئۇ شەھەر ــ يېزىنىڭ ياشانغان كىشىلىرىگە ھۆرمەت قىل، چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق مىللەت ۋە دىنلاردا ياشانغانلار ھۆرمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆز خەلقىڭنىڭ ياشانغانلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىڭ زۆرۈر. ياشانغان كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم بولما. ئەگەر ياشانغان كىشىلەردە بىرەر ئەيىب كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا كۆز سالما، ياخشىلىق تەرىپىگە كۆز سال. ئىلىم-ھېكمەت كۆزۈڭ بىلەن قارىساڭ ئاجايىپ ئىبرەت ئالالايسەن.

بىر ئادەم يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكۈر قىل. ئەي جېنىم ئوغلۇم، ئەگەر تونۇمىغان كىشى بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭدىن تېز ئايرىلغىن؛ خاتىرجەم ــ ئامان بولىسەن. چۈنكى ئۇ، سىنالمىغان، ناتونۇش ئادەم بولغانلىقتىن گۇمان ــ شۈبھىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ساڭا يېمەك ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسە، سەن ئۇنى يېمەكلىكتىن گۇمان قىلساڭ ئۇنى يېمە، چۈنكى زەھەر دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسىنى يېمەك ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە زەھەرلەنگەن نەرسە بولمىسىمۇ، گۇمان بىلەن يېگەن نەرسە زىيانلىق. كىشىنىڭ مال ــ مۈلۈكىدە سېنىڭ ھەققىڭ يوق. كىشىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا قارا. كىشىنىڭ تۇرمۇش ھاياتىغا چىدىماسلىق، كۆرەلمەسلىك قىلما. ئۆزۈڭ تىرىشساڭ مال ــ مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىڭ بار. ئاچ قېلىشقا رازى بولساڭ بولغىنكى، ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز قېلىشقا رازى بولما. دانا كىشىلەرنى تاپساڭ ئۇنىڭدىن ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنگىن. ئىلىم، ھۈنەر قانداق كىشىدە بولسا، ئار كۆرمەي ئۆگەنگىن. «خەزىنە ۋەيرانىلەردە، ئىنجۇ (مەرۋايىت) گۆھەر سەپتە» بولىدۇ. سەدەپكە قارىماي ئىچىدىكى ئىنجۇ، گۆھەرگە قارىغىن.

خەلق ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى كۆرسەڭ، ئۇنى ئۆگەنگىن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىن، يامان ئىشلارنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىن. قانداق نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا، ساڭا ھەم پايدىلىق، خەلققە زىيانلىق نەرسە ساڭا ھەم زىيانلىق.

دائىم ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ نەسىھەت قىل، ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتقىن؛ ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتۇش شۇكى، ئۆزۈڭ ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەقلىڭنى ــ ئىلمىڭنى سەرپ قىلغىن. زۆرۈر نەرسىنى ئۆگەنگىن. ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە. ھېچقانداق ۋاقىتىڭنى بوش ــ بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ، يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارا. ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولىسەن.

ھەربىي كىشىگە لازىمكى، ئىشىنىڭ چوڭ ــ كىچىكىنى سوررۇشتۇرۇپ يۈرمەي، ھۈنەر بىلىم ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. لوقمان ھېكىمدىن: «ئەدەپ ــ ئەخلاقنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟» سورالغاندا، «ئەدەپسىزلەردىن ئۆگەندىم» (ئەدەپسىزلەرنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ساقلىدىم) دېگەن.

ئادەم نەپسىل ــ نەسەبى (ئاتا ــ بوۋىلىرى) بىلەن باشقىلاردىن ئۇلۇغ بولالمايدۇ. ئۇلۇغلۇق ئىلىم ــ بىلىم، ھۈنەر بىلەن بولىدۇ.

مەلۇمدۇركى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا كۆپ مەقسەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئىلىم ــ بىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا مەقسەتكە يېتىدۇ. چۈنكى، ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئاشۇرۇش ئۆز دەۋرىمدىكىلەردىن ئارتۇق بولاي دېگەنلىكتۇر. ھەركىم ئىلىم، ھۈنەر، ۋە پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا (ئۆگەنمىسە) ئاجىزلىق، بىچارىلىككە رازى بولغانلىقتۇر، مۇنداق قىلىش غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان ئۇلۇغلۇق (يۇقىرى مەرتىۋە) ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىجتىھات قىل، تىرىشقىن، ھورۇنلۇق قىلما، بەدەننى ئەمگەك، ھەرخىل مەشغۇلات بىلەن چېنىقتۇرۇش غايەت پايدىلىقتۇر. ئەگەر بەدىنىڭ بوشاڭلىق، ئاجىزلىق كۆرسەتسە، سەن

ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمە. بەدىنىڭنى خىزمەت قىلدۇر، تېنىڭنى ھۇرۇنلۇققا ئۆزگەرتمە، ئەگەر ئۆز ھالىڭغا قويۇپ بەرسەڭ، سۇسلۇق — بوشاڭلىق پەيدا بولۇپ، بارا — بارا بەدىنىڭ ساڭا بويسۇنمايدۇ.

بەدەنىڭ ھەركىتى ئۆز تەبىئەتتىن ئەمەس. ئۇ، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن ھەركەتلىنىدۇ. بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرغىن. بەدىنىڭنى ھۇرۇنلۇق — بوشاڭلىققا ئادەتلەندۈرسەڭ، ساڭا بويسۇنمايدۇ، سەن ئۇنىڭغا بويسۇنىسەن.

ئەگەر بىر كىشى ئۆز — ئۆزىنى باشقۇرالمىسا، باشقا كىشىنى ئۆزىگە قانداق بويسۇندۇرالىسۇن؟ ئەگەر سەن قانداق يول بىلەن بولسۇن بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالىساڭ، باشقا ئادەملەرنىمۇ بويسۇندۇرالايسەن.

ھەرقاچان ئۆز بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالىساڭ ۋە ھۈنەر ئۆگەنسەڭ، جەزمەن بىلىشىڭ لازىمكى، ئىككىلا جاھاندا خاتىرجەم بولىسەن. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم — ھۈنەر ئۆگىنىشنى ۋە بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرۇشنى دۇنيادا ئامانلىق ئۈچۈن غەنىمەت بىل.

ئەي جېنىم ئوغلۇم، تېخى يەنە بىر نەچچە گۈزەل سۈپەتلەر بار، كىشى ئۇ سۈپەتلەر بىلەن بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا، ئاللا ۋە خەلق ئالدىدا يارامىلىق كىشىلەردىن بولىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر: (1) ئىلىم؛ (2) ئەدەپ؛ (3) كەمتەرلىك؛ (4) تەقۋادارلىق (يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىماق)؛ (5) سۆز — ھەركەتتە توغرىلىق؛ (6) دىن — ديانەتتە پاكلىق؛ (7) خەلقنى رەنجىتمەسلىك؛ (8) زىيان — زەخمەت يەتكەندە سەۋرلىك بولۇش. بۇ ئىشلارنىڭ ئاپىندىغان كۆچى ھايادۇر. ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئادەمدە ھەرقانچە ھايا بولسا، ئىمانمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىمانى كاملىق بولمايدۇ. ئىمانى بار ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ.

لېكىن، ئادەم بىر ئىشنى قىلىش بىلەن زىيان كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمىغان ياخشى.

ئەي ئوغۇل، تارتىنچاق بولمىغىنىكى، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك بولمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيانلىق بولمىسۇن. كۆپ ئىشلار بولىدۇكى، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلاردا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما، مەنسىز سۆز ھەرىكەتتىن، خەسىسلىكتىن ۋە خىيانەتچىلىكتىن، يالغانچىلىقتىن ھايا قىلىش كېرەك. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالماق كېرەك. بىراق، گۇناھ بولمايدىغان سۆز ھەرىكەتلەردە ھايا قىلىپ، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ، تارتىنىش رىزىققا توسالغۇ بولىدۇ. ھايا قىلىدىغان ۋە ھايا قىلمايدىغان ئورۇننى بىلىش كېرەك. ساۋاب ۋە پايدا بولىدىغان ئورۇنلاردا ھايا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، خەلق ئالدىدا، تەڭرى ھۇزۇرىدا، خەلق سۆيگەن ئۇلۇغلار ئالدىدا ھايا قىلىش كېرەك. ئاقىل ــ دانا كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئەنە شۇدۇر.

ئەي ئوغۇل، ئىلىم ۋە مەرىپەتنى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىغا قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما، مۇنداق ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قويىدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق لازىم. بۇ «مۇرەككەپ نادانلىق» دېيىلىدۇ. ئەگەر سۆھبەتلەشسەڭ، بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەش. چۈنكى بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ ساڭا ھەر جەھەتتە پايدىسى بولىدۇ. مەسىلەن: قىزىلگۈل يېغى ئەسلىدە ياغاچنىڭ يېغى، گۈل چېچىكى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقتىن «گۈل يېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەم بىر جامائەت بىلەن 40 كۈن بىللە يۈرسە شۇ ئادەمنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ» دەپتىكەن.

ھەرقاچان ياخشى ئىشقا دۇچ كەلسەڭ ياكى ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆرسەڭ ئىنكار قىلما، ياخشىلىقنى ئۇنۇتما، سەندىن ئۈمىد قىلغان ئىشلىرىغا ھىممەتسىزلىك قىلما.

ئەي ئوغۇل، گۈزەل ئەخلاق بىلەن سۆيۈلگىن. يامان ئەخلاق (خۇي — ئادەت) لەردىن يىراق بول، سۆز يا ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق بىرەر كىشىگىمۇ زىيىنىڭ يەتمىسۇن، خەلق ئارىسىدا يامان دەپ ئاتالما. سېنى كىشىلەر ماختىسۇن. چۈنكى، ئاقىل كىشىلەر سېنىڭ كۆركەم ئەخلاقىڭ ۋە ئىلىم پەزىلىتىڭنى كۆرۈپ ماختايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەملەر، يەنى ئالىملار ۋە نادانلار بىر — بىرىگە قارىشىدۇر. چۈنكى، ئالىمغا خاس ئىشنى نادانلار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئالىملار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلار ئالىملارغا دۈشمەن. چۈنكى، نادان كىشى ئالىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئەسلىنى بىلمەيدۇ. ئالىم — ئاقىل كىشى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سېنى ماختايدۇ. نادان- جاھىل كىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ سېنى ماختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نادانلارنىڭ ماختىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. نادانىنىڭ سېنى ماختىشى ئالىمنىڭ نەپرەتلەندۈرىشىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە بار: يۇنان ئالىملىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى شەھەر خەلقىدىن بىر ئادەم كېلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئالىمنىڭ سۆھبىتىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم: «ئەي دانا ئالىم، پالان كىشى سېنى ياقتۇرىدىكەن شۇڭا ھەربىر يىغىندا سېنى ماختايدۇ» دەپتۇ. بۇ كىشى ئېيتقان ئادەم ئەسلى نادان ئادەم ئىكەن. ئالىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ — دە، خاپا بولۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ھالنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ ۋە: «ئەي دانا ئالىم، مەن ساڭا نېمە دېدىم، سەن خاپا بولۇپ يىغلىدىڭ. ئەگەر نامۇۋاپىق گەپلەرنى دەپ قويغان بولسام ئەپۇ قىل» دەپتۇ. ئالىم ئۇنىڭغا: «سەندىن ماڭا ھېچقانداق نامۇۋاپىق سۆز ۋە زىيان يەتمىدى. لېكىن، مېنى بىر نادان ماختىغان ئىكەن، مەن نادانغا ياخشى كۆرۈنىدىغان بىر ئىش قىلغان ئوخشايمەن، ئۇ نادان يامان ئىشىمنى ياقتۇرۇپ مېنى ماختاپتۇ. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟ كاشكى ئۇ نادان ياخشى كۆرۈپ ماختىغان ئىشنى بىلسەم تۈۋا قىلغان بولاتتىم. نادانىڭ مېنى ماختىشىغا قارىغاندا مەن تېخى جاھىلكەنمەن، ئەگەر جاھىل بولمىسام، نادانلارغا لايىق ئىش قىلمىغان بولاتتىم. نادان ھەرقاچان ئۆزىگە ئوخشاش نادانى ماختايدۇ» دەپتۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسەل بار: مۇھەممەد بىننى زەكەرىيا دېگەن ئالىم بىر كۈنى شاگىرتلىرى بىلەن مەھەللە ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئالدىدىن بىر مەجنۇن (ساراڭ) ئادەم تاسادىپىي چىقىپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ. مۇھەممەد بىننى زەكەرىيا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ دەرھال ئەفتىمون (سېرىق ئوت. بۇنىڭ شەربىتى سەۋداغا پايدىلىق) قايناتىپ ئىچىپتۇ. شاگىرتلىرى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. مۇھەممەد بىننى زەكەرىيا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ ساراڭنىڭ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى ئۈچۈن ئەفتىمون قايناتىپ ئىچتىم. چۈنكى، ئۇ ساراڭ مەندە ئۆزىگە لايىق بىرنەرسە كۆرمىسە كۈلەمتى؟ ھەربىر قۇش ئۆز جىنسى بىلەن ئۇچىدۇ» دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، كىشىلىنى رەنجىتمە، ھەتتاكى بىراۋ سېنى ئورۇنسىز رەنجىتسىمۇ، سەن ئۇنى رەنجىتمە، ئېسىل يىگىتلىك شۇدۇر. شەھەر ۋە يېزىدا يۈرسەڭ، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەھەللىسىدە تۇر. ياخشى كىشىلەرنىڭ ساڭا زىيىنى يەتمەيدۇ. تەجرىبىلىك، شەپقەتلىك

دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىل، ئۇلار ساڭا شەپقەت قىلىدۇ. شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان دوستلارنىڭ قېشىغا خاس چاغلاردا بېرىپ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغىن، خاس چاغدا ئاڭلىغان نەسىھەت كۆڭۈلگە ياقىدۇ. جامائەت ئارىسىدا ئاڭلىغان نەسىھەت قۇلاققا كىرمەيدۇ.

«بارلىق ئىلىم ــ ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم» دېمە. بۇنداق دېيىش ئۆپئوچۇق ناداندىق. ئەگەر نادانلىقتىن خالاس بولاي دېسەڭ، قانچىلىك ھۈنەر ــ ئىلىم، پەزىلەتلىك بولساڭمۇ ھامان بىلمەيمەن دېگىن، چۈنكى ھۈنەر ــ پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگىن، چۈنكى ھۈنەر ــ پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگەندىن ئۇلۇغ پەزىلەت يوق.

ئەي ئوغۇل، ئۆز ــ ئۆزۈڭنى بىلمەسلەر ۋە ئېتقادسىزلار مەرتىۋىسىدە تۇت، ھەرقانچە بىلسەڭمۇ مەندىن ئارتۇق بىلىدىغانلار بار، دەپ قىياس قىل. «بىلمەيمەن دېيىش ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر». ئالىم كىشىنىڭ ھۈنىرى شۇكى، سوقراتقا ھېكىم شۇنداق ئۇستازلىقى ۋە شۆھرەت ئىلمى بىلەن: «مەندىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ سوقرات زور دەۋا قىلغان ئىكەن دەپ مېنى ئەيىبلەشلىرىدىن قورقمىسام ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، دەپ ئېيتاتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئاجىز دەيتتىم. ئەمما، نېمە دەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش كىشىلىك سۆزى بۇ ئەمەس، چۈنكى بۇ سۆز زور دەۋادۇر» دېگەن ئىدى.

ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئەگەر ئىلىمدە ۋە كەسىپ ــ ھۈنەردە كامىل بولساڭ، ئۆز بىلمىگىدىن مەغرۇرلانما. بىر ئەقىللىق كىشى بىلەن كېڭەش مەسلىھەت قىلغىن، مەسلىھەتلەشمەي ئىش قىلما، ئۆز رايى بىلەنلا ئىش قىلغۇچىلاردىن بولما. مەشھۇر مەسەلدۇركى: «كېڭەش قىلىشقا كىشى تاپالمىساڭ، بۆكۈڭ بىلەن كېڭەش». مەسلىھەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېڭىشىشنى ئەيىب دەپ ھېسابلىما، پىكىر – مېنىڭ پىكرىم دېمە، يەنى ئۆز بىلگىنىم بىلەن ئىش قىلىمەن، كىشىنىڭ بىلگىنى ماڭا كېرەك ئەمەس دېمە. چۈنكى، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز پىكرى بىلەن ئىش قىلغان كىشى پۇشايمان قىلىدۇ. ئەقىللىق مويسىپىتلار، شەپقەتلىك دوستلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىل. كۆرمەمسەن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ تۇرۇقلۇق ئاللا ئۇنىڭغا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا پەرمان قىلىپ: «ئەي مۇھەممەد، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن» دېدى. ئاللا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتسىزمۇ توغرا قىلالايتتى، ئەمما پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە سۈننەت (يول، تەلىم) بولسۇن دەپ مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. «ئەي ھەبىبىم ‹دوستۇم›، ھەر ئىشىڭنى ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭىشىپ ئىشلىگىن، تەدبىر قىلماق سەندىن، توغرا قىلماق مەندىن» دېگەن ئىدى. ئەي ئوغۇل، بىلگەنكى، بىر كىشىنىڭ ئەقلى ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى قۇۋۋىتى بىلەن باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، بىر كۆز بىلەن كۆرۈش ئىككى كۆز بىلەن كۆرۈشكە تەڭ ئەمەس. بىلىشىڭ كېرەككى، بىر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى داۋالىسا، كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككىنچى بىر تېۋىپتىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر داۋالاشقا ياردەم سورىغۇچى تېۋىپ داۋالىغۇچى تېۋىپتىن ئالىم بولسىمۇ، كېسەللىكى سەۋەبلىك ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. باشقا ئىشلارمۇ مۇشۇنداق. ھەركىم بىر ئىشتا نېمە قىلىشنى بىلەلمىسە، باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، جىنسىتاشلىرىڭنىڭ بىرەر ئىشتا ساڭا ھاجىتى چۈشسە، شۇ ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تىلىڭ بىلەن بولسۇن ياكى كۈچ؛ قەدىمىڭ

بىلەن بولسۇن، ئىقتىساد ياكى ئابرۇيىڭ بىلەن بولسۇن ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقىن. سەندىن تەلەپ قىلغۇچى ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسىمۇ، ياردەم قىلىشنى رەت قىلما، ياخشىلىقنى ئايىما، ئېھتىمالكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەرقاچان سۆزنى چۈشىنىدىغان زۆرزۆر كىشىلەر ۋە ئالىملار زىيارىتىڭگە كەلسە، ئۇلارغا غايەت ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى غەنىيمەت بىل. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سېنى زىيارەت قىلىپ كېلىشى سېنى ئۇلۇغلىغانلىقى. ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، ياخشى ئادەملەر ھەرقاچان سېنى ھۆرمەتلەشكە ئامراق بولىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن مەجلىسداش بولساڭ، سەنمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولىسەن. ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبەت مەجلىسىدە بولساڭ، ئەدەپسىزلىك قىلما. ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭمۇ ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىپ ئەدەپ ساقلا. كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزى گۆھەر ۋە ھېكمەت بولسىمۇ، ئەگەر ئەدەپسىزلىك قىلسا، ھېكمىتى، قىممىتى قالمايدۇ، سۆزىنىڭ ساپاسى بولمايدۇ. ئەدەپسىزلىك بولماي دېسەڭ سۆزلەشنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىل.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سۆز تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلۈك سۆز باركى، بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئەمما سۆزلىمە. يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلمە ھەم سۆزلىمە. يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلىۋال ھەم سۆزلە. يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، سۆزلەيسەن، بىلمەيسەن.

بىل، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمە، بۇ غەيۋەت دېيىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر مۇنداق غەيۋەت سۆزنى بىلسىمۇ سۆزلىمەس. بىلمە، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، ئۇنى سۆزلىسەڭ دىنىڭغا ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىڭغا زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆزنى بىلىش ۋە سۆزلەشتىن ساقلىنىش كېرەك، بۇسۆز يالغان سۆز دۇر. بىل ۋە سۆزلە دېگىنىم، كىشىنىڭ دىنى ۋە دۇنياسىغا پايدىلىق سۆزلەر. ئاللا ئۆز قۇرئانىدا بۇيرۇغانكى، «ئاشقى جەھەتتە مەنىلىرى قارىمۇ قارشى تەلەپپۇزلىرى بىر بىرىگە ئوخشاش» ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئاللادىن باشقىلار بىلمەيدۇ. مۇنداق ئاياتلەرنى ئۇقۇسالىڭ، مەنىسىنى بىلمىسەڭ ساڭا ھېچ زىيىنى يوق. بۇ تۆت خىل سۆزنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: سۆز گۈزەل، ياخشى ئىبارە ۋە يامان ئىبارە بىلەن سۆزلىنىدۇ. ھەرقاچان خەلققە سۆزلىسەڭ گۈزەل، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، سۆزۈڭنى خەلق قوبۇل كۆرىدۇ. خەلق سېنىڭ قانچىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭدىن بىلىۋالىدۇ. بىلىش لازىمكى، «ئادەم ئۆز سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. ھەزرىتى ئېلى ئېيتقانكى: «ئادەم تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ». ئادەم سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەر سۆزنى ئورنى كەلگەندە ۋەقەلىككە مۇۋاپىق سۆز ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىگىن، قاتتىق سۆزلىمە، قوپال سۆزلىمە. گۈزەل، كۆركەم سۆزلىگۈچىگىمۇ پايدىسى بولىدۇ، ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. يامان سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگە زىيىنى بولىدۇ، ئاڭلىغان كىشىگە ياقمايدۇ. مەسىلەن: ھېكايەتتە بايان قىلىنىدۇكى، پادىشاھ ھارۇن رەشىد باغداتتا بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ بىر ئالىمنى چاقىرتىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، - دەپتۇ تەبىرچى ئالىم، - بارلىق تۇغقان — قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپتۇ، تەبىرچىنى 100 قامچا ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي سۆز بىلمەس نادان! سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە يۈزۈمدىن — يۈزۈمگە قوپاللىق بىلەن شۇنداق دەمسەن؟ قوۋم — قېرىنداشلىرىم مەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ، دۇنيادا ماڭا نېمە لەززەت — راھەت كېلىدۇ؟ - دەپتۇ.

ئىككىنچى بىر تەبىرچى ئالىم چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز چۈشىنى سۆزلەپتۇ.

— ئەي خەلىپە، - دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، - بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قوۋم — قېرىنداشلىرىدىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى خۇش كۆرۈپتۇ ۋە:

— ئەقلىنىڭ يولى بىر. ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى بىر لېكىن، ئىبارىلىرى باشقىدۇر، - دەپ ئىككىنچى تەبىر ئالىمغا 100سەر ئالتۇن مۇكاپات بۇيرۇپتۇ.

بىرىنچى ئالىمنىڭ تەبىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ئەمما قوپال ئىبارە بىلەن سۆزلىگەچ، 100 قامچا يېدى. ئىككىنچى ئالىم گۈزەل ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ، 100 سەر ئالتۇن مۇكاپات ئالدى.

دېمەك، سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى بار.

ئەي ئوغۇل، سۆزنىڭ ئالدى — ئارقىسىغا قاراپ، مەنىسىنى بىلىپ سۆزلە. بىر كىشى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىمىسە، تۇتى قۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، تۇتى قۇش ئادەمگە ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىرايلىق، ئېنىق سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۆزى سۆزلىگەن سۆزدىن خەۋەرسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى «سۆز سۆزلىدى» دېيىلىدۇ، «سۆز بىلدۇ» دېيىلمەيدۇ. سۆزنى بىلىپ سۆزلىسە، ئاڭلىغانلار ئۇ سۆزدىن بىر نەرسىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەگەر بىلمەي سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسە پەملىيەلمىسە، سۆزلىگۈچى هايۋانغا ئوخشاش بولىدۇ. سۆز ــ ئۇلۇغ، شەرەپتۇر، سۆزنى ئۇلۇغ بىلىشىڭ كېرەك. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەزىز نەرسىنىڭ ئورنى كەلگەندە بىلگىنىڭنى ئايىماي سۆزلە، ئورنى كەلمىگەندە ياخشى سۆزۈڭنى زايا قىلما. مەنىسىز سۆزلەرنى سۆزلىمە، ئەقلىڭگە ۋە ئىلمىڭگە زىيان كەلمىسۇن. هەر نەرسە ئۈستىدە سۆزلىسەڭ توغرا سۆزلە، ئورۇنسىز دەۋا قىلما، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىشقا ئادەتلەن. ئەگەر بىر ئىلىمدىن خەۋىرىڭ بولمىسا، ئۇ ئىلىمدىن پايدا ئۈمىد قىلما. بىلگىنىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن. ئىران ۋەزىرى بۇزۇر جۇمهۇرنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ بىر مەسىلە سوراپتۇ. بۇزۇرجۇمهۇر خاپا بولۇپ: «بۇ مەسىلىنى بىلمەيمەن، مەندىن سورىما» دەپتۇ. بۇ ئايال بۇزۇر جۇمهۇرغا: «بۇ مەسىلىنى بىلمىسىڭىز پادىشاھنىڭ شۇنچە مائاشىنى نېمە ئۈچۈن يەيسىز؟» دەپتۇ. بۇزۇر جۇمهۇر: «ماڭا بىلگىنىمگە مائاش بېرىدۇ، بىلمىگىنىمگە مائاش بەرمەيدۇ» دەپتۇ. مەزكۇر ئايالنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئەي ئوغۇل، كىشىنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە جاۋاب بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى سۆزلىمە، كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما. هەر ئىشتا ئوتتۇرا هالنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام: «ئىشلارنىڭ ئوتتۇرا هال بولغىنى ياخشى»

دېگەن ئىدى. بىر ئىش قىلغاندا ياكى سۆزلىگەندە ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك قىلما، ئالدىراپ ئىش قىلما، ئالدىراپ سۆزلىمە، ئېغىر - بېسىق، سەۋىرلىك بول. يوشۇرۇن ئىش بولسا، ئۇنى بىلىشكە ھەۋەس قىلما ۋە بىر جامائەت ئىچىدە، بىر مەجلىستە يېنىڭدىكى كىشى بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەشمە. چۈنكى، ئادەملەر بىر - بىرىگە يامان گۇماندا بولۇشتىن خالىي ئەمەس. ياخشى گەپنى سۆزلىسەڭمۇ خەلق يامان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ گۇمان قىلىدۇ، «بۇ سۆزدە بىر سىر بار، پىچىرلاپ سۆزلەشتى» دەيدۇ. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرىنگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئەگەر بىرەر ئىش ئۈستىدە گۇۋاھلىق بەرسەڭ، بىلگىنىڭچە توغرا گۇۋاھلىق بەر، يالغان گۇۋاھلىق بەرمە، گۇۋاھلىق بەرگەندە بىر تەرەپنى قوللاپ گۇۋاھلىق بەرمە، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن راست، توغرا گۇۋاھلىق بەر. ئەگەر بىرەر خەۋەر ئاڭلىساڭ، ياخشى ئاڭلا. ئاڭلا - ئاڭلىماي تۇرۇپ (چۈشەنمەي تۇرۇپ) كىشىگە سۆزلىمە. سۆزلىشىدىغان سۆزۈڭ ئۈستىدە ئاۋۋال پىكىر قىل، ئاندىن سۆزلە، شۇنداقتا سۆزۈڭدىن پۇشايمان قىلمىغايسەن. ئالدىراپ سۆزلەشتە پۇشايمان قىلىش ئېھتىمالى بار. پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلە، زىيانلىق سۆزلەرنى سۆزلىمە. ھەر تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گويا ئاجىزلىقتىن كۆچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كىرەككە كەلسۇن - كەلمىسۇن، جىنىڭ، تىنىك بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخشاش ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەر بىر سەدەپنىڭ ئىچىدە ئىنجۇ (مەرۋايىت) بولمىسىمۇ، ئەمما ئىنجۇ بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر سەدەپكە دىققەت بىلەن قاراش لازىم. يەنى كۆپ سۆز ئارىسىدا پايدىلىق سۆز بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېھتىمال. پايدىسىز سۆزنى سۆزلىمە. بىر ئىشنى بىلدىغان كىشىگە ئۆچرىسالڭ، ئۆزۈڭنى بىلمىسىز دەرىجىدە تۇت. چۈنكى، بىر بىلىم ئىگىسىگە يولۇققاندا «سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلمەن» دېسەڭ، ئۈچ تۈرلۈك پايدىدىن مەھرۇم بولىسەن: بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر مەن بىلمەيمەن دېسەڭ، ئۇ بىلىملىك ئادەم ئۆزئىشىنى سەن بىلگەندەك ئىشلىسە، مەنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىلىدىكەنمەن، دەپ تەشەككۈر ئېيتىسەن. ئىككىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر سەندىن ياخشى ئارتۇقراق ئىشلىسە، ساڭا يېڭى بىر ئىلىم ھاسىل بولىدۇ، كەمچىلىك تۈزىتىلىدۇ. ئۈچىنچى پايدىسى، شۇكى ئەگەر ئۆزئىشىنى سەندىن كەمرەك ناچارراق ئىشلىسە، سېنىڭ ئۇ كىشىدىن كامىلراق ئىكەنلىكىڭ ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا بۇ پايدىلارنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر سۆزنى ئاڭلىسالڭ، ئۇسۆزنى ئالدىراپ مەنىسىز ھېسابلاپ ئەيىپ قىلما، ياكى ئالدىراپ ماختىما. ئۇ سۆزنىڭ ئەيىبنى، پەزىلىتىنى تەتقىق قىل. ئەيىبلەشكە لايىقمۇ ياكى مەدھىيلەشكە لايىقمۇ، بىلىپ ھۆكۈم قىل. ھېكمەت (ئىلىم) دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمىگەيسەن. ھەر بىرسۆزۈڭنى خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى سۆزلىمە. ئەگەر بىر گورۇھنىڭ ئىچىدە بولسالڭ، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن قانچىلىك دەلىل پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ ئۇلار سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، قارشىلىق كۆرسىتىپ قوبۇل قىلمىسا، مۇنداق شارائىتتا مەزكۇر گورۇھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق سۆزلىشىڭ لازىم. شۇ يول بىلەن ئۇلار ئارىسىدىن جېنىڭنى قۇتۇلدۇرغايسەن. ھەر قانچە سۆز ئەھلى (ناتىق) بولساڭمۇ ئۆز بىلگىنىڭدىن ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرسەت. شۇندىلا سۆزۈڭ ئېتىبارلىق بولىدۇ. ئۆزۈڭنى سۆزۈڭدىن ئۇلۇغ كۆرسەتسەڭ سۆزۈڭ خار بولىدۇ. خەلق ئالتۇن، گۆھەر ۋە يالغان تاشلارنى تونۇغۇچى سەراپتۇر. ئۆزۈڭنى قانچىكى تۆۋەن تۇتسالڭ ياكى

يۇقىرى تۇتسالاڭ، خەلق سىزنىڭ مىقدارىڭىزنى بىلىدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسىنىڭ باھاسى 1000 ئاقچا بولسا، دەسلەپتە بەش ئاقچىدىن باشلاپ باھا قويۇپ، ئارتتۇرۇپ ــ ئارتتۇرۇپ 1000 ئاقچىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە بەش ئاقچا بولسا، ئۇنى مىڭ ئاقچا دەپ باھا كۆرسەتسە، ھېچكىم ئۇنەرسىنى بەش ئاقچىدىن يۇقىرى ئالمايدۇ. سۆزنىڭ مىقدارى، قىممىتىمۇ شۇنداق. لېكىن ئۆمىدنىڭ ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە قالما. ھەرقانداق يەردە بولساڭ كۆپ ئاڭلىغۇچى، ئاز سۆزلىگۈچى بول. ئەقىل ئىگىلىرى: «سۈكۈتتە تۇرۇش ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر» دەيدۇ. چۈنكى، كۆپ كىشىلەر سۆز سەۋەبىدىن كېسەل بولىدۇ. ئاز سۆزلەش ــ ئەقىللىقلىقنىڭ ئالامىتى؛ كۆپ سۆزلەش ناداانلىقنىڭ (بىلىمسىزلىك) نىڭ ئالامىتى. ئەگەر بىر نادان ئادەم جىم ئولتۇرىدىغان، ئاز سۆزلەيدىغان بولسا، خەلق ئۇنى ئەقىللىقلەردىن سانايدۇ. قانچىلىك ساپ كۆڭۈللۈك ۋە ئەقىللىق ئادەم دەپ خەلق ئىچىدە مەزۇپ ــ مەشھۇر بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگۈچى بولما، كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسە، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. سېنى خەلق مەدھىيىلىسۇن! سۆز سۆزلىمەكچى بولساڭ دىققەت قىل، سۆزۈڭگە خېرىدار بارمۇ ـ يوق؟ ئەگەر سۆزۈڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا سۆزلە، بولمىسا سۆزلىمە، چۈنكى سۆزۈڭدىكى خىتابلىرىڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچى بىرمۇ كىشى بولمىسا، بۇ سۆزلەش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: مەجلىستە بىراۋ سۆزلىسە ئاڭلاپ ئولتۇرغىن، ئۇ كىشى سۆزنى توگەتكەندىن كېيىن سەن سۆزلە. سۆز قوشۇپ كىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتمە. ئادەم بىلەن ئادەم بول، ھەر كىشى بىلەن مەرد بول. دۇنيادا ئادەم كۆپ، مەرد كىشى ئاز. ئەي ئوغۇل، سۆز ئاڭلاشتىن زېرىكمە. سۆز ئاڭلاش بىلەن سۆزگە ئۇستا

بولغىلى بولىدۇ. مىسالى شۇكى، بىر بالا ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا بىر چەت شەھرا ياكى يەر ئاستىدا، ئادەم يوق يەردە تۇرسا، ئادەملەر ۋە ئانىسى بىلەن، ئۇنى تەربىيىلىگۈچى بىلەن سۆزلەشمەي تەربىيىلەنسە، ئۇ بالا چوڭ بولغاندا تىلسىز بولىدۇ، ھېچ سۆز بىلمەيدۇ. ئەمما، ئىككى كىچىك بالا تىلى چىقىشتىن بۇرۇن بىر يەردە ئۆسسە، باشقا ئادەمگە ئارىلاشمىسا، ھېچ ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا، ئۇبالىلار بىر-بىرى سۆزلىشۋەرسە، ئاخىر ئۆزلىرىگە خاس بىر تىل تۈزۈشىدۇ، ئۇ تىلنى بۇ ئىككى ئادەمدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغىن. خۇنسۇسەن قەدىمكى پادىشاھلار ۋە ھۆكۈما، پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى جان دىلىڭ بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەك. بىلگىنكى، نوشىرۋان ئادىلنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ بۇ كىتابتا بايان قىلدىم، سەن ئۇ سۆزلەرنى ئوقۇغايسەن ۋە نەسىھەت دەپ بىلىپ، لازىم بولغاندا پايدىلانغايسەن. ئەي ئوغۇل، مەن تارىخ كىتابلىرىدا كۆردۈمكى، ئەرەب سۇلالىسىدىن مەمۇن خەلىپە نوشىرۋاننىڭ تەربىيىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، نوشىرۋاننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قەبرىنى ئاچقۇزۇپتۇ. نوشىرۋاننىڭ پۈتۈن تېنى تۇپراققا ئايلانغان ئىكەن. تۇپراققا ئايلانغان بۇ تەن تەختىت ئۈستىدە ياتقۇدەك. ئۇ، تەختت ئۈستىدە بىر خەت كۆرۈپتۇ. خەت پارس تىلىدا يېزىلغان ئىكەن. مەمۇن خەلىپە خەتنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. خەتنىڭ تولۇقچە تەرجىمىسى: «ئەي زامانە پادىشاھلىرى، بىلىشىڭ لازىمكى، سەندىن ئىلگىرى مەن پادىشاھ ئىدىم. تەگرىنىڭ بارلىق بەندىلىرى مېنىڭ ئادالىتىمدىن پايدىلاندى. ھەر كىم ئىشىكىمگە كەلسە، شەپقىتىمدىن مەھرۇم بولمىدى. قاچانكى ئەجەل قولىدا مېنىڭ ئاجىزلىق ۋاقتىم كەلدى. ‹مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ دۇنيا خەلقىگە مېنىڭ پايدام يەتسە

ئىدى» دەپ كېچە- كۈندۈز ئويلىدىم. ئاخىر بۇ تامغا بىر نەچچە نەسىھەت يازدۇرۇپ قويۇشتىن باشقا چارە بولمىدى. مەندىن كېيىنكى بىر پادىشاھ بۇ نەسىھەتلەرنى كۆرۈپ ئەمەل قىلسا، ئۇ پادىشاھ مەندىن بەھرىمان بولۇپ پايدىلىنار. چۈنكى، تىرىك ۋاقتىمىزدا ئىشىكىمىزگە كەلگەن كىشى گۆھەر، ئالتۇن، مال مۈلۈكىمىزدىن مەھرۇم بولماس ئىدى. بۈگۈن زىيارىتىمگە كەلگەن كىشى ھەم نەسىھەتىم گۆھىرىدىن مەھرۇم بولمىغاي».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاگاھ بولۇڭ ئىي يىگىت — نۇشىرۋان كېيىنكىلەرگە مۇنداق نەسىھەت قالدۇرغان ئىكەن

نۇشىرۋان — پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەسىيىتىدە شۇنداق دېگەن: كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، كىچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارىدۇ. ئادەم بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە خاپا بولۇپ كۆڭۈلسىز بولمىغاي، يەنى شادلىق كېتىپ قايغۇ كەلسە، قايغۇ كېتىپ شادلىق كەلسە، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلما. ھۈنەرسىز (پەزىلەتسىز، بىلىمسىز) ئادەمنى دوست تۇتما. بۇنداق كىشى دوستلۇققا ۋە دۈشمەنلىككە يارىماس. ھەر قاچان بىر ئىشنى بىر قېتىم ئىشلەپ سەسكەنسەڭ، ئۇ ئىشنى قىلما. ئۆزى بىرەر نەرسە بىلمەي ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان ئادەمدىن ساقلان. ئۆز نەپسىڭگە ئادىللىق قىل، يەنى ئۆزۈڭنى قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلما. توغرا — ھەق سۆز ئاچچىق بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەق توغرا سۆزلە. ئەگەر دۈشمەن ئىچكى سىرىمنى بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغا سىرىڭنى ئېيتما. ئۇلۇغ كىشىلەرنى پەس كۆرمە، ھۈنەر — پەزىلەتسىز ئادەملەرنى تىرىك ھېسابلىما، ئۇلارنى ئۆلۈك دەپ بىل. ئەگەر تۇرمۇش مەئىشەتمە تارلىق — قىسىلىش بولمىسۇن دېسەڭ، ئىشلىگەن ئىشىڭنى ئىگىسىگە يارىتىشقا تىرىش. ئەگەر قايغۇلۇق بولماي دېسەڭ، پايدىسىز ئالدى - ساتتى قىلما، يەنى پايدا

زىيانىنى ئالدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، پايدىلىق بولسا ئال ۋە سات. ھېممەتسىز كىشىنىڭ نېمىنى يېگەندىن ئاچ يۈرگەن ياخشى، تەجرىبە سىناقتىن ئۆتمىگەن ئادەم تۈرلۈك خەير خاھلىق قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمە، تايانما. ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئادەمگە موھتاج بولماقتىن قىيىن ئىش يوقتۇر. دۇنيا خەلقى ئارىسىدا پاسىق، كەمتەر ئادەم راھەتتىمۇ ياخشىراقتۇر. كېلەچەكتىكى غايىب نازۇ نېمەتلەرگە ئىشىنىپ، قولۇڭدىكى نەق نېمەتنى بىر ئۆيتىش غايەت زىيانلىقتۇر. ئەمما، توغرا ئىشلاردا شۇنداق قاراش كېرەك، ھارام نەرسىلەرنى بېرىپ، كېلەچەكتىكى ھالال نەرسىلەرنىڭ ئۈمىدى بىلەن بولغاندا، ھارامدىن نەچچە باراۋەر نەرسە قولغا كېلىدۇ؛ بىر كىشىدىن بىر ھاجەت تىلىسەڭ، ئۇ كىشى ھاجەتنى راۋا قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق ئادا قىلمىسا، ئۇنداق ئادەمدىن خەسىس — پەسكەش ئادەم بولماس. بىراۋ سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن يامان دەپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق يەنە كىم بار؟ بىر ئادەمنى جەمئىيەت ئەدەپكە ئۆگەتمىسە، سەن ئۇنى ئەدەپكە ئۆگەتمەن دەپ مۇشەققەت چەكمە؛ مۇشەققىتىڭ زايا بولىدۇ. يەنى بىر ئادەم دۇنيادا تۇرۇپ ياخشى يامانىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئىبرەتلەنمىسە، تەربىيە كىرگۈزۈش مۇشكۈل. نادان ئادەمنى ياخشى سۆز قىلىپ ياخشىلىققا ئۆگەتمەن دەپ ئاۋارە بولما؛ چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى: «نادان ئادەمنىڭ ئۆزىنگە ئۆزى قىلغان ئىشنى ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ». ئەگەر خەلق سېنى ياخشى ئىشلىرىڭ بىلەن ياد ئەتسە، مەدھىيلىسە، سەن كىشىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلىمە. ئەگەر دوستلىرىم، يولداشلىرىم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ئاداۋەت تۇتما. ئەگەر دۇنيادا زەخمەت (جاپا) چەكمەي دېسەڭ ۋە ئىنسانى ئۆمۈر كەچۈرەي دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارلاشما. ئەگەر خەلق مېنى سارالڭ دېمىسۇن دېسەڭ، هاسىل بولمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە. ئەگەر هۆرمەت ئابرۇيۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، هاياتى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. ئەگەر ئالدانمايمەن دېسەڭ، تەجرىبە قىلىنغان ئىشنى تاشلاپ، تەجرىبە قىلىنمىغان ئىشلارغا قولۇڭنى تىقما. ئەگەر هۆرمەت پەردەم يىرتىلمىسۇن ۋە خەلق مېنى خارلىمىسۇن دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى توغرا، پاك تەربىيىلىگىن. ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. ئەگەر زېرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق، يەنى بىراۋنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ ياخشى - يامانلىقىنى كۆرۈپ، يامان ئىش بولسا ئۇنى قىلىشتىن ساقلان، ئۆزۈڭدە بولسا، دەرهال تۈزەت. ئەگەر ياخشى ئىش بولسا، سەن ئۇ ئىشلارنى قىلغان بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئەگەر يامان ئىش بولىدىكەن، ئۇنى سەن قىلما. ئەگەر خەۋپسىز بولاي دېسەڭ، خەلق بىلەن چېقىشمە، يەنى نىزالاشما ۋە خەلقنى رەنجىتكۈچى بولما. ئەگەر خەلق ئىچىدە هۆرمەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ خەلقنىڭ هۆرمىتىنى ساقلا. ئەگەر خەلق مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئىش قىلسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ سۆزىگە ئۆزۈڭ ئەمەل قىل. ئەگەر كامالەتلىك كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، كامالەرنىڭ نۇرىنى (تەنتەنىسىنى) كۆرسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر. ئەگەر خەلق ئارىسىدا هەممىدىن ئۇلۇغ بولاي دېسەڭ، نېمىتىڭنى مول قىل، نان تۇز هەققى ئۇچۇن ئىسمىڭ ئۇلۇغ بولىدۇ. ئەگەر مەرد بولاي دېسەڭ، كىشىدىن تەما قىلما، كۆڭلۈڭدىن تەمەنى چىقىرىۋەت. ئەگەر ئادالەتلىك قىلغۇچىلاردىن بولاي دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئوبدان تۇت، ئۇلارنى

باشقىلارنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلا، ھىمايە قىل. ئەگەر ئاۋام خەلقنىڭ ۋە نادانلارنىڭ تەنىسىدىن قۇتۇلاي دېسەڭ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا تەئەررۇز قىلما. ئەگەر يېتىشكەن كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە لايىق كەلمىگەن ئىشنى خەلققىمۇ لايىق دەپ قارىما. ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار ـ زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادانلار بىلەن جېدەللەشمە. ئەگەر خەلقنىڭ سۆيۈملىكى بولاي دېسەڭ، قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى خەلقتىن ئايىما. ئەگەر زىيان ۋە زىيانداشتىن يىراق بولاي دېسەڭ، قولۇڭنى قىسقا تۇت (خەلققە زىيان يەتكۈزمە).

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ نەسىھەتلىرى شۇ يەردە تامام بولدى. ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى خار، ئاددى كۆرمە. بۇ سۆزلەردىن ھېكمەت پۇرىقى كېلىدۇ، سەلتەنەت خۇش پۇرىقى پۇرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى پەيلاسوپلار، ئالىملارنىڭ سۆزى دەپ ئېتىقاد قىل، ياشلىقىڭدا بۇ سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرسەڭ، قېرىلىق چاغلىرىڭدا تەشۋىشكە قالمايسەن.

# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ــ يىگىتلىك ۋە قېرىلىق ھالەتلىرىڭىزدىن نېمىلەرنى بىلىسىز

ئەي ئوغۇل، گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، مويسىپىتچە ئەقىللىق بول. بۇ، يىگىتلىكنى تاشلا دېگىنىم ئەمەس، بەلكى ئۆز ئۆزۈڭنى خۇش تۇت، نادان بولما، ناچار ــ يامان تەبىئەتلىك بولما دېگىنىم. يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەرەستەلىس ھېكىم: «ياشلىق ــ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى» دېگەن ئىدى، ئەقىلگىدىن ئېزىپ نادان يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. چۈنكى، بالايى ئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ لەززىتىنى يىگىتلىكتە كۆرگىن. قېرىغاندا بۇ لەززەت تېپىلمايدۇ، تاپساڭمۇ يىگىتلىك چاغدىكىدەك بولمايدۇ. ئەي يىگىت، تەۋپىق (توغرا يول) ئىزدە، ئەجەلنى ئۇنتۇپ قالما، ئەجەل ھەركىمگە كېلىدۇ. ئەجەل ياشقا قارىمايدۇ. ھەركىم ئانىدىن تۇغۇلدى، ئەلۋەتتە ئۆلسە كېرەك. شۇنداق ھېكايە قىلىنىپتۇكى، باغدات شەھرىدە بىر ياماقچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دۇكىنى قەبرىستانغا يېقىن ئىكەن. ئۇ دۇكانغا بىر خالتا ئېسىپ قويۇپ، ھەرقاچان خەلق بىر مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ كەلسە، خالتىغا بىر تاش سالىدىكەن، خالتىدىكى تاشلارنى ھەر ئايدا بىر قېتىم ساناپ، بۇ ئايدا باغدات شەھرىدە نەچچە ئادەم ئۆلگەنلىكىنى ھېسابلاپ كۆرىدىكەن. ئاخىرى ياماقچى ۋاپات بوپتۇ.

بىر كىشىنىڭ ياماقچىغا ھاجىتى چۈشۈپ دۇكانغا ئىزدەپ كەلسە، دۇكان ئىشىكلىك تۇرغۇدەك. ئۇ:

— ياماقچى قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسىدىن.

— ياماقچى خالتىغا كىردى، — دەپتۇ قوشنىسى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سوراپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ دېگىنىم، — دەپتۇ قوشنىسى، — ياماقچى ھەر بىر ئۆلۈك ئۈچۈن خالتىغا بىر تاش سېلىپ، ھەر ئايدا باغدات شەھرىدە قانچە ئادەم ئۆلگىنىنى ھېسابلاپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ھېساب تاشلىرى ئەجەل خالتىسىغا كىردى (ۋاپات بولدى).

ئەي ئوغۇل، غاپىل (بىپەرۋا) بولما، يىگىتلىكىڭگە ئالدانما، ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاتائالانى ئۇنۇتما. ئاللاتائالانى كۆپ ياد ئەتسەڭ گۇناھتىن خالاس بولىسەن. ھەرقانداق ھالەتتە ئەجەلنى يېقىن بىل، گۇناھ يۈكلىرىنى بوينۇڭغا يۈكلىمە. گۇناھ ئىچىدە قالساڭ، باغداتتىكى ياماقچىدەك بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئەجەل خالتىسىغا كىرىسەن. ياشانغان كىشىلەر بىلەن كۆپرەك سۆھبەتلەشكىن. يىگىتلەر بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشمە، ھەتتا يىگىتلەر بىلەن بولغان سۆھبىتىڭدىمۇ ياشانغانلار بىللە بولسۇن. چۈنكى، يىگىتلەر يىگىت ۋاقتىدا ئىچىملىك ئىچمەي مەست يۈرىدۇ. ئۇلار شاراپسىز مەستلىك، غاپىللىق، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر خاتا سۆز قىلسا، ياشانغانلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ. مويسىپىتلار يىگىتلەردىن كۆپرەك بىلىدۇ، ھالبۇكى، يىگىتلەردە ئۆز بىلىمىنى مويسىپىتلاردىن ئارتۇق بىلىدىغان بىر ئادەت بار، ئۇلار مويسىپىتلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ياشلار ياشانغانلاردىن كۆپ بىلمەيدۇ. ئەي ئوغلۇم، تامامەن ئۆزىنى يوقىتىپ ئەخلاق دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. ياشانغانلارنى ھۆرمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىل، ياشانغانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقاندا ياندىنىغا كەلگەننى سۆزلىمە، ياشانغانلار سۆز سورىسا، ئويلىماي دەرھال جاۋاب بەرمە، ئەگەر ياشانغانلار سوئال سورىسا، ئەدەپ شۇكى، سەن جاۋاپ بەرمەي، «بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزلىرىلا بىلىلا»، دېگىن، چۈنكى ياشانغانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇش ئەقىلدىندۇر. ئەگەر ئالدىراپ سۆزلەپ جاۋاپ بەرسەڭ، كېيىن خىجىل بولىسەن.

ھېكايەت: بىر شەھەردە 100 ياشقا كىرگەن، چىرايى ئۆزگەرگەن، بېلى پۈكۈلگەن بىر كىشى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ياشانغان كىشى مۈكچىيىپ كېتىۋاتسا، بىر يىگىت ئۇنى كۆرۈپ چاقچاق تەرىقىسىدە سوراپتۇ:

ــ ئەي بوۋا، ھاسىنى قانچە پۇلغا ئالدىڭىز، قەيەردە ساتىدىكەن؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەنمۇ بىرنى ئالاي.

يىگىتنىڭ مەقسىتى ياشانغان كىشىنىڭ پۈكۈلگەن بېلىنى مەسخىرە قىلماقچى ئىكەن.

ــ ئەي يىگىت، ــ دەپتۇ ياشانغان كىشى دەرھاللا، ــ ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولسا، ساڭا بۇ ھاسىنى بىكارغا بېرىدۇ، سېتىۋېلىش ھاجەت ئەمەس، لېكىن بۇ ھاسا ساڭا نېسىپ بولماس (ياشلىقىڭدا ئۆلەرسەن).

يىگىت ناھايىتى ئويلىنىپتۇ. بۇنداق خاتا سۆزلىگىنىگە پۇشايمەن قىلىپتۇ. بۇ سۆز خەلق ئارىسىدا يادىكار بولۇپ قاپتۇ.

بىلىشىڭ كېرەككى، ياشانغانلارنىڭ مەرىپىتى ياشلارنىڭ مەرىپىتىدىن ئارتۇقراقتۇر. بۇ يەردە ئېيتىلغان ياشانغانلار ئالىم، دانا مۇيسىپىتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆمرىنى ئىلىم مەرىپەت يولىدا، ئۇلۇغ ئالىملار سۆھبىتىدە ئۆتكۈزگەن ئالىم مەرىپەتلىك كىشىلەردۇر. نادان، ئۆمرىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزگەن قېرىلار بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ،

نادان قېرىلارنى مەدھىيلەشكە بولمايدۇ (ئەرزىمەيدۇ) ئەگەر مەرتىپەتلىك، ئالىم يىگىت بولسا، نادان قېرىدىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغدۇر. يىگىتلىك ۋاقتىڭدا مەرتىپەتلىك مويسىپىتلارغا ئەگەشكىن. قېرىغاندا يىگىتلەردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغايسەن. يىگىتلىك چاغلار ئۆتۈپ قېرىلىق ۋاقتى كەلسە، يىگىتلىك ۋاختىڭدىكى گۈزەللىك، خۇشاللىق، شوخلۇقنى ئۈمىد قىلما، ياشلىقنى ھەۋەس قىلما. قېرىلىقتا يىگىتلىكنى ھەۋەس قىلغان كىشىنىڭ ھالى كىمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ ياكى قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قاچقان قوشۇننىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ كاناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر. ياسانچۇق قېرىلار جۈملىسىدىن بولمىغىن، ناپاك، پاسىق قېرىلاردىن قورققىن. يىگىتلەردىن قېرىلارنىڭ قەدرىدان، ۋاپادارلىقى ئۇلۇغراقتۇر. چۈنكى، يىگىتلەر قېرىلىقتىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ئەمما، قېرىلارنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئۈمىدلىرى بولمايدۇ. بۇ ھال شۇنىڭغا ئوخشاشكى، زىرائەت پىشىپ ئاقارسا، ئۇنى دېھقان ئورىدۇ. ئەگەر دېھقان ئورۇمىسا، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، مېۋە پىشقاندىن كېيىن شېخىدا تۇرمايدۇ، تۆكۈلىدۇ. بىر شائىر ئېيتقانكى:

ئاي، كۈن ئۈستىدە گەر پايەخىتىڭ بولسىمۇ،

ئالەمدە سۇلايماندەك بەختىڭ بولسىمۇ،

تاشلار تۈگەنسە ئۆمۈر، رەخشىڭ بولسىمۇ،

پىشقان مېۋىسىدىن تاشلار دەرەختىن بولسىمۇ.

ھېكايەت: قىبىر دالىلاردا ياشايدىغان بىر تۇرۇۋكىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئاتا ــ ئانىسى ۋاپات بولۇپ، بۇ ئىككى بالا يېتىم قاپتۇ. سەھرادا تۇرماي، شەھەرگە كەپتۇ. ئۇلار كەلگەن شەھەر دەريا بويىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىكەن. چوڭ ئوغۇل شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىكەن. بىرقانچە زامان شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئاخىرى ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىنىسىنىڭ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، چوڭ سودىگەرلەردىن بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئىنىسى شەھەردە ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرغان ئىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۆز-ئۆزى بىلەن كېڭەش قىلىپ: «ئىنىم ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ، باشقا شەھەرلەرگە كېتىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇ سارايىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مەن كېمە ئۈستىگە بىر ساراي بىنا قىلدۇراي، قەيەرگە كەتسەم ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولسۇن ۋە مۇنداق سارايلىرىمنىڭ بارلىقىنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن، شۆھرىتىم ئالەمگە تارالسۇن» دەپتۇ. ئۇ كېمىسىنىڭ مۇنداق زور بىناني كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ، كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ساراي پۈتكەندىن كېيىن كېمە دەريا تەرەپكە راۋان بوپتۇ ۋە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن سۇغا چۆكۈپ غەرق بوپتۇ. بارلىق مال مۈلۈك، نەرسە- كېرەكلەر قولدىن كېتىپتۇ.

ئەي ئوغۇل، يىگىت ئىكەنسەن، يىگىت بول، قېرىغاندا قېرىغانچە ھەرىكەت قىل. قېرىلىقتا يىگىتلىك زەۋق، ئەيش - ئىشرەتلەرگە ھەۋەس قىلما. قېرىغاندا پەرھىزكارلىقنى ئاشۇرغىن. ئەي ئوغۇل، قېرىلىقتىن، يىگىتلىكتىن شىكايەت قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلغايسەن، ئوغۇللىرىڭغا، ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى (نەۋرىلىرىڭ) گە نەسىھەت قىلغايسەن.

ئەي ئوغۇل، قېرىغاندا بىر يەردە تۇرغىن. چۈنكى، قېرىلىقتا سەپەر قىلىش ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن قېرىلىقتا كەمبەغەل بولساڭ سەپەر قىلما. ئىككى دۈشمەن بىلەن يولغا چىقماق

خاتا: قىرىلىق ساڭا ئىككىنچى بىر دۈشمەن بولسا، كەمبەغەللىكىك بىر دۈشمەن. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، ئىككىنچى بىر يۇرت — دىيارغا كەتسەڭ، ئۇ يەردە مەئىشەتلىك كەڭ — پاراۋان بولسا، قايتا ئۆز يۇرت شەھىرىڭگە قايتما. چۈنكى، كىشىنىڭ مەئىشىتى قەيەردە ياخشى بولسا، شۇ يەردە تۇرۇش ياخشىراق، شۇ يەردە تۇرۇش لازىم. «تۇغۇلغان يېرىمدە ئۆلىمەن» دېيىش هاجەتسىز. گەرچە ۋەتەن ئىككىنچى ئانا دېيىلسىمۇ ياكى ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىن دېيىلسىمۇ، بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. كۆرمىدىڭمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى مەدىنىدە غەلىبىگە ئېرىشتى، مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ مەدىنىدە تۇردى. سەنمۇ پايدىلىق ئىش تاپقان يەردىن ئايرىلمىغايسەن. چۈنكى، تۇرمۇش مەئىشەتلىك ياخشى ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كەتسەڭ ناشۈكۈرلۈك بولىدۇ. بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشسەڭ ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى تاپىمەن، دەپ قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغايسەن. ئەي ئوغلۇم، ئۆمرۈڭنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزمە. شۇ چاغدىلا دوست دۈشمىنىڭگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسەن. قىممەتلىك ئۆمرۈڭنى ھاۋايى — ھەۋەس بىلەن زايا قىلما.

## ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — يېمەك-ئىچمەك ئادەملىرىگە دىققەت قىلغايسىز

بۇ ھەقتە ھەر جەھەتتىن ئۇستىدادلىق زات قابۇس مۇنداق دەيدۇ

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، خەلق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خاس كىشىلەر، يەنى بىرى، ئامما. مەجبۇرىيەت — تەكلىپ خاس كىشىلەرگە بولىدۇ. چۈنكى، ئاۋامنىڭ ئىشلىرىدا تەرتىپ، تەكەللۇپ ئاز ياكى يوقتۇر. ئاۋام (ئامما) جۇملىسىدىن بولغان كىشى قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، قاچان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ. خاسلار جۇملىسىدىن بولغان كىشى كېچە-كۈندۈز 24 سائەت ئىچىدە ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ئىش رەت-رېتى بىلەن ئايرىم-ئايرىم بولىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ بېشى يېمەكلىكتۇر. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، خاس كىشىلەر ۋە ئاۋام كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بازار ئەھلى ۋە ئىلىم-سېتىم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار. مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپرەكى ئاش — غىزانى ئاخشامدا يەيدۇ. مۇنداق ئاخشامدا تاماق يېيىش زىيانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلار تاماقنى يەيدۇ، ھەزىم قىلىنماستىن بۇرۇن ئۇخلايدۇ. خەلقنىڭ يەنە بىر تۈرلۈكى ئەسكەر ئەھلىدۇر. بولارنىڭ ئادىتى قاچان تاماق

يېيىش توغرا كەلسە، شۇچاغدا يەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۆپرەك سەپەردە بولۇپ، نەدە تاماق ئۇچرىسا شۇ يەردە يېمەي بولمايدۇ. ئەمما، خاسلارنىڭ ئادىتى بىر كېچە كۈندۈزدە بىر قېتىم تاماق يېيىش. بۇ ئادەت سالامەتلىكنى ئىزدەگەنلەرنىڭ ئادىتىدۇر. لېكىن، مۇنداق تاماق يېيىش بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، كۈچ - قۇۋۋەتنى كېمەيتىدۇ.

ئەي ئوغۇل، تاماقلىنىشتا ياخشى ئادەت شۇكى، ئەتىگەندە سەپرانى دەپئى قىلغۇدەك ئازراق تاماق يەپ ئىشقا مەشغۇل بولۇش لازىم. تاكى پېشىن ۋاقتى بولغاندا چۈشلۈك تاماقلىنىش لازىم. يېگەن تاماق ھەزىم قىلغۇدەك بولسۇن، ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ يېمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر قانچە كىشى ياكى كۆپ كىشىلەر بىلەن تاماق يېيىش توغرا كەلسە، كۆپچىلىك كىشىلەر تاماققا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماققا ئولتۇرما. ئەگەر ئۆيۈڭگە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، تاماق يەيدىغان مېھمانلار كېلىپ داستىخاندا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويما. تاماق يېگەندە، ئالدىرىماي ئاستا - ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن، كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر.

ھېكايەت: ساھىب كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ - خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ كىشىگە «قوشۇقۇڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت» دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇقنى قويۇپ تاماق يېمەستىن ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ: «نېمە ئۈچۈن تاماقنى يېمەي كەتتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ كىشى: «قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر تال قىل بارلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىدا تائامنى قانداق يېيىشكە بولسۇن» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىجىل بوپتۇ.

دېمەك، تاماق يېگەندە ئۆز ھالىڭ بىلەن بول. باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا قارىما، كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالما. تۈرلۈك تاماق ھازىرلانسا، بىر — بىردىن يېيىش لازىم بولسا، خەلق بىر تۈرلۈك تائامنى يەپ بولۇپ توختىنىشىغا ئالدىراپ ئۇنى ئېلىۋەت دېمە. ئۇ تائام داستىخاندا بىر ئاز تۇرسۇن، ئاندىن ئىككىنچى تۈرلۈك تائامنى تارتىش كېرەك. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خىل تائامغا ئىشتىھاسى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تائام تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بولسا، يېيەلمەي ئاچ قالمىسۇن. تاماقنى بەزى ئادەملەر تېز بەزى ئادەملەر ئاستا يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاماقنى تېز ئېلىۋېتىش ياخشى ئەمەس. كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە، سېنىڭ ئالدىڭدا تاماق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈگىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماقتىن نېسىۋە بەرگىن. مېھمان بىلەن ياكى كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە خىزمەتچىلىرىڭنى چاقىرما، خىزمەتچىلىرىڭگە ئاچچىقلانما. تاماق پىشىپتۇ، پىشماپتۇ، تۇزسىز، تۇزلۇق بوپ قاپتۇ، دەپ كايىما. بۇلار تاماق يېيىشنىڭ تەرتىپ — قائىدىسىدۇر.

# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — مۇسابىرلار ۋە مېھمانلارغا ھۆرمەت قىلغايسىز

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى. ئەگەر خەلقنى زىياپەتكە چاقىرساڭ، ھەر كۈنى چاقىرما. بولۇپمۇ يات كىشىلەرنى (سىرداش بولمىغانلارنى) زىياپەتكە چاقىرما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات كىشىلەرنى چاقىرساڭ، كۈتۈۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، مېھمانلىق ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. مېھمان چاقىرىش زۆرۈر بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چاقىرغايسەن (تەييارلىقسىز، ئالدىراپ مېھمان چاقىرما) ، بىر ئايدا بىر نۆۋەت مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، ئالدىرىماي، بەش قېتىم چاقىرىشنى يىغىپ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ بىر قېتىم چاقىرغىن. بەش قېتىم خىراجەت قىلىدىغان سەرپىياتنى يىغىپ بىر قېتىم قىلغىن. تاكى سېنىڭ مېھماندارچىلىقىڭ ھەممە ئەيىبتىن خالىي بولسۇن، ئەيىب ئىزلىگۈچىلەرنىڭ تىلى قىسقارسۇن، داستىخاندا نېمەتلىرىڭ مول بولسۇن. سېنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلار نېمەتنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ غەيۋەت قىلىشقا تىل ئۇزىتالمايدىغان بولسۇن. بەلكى ئىنساپقا كېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇسۇن. ھەرقاچان مۇساپىر مېھمانلار كەلسە ئالدىغا چىقىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىززەت قىلغىن ۋە ھەر بىرىگە ئورۇن كۆرسەت، مېھمانلىرىڭ بىلەن يۇمشاق ــ مۇلايىم سۆزلەشكىن . چۈنكى، تاتلىق سۆز يېمەكلىكلەردىن ئارتۇقراقتۇر . ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمان مەيلى دوستۇڭ، مەيلى دۈشمىنىڭ بولسۇن

www.uyghurkitap.com



كېچە ــ كۈندۈز خىزمىتىدە بولۇشۇڭ لازىم. ھەرقاچان مۇساپىر مېھمانلىرىڭ ئۆيۈڭگە كەلسە، ئەگەر يېمىش ۋاقتى بولسا ئالدىغا مېۋە ئەكىلىپ قوي. بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، داستىخان يېيىپ تائام كەلتۈرگىن. مېھمانلارنى تائامغا تەكلىپ قويۇپ چىقىپ كەت، بىللە قاراپ ئولتۇرما. ئەگەر مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، سائادەت بىل، لېكىن: «مەن ھەربىرلىرىڭىزگە خىزمەت قىلاي»، دېگىن، تەكرار تەكلىپ قىلسا ئولتۇرۇپ تائام يېگىن، ئەمما مېھماندىن تۆۋەن ئولتۇرغىن. ئەگەر مېھمان سەندىن بۈيۈك ئادەم بولسا، ئولتۇرماق ئەدەپ ئەمەس. مېھمانلارنى تائام يېيىشكە تولا قىستاش ۋە: «ھەر بىرىڭىزگە لايىق تائام تەييار قىلالمىدىم»، دېگەندەك سۆزلەرنى ئېيتىش ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس. بۇ خىل سۆزلەر مەزمۇندا مېھمانلارغا قويۇلغان تائامنى نامايىش قىلىشتۇر. مۇنداق سۆزلەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم مېھمان چاقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. مېھماننى تولا تەكەللۇپ بىلەن قىستاپ تەكلىپ قىلساڭ، ئۇيىلىپ تائام يېمەي، داستىخاندىن ئاچ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ قويۇپ، كىرىپ ـ چىقىپ يىراق تۇرۇش لازىم. مېھمان تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن خۇش پۇراقلىق سۇ ئەكىلىپ، مېھماننىڭ قولىنى يۇدۇرۇش كېرەك. مېھماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىمۇ ھۆرمەتلەش لازىم. مۇمكىن بولسا سازەندە تەكلىپ قىلىپ، مېھمانلىرىڭنى خۇشال قىلغىن. مېھماندا سېنىڭ ھېچ ھەققىڭ يوق، مېھماننىڭ ھەققى سەندە كۆپتۇر. مېھماننىڭ ئالدىدا بار يوقتا شادلانما، شادلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىگە شادلان. ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن قايغۇ ــ ھەسرەت چەكمە. مېھمان كۈتۈش خىزمىتىڭ تاماملانسا، مېھمانغا مىننەت يۈكلىمە، بەلكى ئۇلاردىن مىننەتدار بول.

ئەي ئوغۇل، مۇساپىرلارغا ئۇچۇق سۆزلۈك ۋە تاتلىق سۆزلۈك بولغىن، ئاچچىق سۆزلىمە، كىنايە سۆز قىلما. قۇدرىتىڭ يەتسە مۇساپىرغا ئىنئام ئېھسان قىل. مېھمان ئالدىدا ئورۇنسىز كۈلمە. ئورۇنسىز كۈلۈش ساراڭلىقتۇر، ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەپتۇر. ئەگەر مۇساپىر ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، قايتىپ كېتىشنى خالىسا، ئۆيۈڭدە تۇتۇپ قالما، كەتسۇن. مېھمان بار يەردە ئەھلى ئايال، باللىرىڭغا ئاچچىقلانما، چۈنكى مېھماننىڭ كۆڭلى سەندىن رەنجىمىسۇن. مۇبادا مېھماندىن يارىماس سۆز ئاڭلىساڭ، نارازىلىق كۆرسەتمە. سەۋر قىل مېھماننى ھۆرمەتلە.

مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت بار.

ئاباسلاردىن مۇئتەسىم خەلىپىنىڭ زامانىسىدا زور جىنايەتلىك بىر ئادەم تۇتۇپ كەلتۈرۈپتۇ. خەلىپە بۇ جىنايەتكارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ ــ دە، دەرھال جاللاتلار كېلىپ جىنايەتكارنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۇ جىنايەتكار ــ دەردمەن بىچارە پەرياد قىلىپ:

ــ ئەي خەلىپە، ئاللا ۋە رەسۇلۇللا ھەققى بىر يۇتۇم سۇ بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ، ــ دەپتۇ. خەلىپە رۇخسەت قىپتۇ. بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بېرىلىپتۇ. جىنايەتكار سۇنى ئىچىپتۇ ۋە ئەدەپ قائىدە بويىچە:

ــ ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، ئاللا سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى كۆپ قىلسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مېھمان بولدۇم، مېنى تەشنالىق ھالىتىدە بىر قاچا سۇ بىلەن مېھمان قىلدىڭىز، مېھماننى ئۆلتۈرۈش سىزدەك ئىسلام خەلىپىسىگە لايىق بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ئەگەر مېھماننى ئۆلتۈرۈش توغرا بولمىسا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن تۆۋا قىلاي، ــ دەپتۇ. مۇئتەسىم خەلىپە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

ــ سەن توغرا ئېيتتىڭ، مېھمان ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلدىم، ــ دەپتۇ ۋە ئۇنى ئازاد قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مېھماننى ھۆرمەتلەش كېرەك دېگىنىمىزدە، بارلىق مېھمانلار ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلۇغلاشقا ھەقلىق مېھماننى ھۆرمەتلەش كېرەك. ئەخمەق، نادان ــ ھاياسىز مېھمانغا ھۆرمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق نائەھلى ناداننى ھۆرمەتلىسەڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ نازۇ ــ نېمەتلىرىڭنى يەپ بولۇپ، ئۆيۈڭدىن چىققاندا غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. گۆشۈڭنى يەپ ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ. ئەي ئوغۇل، مېھماننى تاللىۋېلىشنى بىلدىڭ، ئۆزۈڭ باشقا كىشىلەرگە مېھمان بولساڭ قانداق مېھمان بولۇشۇڭ كېرەك؟ ئەگەر بىر ئادەم سېنى چاقىرسا، بولار ــ بولماس ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بارما، سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا ھۆرمىتىڭگە زىيان يېتىدۇ. ئەگەر مېھماندار چىلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قوساق بارما. بەك توقمۇ بارما، چۈنكى مېھمان بولۇپ مېھمانغا بېرىپ بىر نەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى. مېھماندارچىلىققا بارساڭ، ئۆزۈڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن، سېنى قايتا قوزغاتمىسۇن. چۈنكى، كېيىن كەلگەن ئۇلۇغراق (چوڭراق) ئادەملەرگە ئورۇن بېرىش ئۈچۈن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن مۇندا ئولتۇر، ئاندا ئولتۇر دېگەن سۆز ئۇلۇغمدىن يامان. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، يېمەك ــ ئىچمەكتە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. خىزمەتكارلىرىغا، باللىرىغا بۇيرۇق قىلما، مۇنداق قىلىش ھەددىڭدىن ئاشقانلىقتۇر.

# تىڭ يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئىشىق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز ئاشىق بولمىغايسەن. چۈنكى، ئاشىقلىق ئەھۋالى ياماندۇر. ئەگەر ئاشىق بولساڭ، ھېچقاچان كۆڭۈلگە ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگەشمە. يەنى كۆڭلۈڭ تارتسا، بىرىپ مەشۇقۇڭ (سۆيگىنىڭ) نى كۆرۈپ كەل. بۇ ھەۋەسكە بىرىلىپ كەتمە، چۈنكى كۆڭلۈڭ سىنى ھاۋايى ھەۋەسكە باشلايدۇ، ئاقىۋەتتە نەپسى شەھۋانى يامان يولغا باشلايدۇ.

مۇنداق شەھۋانى بۇزۇق يولغا مېڭىش ئەقلى بار ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇمكىنقەدەر كۆڭلۈڭنى ئىشقىقا باغلىما، چۈنكى ئاشىقلىق بىر بالا. ئۇ باشقا ھېچبىر بالاغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئاشىقمەن دىگۈچىنىڭ سۆيگىنى بىلەن بىر يىل كۆرگەن راھەتتى بىر كۈنلۈك پىراق — جۇدالىق (ئايرىلىش) جەبىر — جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ، ئاشىقنىڭ سۆيگىنى بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ھىجران پىراق بىلەن ئايرىلىشى باشتىن — ئاخىرى تامامەن مۇشەققەت دەرتتۇر. ئىشىق دەردى داۋاسىز دەردتۇر. چۈنكى، ئەگەر سۆيگىنىڭدىن ئايرىلساڭ ئازاب ئىچىدە قالىسەن، ئەگەر سۆيگىنىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلىق بولسا (قەدرىڭنى بىلمىسە) تېخىمۇ خارلىق ئازابىنى چېكىسەن. سىنىڭ ئىشق باغلاپ ياخشى كۆرگەن مەشۇقۇڭ پەرىشتە —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھۆر سۆپەت بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە مالامەت ـ نەپرەتتىن خالىي بولالمايسەن. ئەگەر سېنىڭ ئاشىقلىقىڭنى خەلق بىلسە، سېنىڭ مەشۇقۇڭ ھەققىدە يامان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. چۈنكى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئادىتى دائىم كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەشتۇر. دېمەك، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئىشق ۋە ئاشىقلىقتىن ياندۇرغىن. ئەقلى بار، زېرەك ئادەم ئۆزىنى ئىشقتىن يىراق تۇتىدۇ، ئىشقتىن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭ يولى شۇكى، مەھبۇبەڭنى كۆرۈش ھەۋىسىنى كۆپ قىلمىغايسەن. چۈنكى، ئادەم بىر گۈزەلنى بىر قېتىم كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولمايدۇ. ئەگەر تەكرار كۆرسە ئىشق مۇستەھكەملىنىدۇ، «كۆز كۆرگەنگە مەيىل قىلىدۇ». كۆپ كۆرگەندىن كېيىن ھېرىس (ئامراق) بولىدۇ. ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە رۇخسەت بەرسەڭ كۆڭلۈڭ بىر كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئىزدەيدۇ، يەنە بىر كۆرسەڭ ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئاخىر تۈگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولىسەن. بولۇپمۇ مەھبۇبەڭنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ، سۆزىنى قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلىساڭ، سەندىن ئارام، راھەت كېتىپ، مېھنەت كېلىدۇ. سەن كىرگەن ئىشق بازىرىدا زەرەردىن باشقا نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. مەھبۇبەڭنى كۆرگەن زامان كۆڭلۈڭگە توسالغۇ بولغايسەن. يەنە بىر كۆرەي دېمە، مەشۇقۇڭنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭگە چۈشۈرمە، ئۆزۈڭنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلغايسەن، بەدىنىڭدىن شەھۋەتنى بوشاتقايسەن. يەنى ئۆزۈڭنىڭ ھالال ئاياللىڭ بىلەن جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت) قىلغايسەن، تاكى كۆڭلۈڭ ئارام تېپىپ باشقا خوتۇننى تەلەپ قىلمىسۇن، قەلبىڭنى، كۆزۈڭنى كۆڭلۈڭ ھەۋەس قىلغان تەرەپكە باغلىما. شۇنداق قىلساڭ مۇنداق ماجازى ـ شەھۋانى ئىشتىن خالاس بولىسەن. ئىشقتىن بۇ يول بىلەن قۇتۇلۇش قىيىندۇر، ئەمما بۇنىڭ جاپاسى بىر ھەپتىلىكتۇر. بۇ

بىر ھەپتىلىك جاپاغا چىدىساڭ، نەچچە يىللىق پىراق ۋە خەلق ئالدىدىكى نەپرەت — مالامەتتىن خالىي بولىسەن. بۇنى ھەركىم كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى ھەرقانداق بىلەر — بىلمەس كىشى قىلالمايدۇ. غايەت ئاقىل — دانا ۋە ئۆز — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولغان كىشى بىجىرەلەيدۇ.

ئاقىللار: «ئىشق بىر تۈرلۈك كېسەلدۇر. ئۇنىڭ داۋاسى تويغۇچە تاماق يېمەسلىك، بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيتى يۈكلەش، ئۆز ھالال جۈپتى بىلەن كۆپ جىما قىلىپ ۋە يىراق يەرگە سەپەر قىلىپ، بەدەننى ئۆز ھالىتىدىن ئۆزگەرتىش. شۇنداق قىلغاندىلا بەدەندىكى ھاۋايى — ھەۋەس پەسىيىپ، ئىشق دېگەن نەرسىنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىگەي» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا تەدبىردۇر.

دوستلارنىڭ ئۆز — ئارا مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئاشىقلىقتۇر، ئۆزۈڭگە بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنى ئىزدىسەڭ شۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى، ساڭا ھەر زامان خەيرخاھ بولسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن، مۇنداق كىشىگە دوستلۇق قىلساڭ بولىدۇ. ئۇلۇغ ئالىملار ئېيتقانكى، ئادەمگە تۆت نەرسە لازىم (1) دوستلۇق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش؛ (2) ھايا ۋە ئەدەپ ئىگىلىرى ئارىسىدا ئۆمۈر كەچۈرۈش؛ (3) ئىلىم مەرىپەت ئەھلى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاققا تۇتۇش. دوستۇڭ نان، ئاش، مەنپەئەتنىڭ دوستى بولمىسۇن، ھەقىقى دوست بولسۇن. جېنى ۋە كۆڭلىدىن ساڭا دوستلۇق قىلسۇن. بۇ خىل دوستقا مۇھەببەت باغلىساڭ، توغرا ھەقىقىي دوست تۇتقان بولىسەن. ئەمما، دوستلۇق بىلەن ئاشىقلىق ئارىسىدا پەرق بار، ئاشىقلىقتا كىشىنىڭ ۋاقتى ھېچقاچان خۇش بولمايدۇ. ئەمما دوستلۇقتا خۇشاللىق بولىدۇ. ئاشىقلىق ئوتى دائىم يالقۇنلاپ كۆيدۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆيدۈرگۈچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆتىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق ئوخشاش ئىنتايىن كۆپ ئەھۋالنى بىلىدۇ. چۈنكى، كىشى يىگىتلىك ۋاقتىدا «ئاشىق» بولسا، خەلق ئۇنى كەچۈرۈشى مۇمكىن، كۆپ تەنە قىلمايدۇ. ئەمما، قېرىلار ئاشىق بولسا (يىگىتلەردەك ھەۋەس قىلسا) ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئاشىق بولساڭ سۆيۈشكە لايىق بولغاندىن ئاشىق بول؛ ھۆسن ــ جامالى، ئەقىل كامالى، ئىلىم ــ مەرىپىتى بولسۇن. چۈنكى، ئىشق بىر ئوتتۇر، ئۇ گۈزەللىكتىن پەيدا بولىدۇ. كۆركەم خۇلقى سۆزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك. ئۇ مەرىپەتتىن ھاسىل بولىدۇ. سېنىڭ ئىشق باغلىغان مەشۇقۇڭدا بۇ ئىككى خىسلەت بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ھۆسن ــ جامالى سېنى كۆيدۈرسە، مەرىپىتىنىڭ سۆزلۈك سۆيۈملۈكى ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، پەسەيتىدۇ. ئەگەر سۆيگىنىڭ غايەت گۈزەل، ھۆسن ــ جامالىق، بەك نازىنىن بولسا، خۇلق ــ قىلىقى كۆركەم بولسا، خەلق سەندىن نارازى بولمايدۇ، ئەيىپ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ. خەلق ھەردائىم بىر ــ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ.

ھېكايەت: بىر ئادەم بىر كىشىدىن:

ــ سېنىڭ ئەيىبىڭ بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ يوق، ــ دەپتۇ ئىككىنچىسى.

ــ ئەجەبكى باشقا كىشىلەردە ئەيىب كۆردۈڭمۇ؟

ــ كۆردۈم.

ــ سەندىن ئەيىبى كۆپ ئادەم يوق ئىكەن، ــ دەپتۇ سوئال سورىغۇچى.

بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ. ئاگاھ بولغىنكى «خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز» دەپ ئويلىما.

## ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئۇيقۇغا دىققەت قىلغايسىز

ئەي ئوغۇل، بەزى خەلقلەردە بىر ئادەت باركى، مۇنچىدىن چىقىپ كىيىم كىيگەن ئورۇندا يېتىپ بىر ئاز يېتىپ ئۇخلىمسا، مۇنچىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئانچە ياخشى ئادەت ئەمەس. تىببىي ئالىملىرى ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېيىشكەن ئىدى. چۈنكى، ئادەم ئۇخلىغاندا بىھوش بولىدۇ، ئەقلى يېپىلىدۇ. بەدەندىكى ھېس ھەرىكەت ئەمەلدىن قالىدۇ (يوقىلىدۇ)، ئادەم ئۆلۈككە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىب ئالىملىرى ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېگەن. ئۇيقۇ بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگەرتىدۇ. يەيلاسوپلار، تىب ئالىملىرى ئېيتقانكى: «بەش نەرسە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە كەلتۈرىدۇ: (1) ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق؛ (2) ئۇشتۇمتۇت يولۇققان قورقۇنچ؛ (3) ئاتۇقچە قايغۇرۇش، غەزەپ؛ (4) ساراڭلىق؛ (5) ئۇخلاش. بۇلار ئادەمنى ئۆزگەرتكۈچى نەرسىلەردۇر.» ئەمما، قىرىلىق ئادەمنىڭ سۈرەت شەكلىنى ئۆزگەرتكۈچى بولسىمۇ، دەرھال ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاۋۇالقى تۆتى ھاياتقا تەۋە، ئۇيقۇ ئۆلۈمگە تەۋەدۇر. مەسىلەن: مەست ئادەم ياكى ساراڭنى يىراقتىن كۆرۈپ بىلگىلى بولىدۇكى، ئۇ تىرىكتۇر. ئەمما، ئۇخلىغان كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرگەندە ئۆلۈك دەپ قىياس قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۆلۈككە ھۆكۈم يوق، ئۇخلىغان ئادەمگىمۇ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمايدۇ. مەلۇمدۇركى، كۆپ ئۇخلاشنىڭ زەرى بولغانغا ئوخشاش، ئۇيقۇسىزلىقنىڭمۇ زەرەرى بار. ئەگەر بىر كىشى 72 سائەت ئۇخلىمىسا، يەنى ئۈچ كېچە كۈندۈز ئۇخلىمىسا ھالاك بولىدۇ (ئۆلىدۇ) . ئەمدى ھەرنەرسە ئۆلچەم بىلەن بولۇشى كېرەك. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىڭدە ئازادە ئۇخلاشنىڭ زەرەرى يوق، بەلكى ھۇزۇرلۇقتۇر. تىب ئالىملىرى دىگەنكى: بىر كېچە — كۈندۈز 24 سائەت، ئۇنى ئۈچكە بۆلۈش كېرەك؛ ئىككى ئۈلۈشنى ئويغاقلىق ۋاقتتا، بىر ئۈلۈشنى ئۇخلاشقا سەرىپ قىلىش كېرەك. يەنى سەككىز سائەتنى تائەت — ئىبادەتكە ۋە ئۆزىنىڭ مەئىشىتىگە سەرىپ قىلغاي؛ سەككىز سائەتنى يىمەك — ئىچمەككە، زەۋق — ساپا (ئارام ئېلىش) غا سەرىپ قىلغاي؛ 8 سائەتنى ئۇخلاش — ئارام ئېلىشقا سەرىپ قىلغاي، شۇنداق بولغاندا، 16 سائەت ئىچىدە بەدەنگە تەسىر قىلغان زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەرگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، بەدەن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاقىللارچە ۋە ھۆكۈما، تىۋىپلارچە تىركىلىك قىلىش ئەنە شۇدۇر. لېكىن، جاھىللار مۇنداق قىلمايدۇ، ھايۋانغا ئوخشاش 12سائەت ئۇخلايدۇ، 12 سائەت ئويغاقلىقتا يۈرىدۇ. يەنى ئەتىگەندىن — ئاخشامغىچە ئويغاق يۈرىدۇ، ئاخشامدىن ئەتىگىچە ئۇخلايدۇ. ھۇرۇن — خۇشياقماسلار بولاردىنمۇ يامانىراقتۇر. كۈندۈزنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، ئىككى ھەسسىسىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزىدۇ، بىر ھەسسىسىنى ئويغاقلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بولارنىڭ زىيىنى ھەممىسىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ئاللا تائالانىڭ كېچىنى يارىتىشىدىكى سەۋەپ ھەر بىر ھايات (جان) ئىگىسى كېچىدە ئۇخلاپ راھەت تاپسۇن ۋە ئادەم پەرزەنتلىرى كۈندۈزى جەبىر — جاپادىن كېچىسى ئارام ئېلىپ راھەت

تاپسۇن دېگەنلىكتۇر. راھەت ئۇيقۇ بىلەن بولىدۇ، ئۇخلىمىسا راھەت ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى، ھاياتقا سەرمايە بولغان نەرسىنىڭ بىرى جان ۋە بىرى بەدەندۇر. بەدەن جانغا ماكان بولغان ئىكەن، جان بەدەننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. جاننىڭ خىزمىتى ھەرىكەتلىنىش بىلەن تەنگە راھەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچ خاسىيىتى بار. جاننىڭ ۋەزىپىسى ھايات، ھەرىكەت ۋە يېنىكلىكتۇر. بەدەننىڭ ۋەزىپىسى ئۆلۈم، جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىقتۇر. بۇنىڭغا پاكىت شۇكى، بەدەن جان بىلەن تىرىك كۆرۈنىدۇ، ئەگەر جان كەتسە بەدەن ئۆلۈك — جەسەت بولىدۇ. بەدەننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى جاندۇر، جان كەتكەندىن كېيىن جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىق كۆپىيىدۇ. مۇنداق بولغاندا بەدەن بىلەن جان بىر يەردە سۆھبەتداش بولىدۇ. دائىم جان بەدەننى ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. جان بەدەننى بەزىدە خىزمەت قىلدۇرىدۇ، بەزىدە راھەت ئالدۇرىدۇ. جاننىڭ بەدەنگە تەئەللۇق بىر مۇنچە ھەم سۆھبەتلىرى بار. بۇ ھەمسۆھبەتلەرنىڭ ۋاقتى خۇش — گۈزەل ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاشقى ھېسسىي ئەزالارنىڭ ياردىمى كېرەك. ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش ۋە تۇتۇپ كۆرۈش زەۋق دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، تىل بىلەن تاتلىق — ئاچچىقنى تېتىپ بىلىش قاتارلىقلار. بەدەن بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، بەدەن ئۆيى ئۇيقۇ بىلەن مەشغۇل بولسا، تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە بېرىكىپ ھەرىكەتسىز بولىدۇ. ئەمما، جانغا تەئەللۇق يەنە بىر قانچە خىزمەتكار بار: ئۇلار ئورتاق ھېس، خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى، بولار ئىچكى ھېس دېيىلىدۇ. بەدەن ئۇيقۇ بىلەن ھەرىكەتتىن توختاش سەۋەبلىك بۇ ئورتاق ھېسلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئىچكى ھېستىن بىرى پىكىر، يەنە بىرى مۇھاپىزەت (خاتىرە كۈچى) مەلۇمكى، بولارنىڭ پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، پائالىيىتى ئۇيقۇ بىلەن يوقىلاتتى، چۈش كۆرمەيتتى ۋە كۆرگەن چۈش خاتىرىدە قالمايتتى. تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، ئويغانغان ئادەم ئويغاق ئادەمگە ئوخشاش بولاتتى ۋە راھەت، ئارام ئېلىنىشلار ھاسىل بولمايتتى. ئاللا ھېكمەتسىز نەرسىلەرنى ياراتمىغان بولارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەندىن كېيىن، كۈندۈزى ئۇخلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇيقۇ بەك تەقەززا قىلسا، ئازغىنا يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇپ كېتىش كېرەك، چۈنكى ئۇخلاش كېچىگە تەئەللۇقتۇر. كىشى كۈندۈزى ئۇخلىسا، كۈندۈزنى كېچە قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئىلمىي ھاياتقا، ھېكمەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزى بىر سائەت يەردە ئارام ئېلىپ، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. سۆزلىرىمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئادەم ئۆمرىنىڭ كۆپىرەكىنى ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئۇيقۇ ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر. ئۆلۈم بىلەن ئۇيقۇنىڭ پەرقى: ئۆلۈك ئۆزى خالىغان كىشىنى يېنىغا كەلتۈرۈپ ياتقۇزۇشقا قادىر ئەمەس. ئەمما، ھايات ئىنسانى (تىرىك ئادەم) سۆيگەن كىشىسىنى يېنىغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيەتلىك. مۇمكىن بولسا ئۇيقۇ ۋاقتىڭدا ئۆلپەتدىشىڭ ــ ھەمراھىڭ بىر دىلبەر نازىنىن ۋە ساڭا مېھرىبان، پىداكار گۈل يۈزلۈك بولسۇنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئارام ئالساڭ راھىتىڭ ساڭا يېڭى روھ بېغىشلايدۇ. بۇ سىنىڭ گۈل يۈزلۈك، ھالال ــ قانۇنى شەرئى جۈپتۈڭ بولىشى كېرەك. بۇ ئىش يوقىرىقىدەك بولمىسا، تىرىكنىڭ ئۇيقۇسى ئۆلۈكتىن پەرقلىق بولمايدۇ. ئەي ئوغۇل، كېچىسى ئارام ئېلىپ ئۇخلىساڭ، قۇياش چىقماستىن بۇرۇن ئويغىنىشنى ئادەت قىل. ئاللانىڭ پەرمانلىرىنى ئادا قىل.

## ئىي يىگىت — مال مۈلۈك ۋە بايلىق ھاسىل قىلىش ھەققىدە مۇنۇلار سېمىڭىزدە بولسۇن

ئەي ئوغۇل، مال- مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىشقا تىرىشقىن. لېكىن، مال مۈلۈكلەر ھالال — توغرا يولدىن ھاسىل قىلىنىش لازىم. مال — مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىمەن دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولما. ھەر قاچان ھالال — توغرا، خەۋپسىز يولدىن بايلىق ھاسىل قىلغايسەن، ھالال — توغرا، خەۋپسىز يول بىلەن مال — مۈلۈك بايلىق يىغساڭ ئۆزۈڭدە قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن. ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ بۇ مال — مۈلۈك، بايلىقلار قولدىن كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋاباسى (جازاسى) ساڭا قالىدۇ. ھالال يول بىلەن ھاسىل قىلغان مال — مۈلۈكىڭنى ساقلاپ، توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن، ئورۇنسىز سەرپ قىلما، ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە. ئەخمەقلەرنىڭ يولىغا ماڭما، چۈنكى مال — مۈلۈكىڭنى ساقلاش ئۇنى توپلاشتىن مۈشكۈل. كۆپ كىشىلەر مال — دۇنيا يىغىپ، ساقلاش يولىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ھاجىتىڭگە زۆرۈر كەلسە، ئۆز يېنىڭدىن ئۆزۈڭ قەرز ئېلىپ، يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇشقا تىرىشقىن، خىراجىتىڭنى ئىرادەڭگە قاراپ ھېساب بىلەن قىل، بەلكى خىراجىتىڭ ئىرادەڭدىن كەم بولسۇن. مەسىلەن: ساڭا كۈندە ئون تەڭگە كىرىم بولىدىغان

www.uyghurkitap.com



بولسا، توققۇز تەڭگىنى خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىپ، بىر تەڭگىنى تېجەپ، سەرمايەڭگە قوشۇپ قوي. شۇنداق بولغاندا ھېچقاچان مۇھتاج بولمايسەن ياكى ئۈمىد قىلغان نەرسە قولۇڭغا كىرگۈچە سەرمايەڭنى خىراجەت قىلىپ تۇرالايسەن. ئەگەر خىراجىتىڭنى ئىرادەڭدىن كۆپەيتىۋەتسەڭ، ھەر قانچە كۆپ خەزىنە بولسىمۇ يەتمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، كۆڭلۈڭنى بىر نەرسىگە تامامەن باغلىما، تۇيۇقسىز بىر ھادىسە، سەۋەب بىلەن سەن كۆڭۈل باغلىغان نەرسە قولۇڭدىن كەتسە غەم قايغۇغا قالمىغايسەن. مال ــ مۈلۈكۈڭ كۆپ بولغان تەقدىردە كەمبەغەللىكىڭنى ئۇنۇتما. خىراجىتىڭنى ھېساب بىلەن قىل. چۈنكى، خىراجىتىنى ھېسابلاپ ئىشلەتكەن ئاز ئاقچىسى بار ئادەم خىراجىتىنى بىلمەي، ھېسابلىماي سەرپ قىلغان بايدىن ئارتۇق. خىراجىتىنى بىلىپ، ھېسابلاپ قىلغان ئادەمنىڭ ھەر قاچان قولىدا ئازدۇر - كۆپتۇر مۈلۈكى بولىدۇ. ھېسابلىماي خىراجەت قىلغان كىشى تېز مۇھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ. مال ــ مۈلۈكى بار چاغدا ئىسراپ قىلمىسا موھتاجلىققا چۈشمەيدۇ. «كىشى مال مۈلۈكى بار چاغدا ئۇنى ئىسراپ قىلىپ، كېيىن دوستىغا موھتاج بولغاندىن، ئىسراپ قىلماي دۈشمىنىگە قالدۇرغان ئەلا». مال - مۈلۈكۈڭ دۈشمەنگە قالسا قالسۇنكى، دوستقا موھتاج بولما!

قولۇڭغا بىر نەرسە كەلسە، بۇ ئاز ئىكەن، بۇنىڭدىن نېمە ھاسىل بولار؟ دېمە. ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىغان كىشى كۆپ نەرسىنى ساقلىيالمايدۇ. بىر دوستۇڭ ياكى بىر كىشى مال مۈلۈكىنى ياكى بىرەر خىزمىتىنى تاپشۇرسا ۋە ئامانەت قىلسا، ئۆز مال - مۈلۈكۈڭ، ئۆز ئىشىڭغا ئوخشاش كۆرۈپ ساقلا ۋە بېجىرگىن. بەلكى ئۆز مۈلۈكۈڭ، ئۆز ئىشىڭدىن ياخشىراق - ئارتۇقراق مۇھاپىزەت قىلغىن ۋە بېجىرگىن. سىنىڭ مال - مۈلۈكۈڭنىمۇ تەڭرى ساقلايدۇ. خەلق

ئارىسىدا ئىشەنچلىك ئامانەت ساقلىغۇچى ۋە دىيانەتلىك بىلەن مەشھۇر بولسەن. ئەي ئوغۇل، ھۇرۇن، ئىش بىلەن خۇشى يوق، لەقۋا بولما، چۈنكى ھورۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە ئىشقا خوش ياقماسلىق قاتتىق نومۇستۇر، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. جاپاسى كۆپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇشەققىتى ئاز ئىشنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇشەققەت چېكىپ، غەيرەت قىلىپ بىر نەرسە ھاسىل قىلساڭ توغرا يولغا سەرپ قىل، مۇشەققەتلىرىڭ زايا بولمىسۇن، قەدىرلىك نەرسەڭنى قەدىرلىك ئادىمىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما. چۈنكى، ھەرقانداق قەدىرلىك نەرسەڭ بولسا، ئۆزۈڭ بىلەن بىر قەبرىگە بولمايدۇ. قولۇڭدا بار نەرسىگە قانائەت قىل، چۈنكى قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ھېچقان تۈگىمەيدۇ. كۆپ ھېرىس (ئاچ كۆز، تويماس)، تەمەگەر بولما، خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تاتلىق سۆزلۈك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىن. خەلققە شەپقەت قىلغۇچى - مېھرىبان بول، خەلق تەرىپىدىن ساڭا ياخشى بىر ئىش بۇيرۇلسا، ئۇنى بېجىرىشكە ئىجتىھات قىل، خەلق بۇيرۇغان ياخشى ئىشقا قارشىلىق كۆرسەتمە، ئالەمدە نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغىن ئادەمنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. قانائەتچان بولغان، خەلققە يۈك بولمىغان، يەنە خەلققە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمىگەن ئادەم خەلق ئارىسىدا ئەتۋارلىق بولىدۇ، سۆزى ھەممىگە مەقبۇل بولىدۇ. ھەرقانچە باي بولسىمۇ قانائەتسىز كىشىنىڭ ئەتۋارى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەم گاداي ھېسابلىنىدۇ، سۆزى مەقبۇل بولمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ بىر زىننىتى بار؛ بايلارنىڭ زىننىتى ۋە بېزىكى يوقسۇللارغا خەير — ئېھسان، مەدەتكارلىق قىلىشتۇر. ھەركىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىنئام — ئېھسان قىلىشقا تىرىشقىن، سادىقە ۋە زاكالەت بېرىشتە بېخىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلما، بۇ ئىشلاردا ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپچىلىق قىلغۇچىلارنى ئاللا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللاتائالا ئىسراپچىلىقنى مەنئى قىلىپ: «يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن ئەلۋەتتە ئاللاتائالا ئىسراپچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. سەن ھېچقاچان ئىسراپچىلىق قىلغۇچىلاردىن بولما. ھەتتا ئىسراپخورلار بىلەن ھەمسۆھبەتمۇ بولما. چۈنكى، ئاپەت كەلسە بىر سەۋەب بىلەن كېلىدۇ؛ كەمبەغەللىشىشنىڭ بىر سەۋەبى ئىسراپچىلىق. بۇ ئاپەتتۇر. كىشى ئۆزىگە لازىم ۋە زۆرۈر بولغان ئورۇنغا سەرپ قىلسا، بۇ ئىسراپچىلىق بولمايدۇ. بىھۇدە ۋە شەرىئەتكە خىلاپ ئورۇنغا سەرپ قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە زىيانكار بولىدۇ. ئىسراپچىلىق ئىقتىساد نەرسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى سۆزدە، يۈرۈش- تۇرۇشتا، يېمەك- ئىچمەكتە، ئۆي ئىشلىرىدا، كىيىم- كېچەكتە، ۋاقىتتا بولىدۇ. ھەممە ئىشتا مۆتىدىل (نورمال) بولۇش كېرەك، ئەي ئوغۇل، «ئىسراپ بولىدۇ» دەپ تىرىكچىلىكتە تارلىق، بېخىللىقنى ئادەت قىلما، ئۆزۈڭدىن قىزغانما (ئۆزۈڭگە بېخىللىق قىلما)؛ ئاچچىلىق ھالەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمە. تۇرمۇشنى ئىمكانىيەت، ئىقتىدارىڭنىڭ يېتىشىچە خۇش ئۆتكۈزگىن، ئۆز جېنىڭنى ئاسرا، جېنىڭدىن ئەزىز نەرسەڭ يوق. نەپسىڭنى تىمىسىك خۇلاسىسى شۇكى، ئىسراپخورمۇ، بېخىلمۇ مال- مۈلۈكۈڭدىن بىرەر نەرسىنى بىر كىشىگە ئامانەت قويساڭ، ئىسراپخور ئادەمگە تۇتقۇزما. بېخىل، باي ئادەمگە ئامانەت قويساڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسراپخور ئادەم گەرچە موھتاج بولمىسىمۇ، سېنىڭ ئامانەت قويغان مال مۈلۈكۈڭنى زايا قىلىۋېتىش ئېھتىمالى بار. ئەمما، بېخىل سېنىڭ مېلىڭنىمۇ ئۆز مۈلۈكىدەك ساقلايدۇ. يەنە قىمارۋاز، ھاراق- شاراب ئىچكۈچى كىشىلەرگە ئامانەت قويما. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا ئىككى نەرسە بار: بىرى

راھەت، بىرى مېھنەت. خەلق بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىردىن قاچىدۇ، بىرىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما، ھەر ئىككىسى ئادەم بىلەن بىللە مەۋجۇتتۇر، يەنى ئادەمدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، مېھنەت – جاپاسىز راھەت بولمايدۇ، راھەتسىز مېھنەت بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىر – بىرىگە تايىنىدۇ. بىراۋغا راھەت بولغان نەرسە ئىككىنچى بىراۋغا مېھنەت بولۇپ دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر كىشىگە دۇنيا جەھەتتىن مۇشەققەت ۋە جاپا كەلسە كېيىن بايلىق راھىتىنى كۆرىدۇ. ئەمما، مېھنەت – مۇشەققەت تارتماي راھەتكە ئېرىشىلە، يوقسۇللۇق مېھنىتىنى تارتىدۇ. بۈگۈنكى مېھنەت ئەتىنىڭ راھىتىدۇر. بۈگۈنكى راھەت ئەتە مېھنەتكە ئايلىنىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىنىمۇ شۇنىڭغا قىياس قىلىش كېرەك. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا راھەتلىك ئۆتەي دېسەڭ، ھۈنەر- كەسىپ ۋاستىسى بىلەن ھالالدىن (توغرا يولدىن ) ھاسىل قىلغان نەرسەڭنىڭ بىر مىقدارىنى تۇرمۇشۇڭغا سەرپ قىل، يەنە بىر مىقدارىنى ئىقتىساد قىلىپ ساقلا، ئېھتىياجلىق كۈنلىرىڭدە ئىشقا يارايدۇ. ئەگەر ئۆزۈمنى باشقۇرالمايمەن دېسەڭ، يوقالماس، چىرىماس بىر نەرسە ئېلىپ ساقلا. كېرەك بولغاندا باھاسى كېمەيمەيدىغان بولسۇن. مەسىلەن، لەئل – ياقۇت، ئىنچۇ، ئالتۇن – كۆمۈش ياكى يەر، سۇ، ئورمان، ئۆي ئىمارەتكە ئوخشاش نەرسىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئېھتىياجلىق بولغاندا سېتىپ خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىسەن. ئېھتىياجلىق بولساڭمۇ ئابرۇيۇڭغا نۇقسان يېتىدىغان نەرسىنى ساتما، خەلق ئىچىدە ھۆرمىتىڭ بۇزۇلمىسۇن. ئەي ئوغۇل، قەرز ئېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئۆسۈم بىلەن قەرزدار بولما. بۇ ئىشلار ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھۆرمەتسىز قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، كىمگە قەرزدار بولساڭ، ئۇنىڭغا قۇل بولىسەن ۋە ئۆز- ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىسەن. شۇنداقلا كىشىگە قەرز پۇل بەرمە. خۇسۇسەن دوستۇڭغا قەرز بەرمە. چۈنكى، دوستۇڭ ئۆزىنى بىلىپ ۋاقتىدا بەرمىسە، تەكرار سوراش كېرەك بولىدۇ. سورىساڭ رەنجىيدۇ، دوستلۇق بۇزۇلىدۇ. ئەگەر دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۆزۈمنىڭ دەپ بىلمە، ئۆزى بەرسە سەرپ قىل، بەرمىسە سوراپ ئېلىپ دوستلۇققا نۇقسان يەتكۈزمە. دوستىنى دۈشمەن قىلىش- نادانلارنىڭ ئىشى. ئەي ئوغۇل، ئومۇمەن قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىشقا سازاۋەر ئادەملەردىن ئايىما. كىشىنىڭ مال-مۈلۈكىدىن تەمەيىڭ بولمىسۇن. ئۆزۈڭنى مۇنداق سۈپەت بىلەن تونۇتساڭ، خەلق ئارىسىدا ئېپپەت (نومۇس) لىك، ئىشەنچلىك تونۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدھىيىلەشكە ئېرىشىسەن.

## ئاگاھ بولۇڭ ئى يىگىت — ئۆي جاي سېتىۋېلىش ھەققىدە مۇنۇ ۋەسىيەتلەرنى ئېسىڭىزدە بولسۇن

ئەي ئوغۇل، ئۆز مۈلۈكۈڭ ئۈچۈن ئۆي جاي ئالماقچى بولساڭ، ئۆي — جاي كاساتى (ئەرزان) بولغاندا سېتىۋال، باھاسى ئۆسكەندە سات. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىشى ئەيىبلىك ئەمەس. ھەر نەرسە سېتىۋالساڭ ياخشىسىنى ئال. ياخشى نەرسىدە پايدا ئۈمىدى بار. پايدىسىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر نەرسە ئالما. ھەر ئىشتا پايداڭنى كۆزەت، بىپەرۋا بولما. ئالىملار دېگەنكى: «بوداش — تىجارەتنىڭ يېرىمى». بىر نەرسىنىڭ پايدا — زىيىنىنى ئالدىن بوداش لازىم. ھەر نەرسە ئالساڭ پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ، ئۆز سەرمايەڭگە قاراپ بەلگىلە. يەنى ئاز نەرسىدىن كۆپ پايدىنى ئۈمىد قىلما. ئاز پايدىغا رازى بولمىغان ئادەم كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. كۆپ زىيان تارتقان كىشى تېز گەمبەغەل بولىدۇ. كۆپ پايدا ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن زىيان تارتمايمەن دېمەڭ. ھەسەتخور — كۈندەش بولما، تەمەخورلۇق قىلما. ھەر ئىشتا سەۋر قىل، ئالدىرىما، سەۋر ئىككىنچى ئەقىلدۇر. ھەرقانداق ئىشقا بىپەرۋا بولما، بىپەرۋالىق ئەخمەقلىقتۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدى — ئارقىسىنى ھېسابلاپ قىل. ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ كېيىن پۇشايمان يېمە: بىر ئىشنىڭ يولى باغلانسا، ئېچىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىرىشقىن. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىل. سالماقلىق بىلەن ئىشلە. ئالدىراش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن يامان ئىش ياخشىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى بىلگىنىڭدىن كېيىن، ئۆي جاي ئېلىشنى نىيەت قىلساڭ شۇنداق ئورۇندىن ئېلىشىڭ كېرەككى، قوشنىلىرى ياخشى كىشىلەر بولسۇن. شەھەر چېتىدىن ئالما، ئىلاج بولسا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئال. قوشنىلىرىڭغا دىققەت قىل. خەلق ئىچىدە: «قوشنا كۆرۈپ ئۆي ئال» دېگەن گەپ بار. ئويلانماي ئۆي جاي ئالساڭ، قوشنىلىرىڭ يامان چىقىپ قالسا، ئۆي ـ جايىڭنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىسەن. شۇنداق ئۆي ـ جاي، باغۋاران ئالغىنىڭ، مەھەللەڭدە ئۇلۇغ، دانىشمەن ئادەملەر، تۆرە ئىشانلار بولمىسۇن. پادىشاھقا مەنسۇپ ئادەملەر بولمىسۇن. قوشنىلىرىڭ ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق، ياخشى كىشىلەر بولسۇن. ئەگەر ياخشى قوشنىلىرى بار جايدىن ئۆي ـ جاي، باغۋاران سېتىۋېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالساڭ، قوشنىلىرىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىل. قوشنىلارغا ھۆرمەت قىلىش ـ قوشنىلارنىڭ ھەققى. مەھەللە ئادەملىرى ۋە قوشنىلىرىڭ بىلەن گۈزەل، ياخشى تىرىكچىلىك قىل. قوشنىلىرىڭ ئاغرىپ قالسا يوقلاپ تۇرغىن، ۋاپات بولسا ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشقىن. ياخشى ئىشلىرىنى قوللا، خۇشاللىقىغا خۇشال بول، قايغۇسىغا قايغۇر. قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەردە قوشنىلىرىڭدىن قىزغانما. ئەگەر قوشنىلىرىڭ بىلەن يۇقىرىقىدەك تۇرمۇش كەچۈرسەڭ، شۇ مەھەللىنىڭ ئۇلۇغ ئادىمى سەن بولىسەن. قوشنىلىرىڭنىڭ بالىلىرىنى كۆرسەڭ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەت، مويسىپىتلارغا ھۆرمەت قىل. مەھەللە جامائىتىنىڭ

مەسچىتىگە بار، چەت مەھەللە مەسچىتلىرىگە بارما. مەھەللىنىڭ ئىمام ۋە پېشىۋالىرىغا ھۆرمەت قىل. سەن خەلق ئالدىدا ياخشى مۇئامىلىدە بولساڭ، خەلقمۇ سەن بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ. يامان ھەرىكەتتە بولما، يامان سۆزلەرنى سۆزلىمە. ھەركىم يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، يامان ئىشقا دۇچ كېلىدۇ. يامان سۆز سۆزلىسە، يامان سۆز ئاڭلايدۇ. خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ غەيۋىتى سۆزلىنىدۇ. بىر شەھەردە ۋەتەن تۇتۇپ تۇراي دېسەڭ، چوڭ شەھەردە تۇر. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى، سۈيى ياخشى، تەبىئىتىگە مۇۋاپىق بولسۇن. ئالغان ئۆي جايىڭنىڭ ئېھاتىسى (ئەتراپى) مۇستەھكەم بولسۇن. كىشىنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتا تەنە تاپىلىرىڭ بولمىسۇن، چۈنكى، قوشنىلىرىڭ سەندىن رەنجىپ قالمىسۇن. ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمىغان ئۆي — جاي، باغۋاران ساڭا مۈلۈك بولىدۇ. ئالغان ئۆي — جاي، باغ ۋارانىڭ ئىمارىتىنى تۈزەپ ياخشىلاشقا تىرىشقىن. بىنالىرىڭنى ياخشىلىساڭ قىممىتى ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، خاراب بولغان ئۆي — جاي، باغۋاران سەھراغا ئوخشايدۇ. ھەرقانچە زور سەھراغا ئىگە بولساڭمۇ مەھسۇلاتى پايدىسى يۇقىرى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — ئۆيلىنىش ئالدىدا بەكمۇ دىققەت قىلىڭ

بىلگىنكى، ھەرقاچان خوتۇن ئالساڭ خوتۇنۇڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ھەرقانچە قەدىرلىك نەرسەڭ بولسىمۇ، ساڭا ئىتائەت قىلغان، ئاق كۆڭۈل، توغرا يوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما. خوتۇن ئېلىشتا خوتۇنىڭ مال مۈلۈكىدىن، پۇلدىن بىر نەرسە ئېلىشنى ئىزدىمە ۋە خوتۇنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكنى ئىزلىمە. چۈنكى، گۈزەللەر كۆپىنچە ئويناش (ئاشنا تۇتۇش) نى ئىزدەيدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، يارىماس ئادەملەردىن يۈزى پاك ۋە دىنى پاك بولسۇن، قورامى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە خوتۇنلۇقتا، ئۆي تۇتۇشقا لاياقەتى بولسۇن. ئۆي ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزى ھالال ئېرىنى سۆيگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن. بۇ سۈپەتكە لايىق بولغان خوتۇن يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى بولىدۇ. يەنە، ئۆز مەرتىۋەڭدىن يۇقىرى، ئۆزۈڭدىن باي خوتۇنلارنى ئالما تاكى خوتۇنۇڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇندا بولمىغايسەن. ئەگەر قىز ئېلىش مۇمكىن بولسا، قىز ئېلىش ئەۋزەل، ئەردىن قالغان خوتۇننى ئالما. چۈنكى، قىزنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا ئەرنىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ، باشقىلارنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش دەپ بىلىدۇ، باشقىلارنى تەمە قىلمايدۇ، ئارزۇ قىلمايدۇ. ھەر

خوتۇنىكى، ئاقىلە (ئەقىللىق) بولمىسا، ساڭا تىنىل ئۆزىتىپ، سەندىن ئارتۇقلۇق - ئۇستۇنلۇكنى دەۋا قىلىدۇ. مۇنداق خوتۇندىن قېچىش كېرەك. ئالىملار ئېيتقانكى: «ئەر كىشى بولاقىا ئوخشايدۇ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك خوتۇن يەرگە ئوخشايدۇ». ئەر كەسىپ قىلىپ تاپقان نەرسىلەر يەرگە سۇ يىغىلىپ كۆل بولغاندا خوتۇن قولىغا يىغىلىدۇ. لېكىن، خوتۇن سېنى باشقۇرۇپ، سېنىڭ رىزىق - ئۇزۇق تەسەررۇپلىرىڭنى قولىغا ئېلىۋالمىسۇن، توسالغۇ بولمىسۇن. ئەگەر خوتۇن سېنىڭ ئىگىلىكىڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئىگە قىلمىسا ۋە ئۆز مال- مۈلۈكىڭگە سۆزۈڭ ئۆتمىسە، خوتۇننىڭ قولىغا قاراپ قالساڭ، بۇ ئەرلىك ئورنۇڭنى يوقىتقىنىڭدۇر. سەن خوتۇن بولسەن، خوتۇنۇڭ ئەر بولىدۇ. بۇ ھال ساڭا بۇ دۇنيادا، خوتۇنۇڭغا ئۇ دۇنيادا خارلىق كەلتۈرىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇندىن مەغلۇپ بولىشى، بۇ غەيرەتسىزلىكتۇر. مەشھۇر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە: «ئىران شاھى دارانىڭ قىزى شۇنچىۋالا گۈزەل نازىنىن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئالمايسەن؟» دېيىلگەندە، ئىسكەندەر: «بۇ، چوڭ ئەيىب ئىشتۇر، مەن پۈتۈن ئالەم ئەرلىرىدىن غەلبە قىلدىم، بىر خوتۇن ماڭا غالىب كەلسە، ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلسا بۇ بىر ئەركىشى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ بولالمايدىغان ئىش» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەي ئوغۇل، خوتۇنۇڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بولۇشى لازىم، ئۇ، ئۆي تۇتۇش يوللىرىنى بىلسۇن. بەك ياش، بويىغا يېتەر- يەتمىگەن كىچىك قىزنى ئالما. چۈنكى، مەرد ئادەملەر خوتۇننى ئۆي ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئالىدۇ، پەقەت جىما ئۈچۈنلا ئالمايدۇ. ئالغان قىز، خوتۇنۇڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ، مەكتەپنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئۆي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن بولسۇن. مۇنداق قىز، خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا، ئۇنى ئېلىشتا بىپەرۋالىق قىلما، ھېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭنى خۇش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىسۇن، ساڭا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇراڭلاردا دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۇشكۈل.

ئەي ئوغۇل ئەگەر قىز ئالساڭ، غايەت مۇشتاق بولۇپ ھەر كېچىسى جىما قىلما، خوتۇنۇڭ «ئەرلەرنىڭ ئادىتى كېچىسى جىما قىلىش ئىكەن» دەپ، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. مۇبادا ساڭا بىر زۆرۈرىيەت كېلىپ قالسا ياكى سەپەرگە كەتسەڭ، سەن قايتىپ كەلگۈچە ھەر كېچىسى جىماغا ئادەتلەنگەن خوتۇن ئۇچۇن يالغۇزلۇق ئېغىر كېلىدۇ. يەنى ئادىتى بويىچە ھەر كېچىسى جىما قىلدۇرۇشنى ئىزدەيدۇ. مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئاللا ئۆزى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ھەر ھالدا ئەرلىك غۇرۇرۇڭنى ساقلىغايسەن. غەيرەتسىز ۋە ھىممەتسىزلەر قاتارىغا كىرىپ قالما. كىمنىڭ غەيرىتى يوق بولىدىكەن، دىنىمۇ يوقتۇر. «كىمنىڭ غەيرىتى يوقتۇر، دىنى يوقتۇر» دېيىلگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ھەقىقى سادىق ھەم مېھرىبان، ياخشى سۈپەتلىك خوتۇنۇڭ بولسا، ئوغۇل- قىز پەرزەنتىڭنى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالايسەن.

# ئاگاھ بولۇڭ ئى يىگىت — دوستلۇقنى قەدىرلەڭ

ئەي ئوغۇل، ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزىگە دوست تېپىشقا تىرىشىدۇ، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشتىن قاچمايدۇ. دوستسىزلىقتىن قېرىنداشسىزلىق ياخشىراق. بىر پەيلاسوپتىن: «دوست ئارتۇقمۇ، قېرىنداش ئارتۇقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيلاسوپ: «ئەگەر قېرىنداش ۋاپادار، شەپقەتلىك، مېھرىبان بولسا قېرىنداش ئارتۇق. ئەگەر قېرىنداش كۆيۈملۈك، ۋاپادار بولمىسا يات ۋاپادار بولسا دوست ئارتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن. دوستلارغا سوۋغات، تۆھپە ئەۋەتىش ۋە ئادەمگەرچىلىك بىلەن دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش لازىم. دوستلىرىغا رىئايە قىلمىغان كىشى دوستسىز قالىدۇ. كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولسا ئەيىبلىرى يېپىلىدۇ، ياخشىلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ. يېڭى دوست تۇتساڭ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمە. ياخشى دوست — ئۇلۇغ خەزىنە. ھەمىشە دوستۇڭ كۆپ بولۇشىنىڭ كويىدا بولۇشۇڭ كېرەك. ئەمما، سەن بىلەن شەكىلدە دوستەك يۈرۈپ يېرىم دوستلۇق قىلسا، مۇنداق دوستلارغا ئىچكى سىرىڭنى ئېيتما؛ لېكىن ئۇلارغا مېھرىبان بولغايسەن. سەندىن ياخشىلىق كۆرسە يېرىم دوستلۇقتىن پۈتۈن دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ. دوستلىرىڭ بىلەن سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىشىڭ زۆرۈر. مۇبادا دوستلىرىڭ

بىلەن ئارىدا يىراقلىشىش — ئاغرىنىش يۈز بەرسە، تېز ئۆزرە ئېيتىپ، ئەپۇ سورىغىن. ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، دوستۇڭنىڭ مىجەزىگە قاراپ ھەرىكەت قىل. دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل. چۈنكى، دوستلۇرۇڭنىڭ دوستلىرىمۇ ساڭا دوستتۇر، ئەمما دۈشمىنىڭگە دوست بولغان دوستتىن ساقلىنىش كېرەك، ئۇنىڭغا سىرىڭنى بىلدۈرمە. ئۇنىڭ دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقى ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن ئارتۇقراق بولۇشى ۋە ساڭا خائىنلىق قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن، ئەقىللىق دوست بولۇپ، دۈشمىنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭنى ياخشىلاشقا ئىجتىھات قىلسا، زىيىنى يوق، بەلكى پايدىسى بار. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، دوستۇڭغا دۈشمەن بولغان دوستۇڭدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىل. بۇ ئېيتقانلىرىم دۇنيا ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قارىتىلغان. ئەگەر بىر دوستۇڭ كىچىككىنە ۋە ئازلا بىر نەرسە ئۈچۈن سەندىن باشقىلارغا شىكايەت قىلسا، مۇنداق دوستۇڭدىن خاتىرجەم بولما ۋە دوستلۇق ئۈمىدىنى قىلما. مۇناپىق دوستتىن ھەزەر قىل، مۇناپىق دوست شۇكى، ئاشقى كۆرۈنۈشتە دوست بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە (قەلبىدە) دۈشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە — يېقىنچىلىق قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىڭ لازىم. ئەقىلسىز دوستتىنمۇ غاپىل بولما، دانالار ئېيتقانكى: «ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى». چۈنكى، ئەقىلسىز دوستتىن زىيان يېتىش ئېھتىمالى بار. ئەقىللىق دۈشمەندىن پايدا يېتىش ئېھتىمالى بار. دۇنيادا ھېچ كىشىنى ئەيىبسىز دەپ قىياس قىلما ۋە بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىلەرنى دوست تۇتما. چۈنكى، ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، شاراب مەجلىسىدە ئۆزۈڭ بىلەن بىللە شاراب ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا — قويۇق دوست ھېسابلىما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاراق — شاراب دوستلىرىدۇر.

يالغۇزلۇقنى يامان ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن ئەلا بىلگىن. «يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن يالغۇزلۇق ياخشى» دۇر. ياخشى دوستنىڭ ئالامىتى شۇكى، دوستىدىن بىر نەرسىنى ئايىمايدۇ. دوستىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ، يۈز ئۆرىمەيدۇ. دوستى ۋاپات بولغاندا، دوستىنىڭ ئەۋلادىغا، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىدۇ. قەبرىسىگە بېرىپ ئاللادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ، دوستىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

دوستلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن بىپەرۋا بولما. 1000 دوستۇڭ بولسىمۇ، ئۇزۇڭنى ئۆزۈڭ سۆيگەندىن ئارتۇق سۆيمەيدۇ. راھەت — پاراغەت ۋە مېھنەت، يوقسۇللۇق ۋاقىتلىرىدا دوستلۇقنى بۇزمىغان دوست ھەقىقىي دوستتۇر. مۇنداق دوست بەك ئاز تېپىلىدۇ. سېنىڭ بېشىڭغا قاتتىق كۈنلەر كېلىپ بالا ۋە مېھنەتكە دۇچار بولغىنىڭدا، سەندىن قېچىپ دۈشمىنىڭگە دوست بولغان ئادەم سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردىمۇ، بۇرۇنقى خۇشاللىق چاغلاردىكىدەك مۇئامىلە قىل. دوستۇڭغا ھەرگىز سىرىڭنى بىلدۈرمە. چۈنكى، ئاراڭلاردا ئىناقسىزلىق پەيدا بولسا، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ. يوقسۇل بولساڭ بايلار بىلەن دوست بولما. كەمبەغەل بىلەن ھېچ كىشى دوست بولمايدۇ، خۇسۇسەن بايلار كەمبەغەللەر بىلەن دوست بولمايدۇ. ھارقاچان ئۆز دەرىجىدە، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئادەملەر بىلەن دوستلۇقتا ئۆتكىن. ئەمما، سەن باي بولساڭ كەمبەغەل، يوقسۇللار بىلەن دوست بولۇشۇڭ سائادەتتۇر. ئەگەر كىشىلەر بىلەن دوست بولساڭ، دوستلۇققا رىئايە قىل. خەلقمۇ سەن بىلەن بولغان دوستلۇق ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. دوستلۇرۇڭغا نىسبەتەن كۆڭلۈڭنى راست تۇت، ئاق كۆڭۈل بول، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن گۇناھ ئۆتمەي، ئۇ سەندىن كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆززە ئېيتىشقا ئالدىرما. سەندىن سەۋەبسىز كۆڭۈل ئۈزگەن كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. سەندىن پايدا ئۈمىد قىلىپ دوست بولغان ئادەم بىلەن دوستلۇق قىلما. گىنە ــ ئاداۋەت تۇتىدىغان ئادەم بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولما. چۈنكى، ئادەمنىڭ كۆڭلى گىنە ـ ئاداۋەت بىلەن تولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوستلۇق مۇھەببىتى ئورۇن ئالمايدۇ. مۇھەببەت، زوق، دوستلۇق بىر نۇردۇر. گىنە ــ ئاداۋەت بىر قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر. بۇ ئىككىسى بىر يەردە ئورۇن تۇتمايدۇ. يەنە ھەسەتخور، كۆڭلى تار، بىراۋنىڭ ياخشى كۈنگە چىدىمايدىغان ئادەم بىلەن دوست بولما. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرى چىقمايدۇ. ھەر قاچان ساڭا ئازار بېرىش، زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بولىدۇ. سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ — دۈشمەندىن كۆپ ئېھتىيات قىلغايسىز

ئەي ئوغۇل، ئېھتىيات قىلغىنكى، ھېچكىمگە دۈشمەن بولما. ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا قورقما. ئەمما، دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇن ھىيلە- مىكىرلىرىگە بىپەرۋالىق قىلما. چۈنكى، دۈشمەن 100 تۈرلۈك ھىيلە بىلەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىش غەرىزىدە بولىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرىدىن ئەمىن بولما. دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالىنى، ھىيلىسىنى تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىپتۇ. تاكى دۈشمەنىنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرىنىڭ ئاپىتىگە گىرىپتا بولماغايسەن. ۋاقتى كەلمىگۈچە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىكىڭنى بىلدۈرمە. دۈشمەن كۆزىگە ئۆزۈڭنى قانچە چوڭ كۆرسىتىشكە بولسا، شۇنچە چوڭ — ئۇلۇغ كۆرسەت، ھەرقانچە ئاجىز بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە. دۈشمەنىنىڭ ئوچۇق چىراي كۆرسىتىپ تاتلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كۆڭۈل بەرمە. دۈشمەن ساڭا بال ۋە شېكەر بەرسە، ئۇنى زەھەر دەپ بىل. ئەمما، دۈشمىنىڭ ھەرقانچە ئاجىز، كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى تۆۋەن، خار چاغلىما. ئاجىز زەئىپ دۈشمەن بىلەن كۈچلۈك، زور دۈشمەننى باراۋەر- ھېسابلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، دېمە. دۈشمەندىن ئېھتىيات قىل، دۈشمەنىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ھىيلە- مىكىر تانابىغا باغلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇدۇقتا چۈشمىگەيسەن. دۈشمەننىڭ مەسلىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قوي، ئەمما قوبۇل قىلما.

نەزمە:

دۈشمىنىڭدىن يەتسە بولبولدەك ناۋا،
ئاڭلىغىن ئۇنى زەھەر ناك ئوق- يارا.

بۇ ھالغا مۇۋاپىق مۇنداق بىر ھېكايەت بار: خۇراساندا مۇھەللىپ ئىسىملىك ناھايىتى باي، ھىيلىگەر بىر كىشى بار ئىدى. بىر كۈنى بىر نەچچە خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندا بىر پارچە قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مۇھەللىپ ئورنىدىن قوپۇپ قوغۇن شاپىقىنى پىچاق بىلەن پارچە- پارچە قىلىپ كېسىپ تاشلاپتۇ. خىزمەتكارلىرى: «مۇنچە ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن بىر پارچە شاپاقنى پارچە پارچە قىلىپ كەسكىنىڭ قانداق ئىش؟» دەپتۇ. مۇھەللىپ ئۇلارغا: «بۇ قوغۇن شاپىقى مېنىڭ ئايىغىمنى تېيىلدۇرغان دۈشمەندۇر. قانداق ھالەتتە بولمىسۇن دۈشمەننى يوقىتىش كېرەك»، دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، دۈشمەننى ئاجىز، خار، كىچىك سانىماسلىق كېرەك. ھەركىم دۈشمەننى خار، ئاجىز ھېسابلىسا، تېزلىكتە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئاللا پاناھ بەرسۇنكى، دۈشمىنىڭ بولمىسۇن. ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسا، دۈشمىنىڭنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ يەڭگەن ھالەتتىمۇ، خەلق ئارىسىدا دۈشمەننى ئاجىز، قولىدىن نېمە كېلەتتى، دەپ مەسخىرە قىلىپ سۆزلىمە. مۇنداق سۆزلەر ساڭا ئېپتىخارلىق ئەمەس، بۇ سۆزلەر بىلەن ماختانما. زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سەن كۆزگە ئىلمىغان ئاجىز دۈشمەن ۋاقتى كەلگەندە سەندىن غالىب

كەلسە، ساڭا بەك زور نومۇس بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئاجىز خار كىشىدىن يېڭىلىش غايەت خورلۇقتۇر. بىر پادىشا كىچىككىنە بىر ئاجىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلسا، ئەگەر ئۇ دۈشمەن پادىشاھنىڭ بۈيۈكلۈكىگە نىسبەتەن چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، لېكىن مۇنشى (ئەدىب ــ كاتىپ) لار پادىشاھنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى، دۈشمەننىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنى ۋە شان ــ شەۋكىتىنى مۇبالىغە قىلىپ، ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن ئارسلانغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى پادىشاھىمىز ئاشۇنداق كۈچلۈك ئەسكىرى بار دۈشمەندىن غەلىبە قىلدى، نۇسرەتكە ئىگە بولدى. بۇ، پادىشاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ جاسارەت شىجائىتىگە دەلىل دېمەكچىدۇر. ئەگەر ئۇلار مەغلۇب بولغان دۈشمەننىڭ ئەسكىرىنى ئاجىز دېسە، غالىبىيەت قازانغۇچى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ۋە قوشۇنىغا ئىپتىخارلىق بولمايدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ناھايىتى: «ئاجىز بىر ئەسكىرىي قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ» دەپلا قويىدۇ.

ھېكايەت: زەي دېگەن بىر مەملىكەتتە بىر ئايال پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ، پەخرىد دۆلەتنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پادىشاھلىق ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىغا مىراس قاپتۇ. ئۇنى مەجىد دۆلەت دەپ ئاتايدىكەن. مەجىد دۆلەت چوڭ بولغۇچە پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ ئانىسى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مەجىد دۆلەت ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىن پادىشاھلىققا لاياقىتى بولماپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز كېنىزەكلەر بىلەن ئەيش ــ ئىشرەت قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئانىسى سەييىدە رەي مەملىكىتىدە، ئىسپىھاندا ۋە پۈتۈن كوھىستاندا 30 يىلغا يېقىن پادىشاھلىق قىپتۇ. ئەتراپتىكى پادىشاھلار بىلەن مادارا قىلىپ كېلىشىپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىپتۇ. بىر چاغدا سۇلتانى مەھمۇد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇد غەزنىۋى) پادىشاھ سەيىدەگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى، باج-خىراجەت تۆلەشنى تەلەپ قىپتۇ. «ئۇ دۆلەتتە خۇتبە مېنىڭ نامىمغا ئوقۇلسۇن، پۇل مېنىڭ نامىمدا چىقىرىلسۇن، ئەگەر ئىتائەت قىلىشنى قوبۇل كۆرمىسەڭ قوشۇن تارتىپ بېرىپ مەملىكىتىڭنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزۈڭنى يوقىتىمەن» دەپ خىتاب قىپتۇ. سۇلتانى مەھمۇد ئەلچىسى بۇ خىتابنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، مەزكۇر سەيىدە سۇلتانى مەھمۇدقا مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: «ئەگەر مېنىڭ ئېرىم پەخرىي دۆلەت ھايات بولسا ئىدى، سەندىن بۇ ھەرىكەتنى ئۈمىد قىلاتتىم، يەنى سۇلتانى مەھمۇد مەملىكىتىمىزنى ئالىدۇ، دەپ پىكىر قىلاتتىم، قورقاتتىم. ھازىر ئېرىم پەخرىي دۆلەت بولسا ۋاپات بولغان، مەملىكەتنى مەن باشقۇرۇۋاتىمەن. پادىشاھلىق ماڭا ئوخشاش بىر ئايالنىڭ قولىدا قالدى. ئىلگىرى سەندىن قورقىدىغان پىكىرلىرىم ئۆزگەردى. ھازىر مېنىڭ پىكرىم شۇكى، سۇلتانى مەھمۇد زور- بۈيۈك پادىشاھدۇر. ماڭا ئوخشاش ئاجىز بىر ئايال بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلمەس دەپ تۇرماقتىمەن. ئەگەر مەن ئويلىغاندەك بولماي، نومۇس قىلماي، ئۇرۇش ئۈچۈن مېنىڭ مەملىكىتىمگە قوشۇن تارتىپ كەلسەڭ، ئاللانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ساڭا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلىشىم مۇقەررەر. ھەرگىز قورقمايمەن، چېكىنمەيمەن. چۈنكى، ئۇرۇش ئىككى ھالەتتىن خالىي بولمايدۇ. شەكسىز ھالدا ئىككى قوشۇننىڭ بىرى مەغلۇپ بولسا بىرى غالىب بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئەسكىرىڭ مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلسە، پۈتۈن جاھان سۇلتانى مەھمۇد بىر ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ كۈچى يەتمەي مەغلۇپ بوپتۇ، دەپ نامىڭ چىقىدۇ، بەتنام ساڭا قالىدۇ. جايلاردا غەلىبە خەۋەرلىرى، قەسىدىنامىلەر يېزىلىدۇ، ھەممە يەردە مېنىڭ نامىم ئاتىلىدۇ. ئەگەر

سىنىڭ تەرىپىڭدە بولسا، مەن ئايالنىڭ قوشۇنى يېڭىلسە يەنىلا جاھان سۇلتانى مەھمۇد بىر ئايالنى مەغلۇپ قىلىپ قوشۇننى يېڭىپتۇ، دەيدۇ. جاھان خەلقى ئارىسىدا شاڭا بۇ نامدىن ئىپتىخارلىق ھاسىل بولمايدۇ».

سۇلتانى مەھمۇد ئايال پادىشادىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئىلگىرىدىكى نىيىتىدىن يېنىپ، سۈلھى يولىنى تۇتۇپ تىنچلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئەي ئوغۇل، كۆردۈڭمۇ؟ دۈشمەن بىلەن قانداق مادارا قىلىش كېرەك؟ دۈشمىنىڭ بولماستىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش چەھەتلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشۈڭ لازىم. چۈنكى زامان ھۆكۈمدارلىرى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، تەمەسى ئېشىپ، باشقا خەلقلەرنىڭ ئەل – يۇرت، مال – مۈلۈكىگە خىيانەتكارلىق، تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سۇنىدۇ. دۈشمەننى ۋە ئۇنىڭ مۇداخىلىسىنى يوقىتىشقا ئىجتىھات قىلىشىڭ كېرەك (سەندىن ئىلگىرى ئۇلار سېنى ھالاك قىلمىسۇن). ھېچقاچان دۈشمەندىن، بولۇپمۇ ئۆز يېنىڭدىكى دۈشمەندىن خاتىرجەم بولما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات ئەجنەبى دۈشمەن سېنىڭ ئىچكى ئەھۋالىڭدىن ۋاقىپ بولالمايدۇ. ئەمما، يېنىڭدىكى دۈشمەن ھەممە ھالىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ. بەلكى سەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىكىنى بىلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن، ھەر قاچان يۇرت ئىچىدىكى دۈشمەن سەندىن قورقۇپ يۈرسە، ئۇنىڭ كۆڭلى ساڭا مۇۋاپىق بولمايدۇ. تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشتىن خالىي بولمايدۇ. بىر دۈشمەن بىلەن جان – دىلىدىن دوست بولما، تىلىدىلا دوستلۇق كۆرسەت. ئېھتىمال ئۇنىڭ ياسالما دوستلۇقى بارا – بارا ھەقىقىي دوستلۇققا ئۆزگىرىپ قالار. بەزى يالغان دوستلارنىڭ ھەقىقىي دوستقا ئايلانغانلىرىمۇ بار. بەزىدە ئىككى ھەقىقىي دوستنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتكەنلىرىمۇ بار. دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ھەر قاچان دۈشمەننى يوقۇتۇشقا قادىر بولمىغاندا (ئاجىز كەلگەندە)، دۈشمەنگە ياخشىلىق ۋە مادار قىلىش كېرەك. شۇنىڭغا تىرىشقىنكى، دۈشمەن سەندىن خاتىرجەم بولسۇن. دوستلىرىڭ كۆپ، دۈشمەنلىرىڭ ئاز بولسۇن. قولۇڭدىن كەلسە مىڭ دوستۇڭ بولسۇن، بىرمۇ دۈشمىنىڭ بولمىسۇن. بىراق، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر دۈشمەندىن ساقلىيالمايدىغانلىقنى ئۇنۇتما، بىر دۈشمەن مىڭ دوستلىرىڭنى ئالداپ كېتىدۇ. ئۆزۈڭدىن كۈچلۈك، زور ئادەم بىلەن دۈشمەنلەشمە. ئۆزۈڭدىن ئاجىز دۈشمەننى يوقاتمىغۇچە راھەتتە بولما. ئەگەر بىر دۈشمىنىڭ باش ئېگىپ سەندىن ئامانلىق ئىزدىسە، ئۇ ساڭا ھەرقانچە جاپا بەرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. دۈشمەنىنىڭ سەندىن ئامانلىق ئىزدىگىنىنى غەنىيمەت بىلگىن، چۈنكى ئامانلىق ئىزلىگەن كىشى مەغلۇپ بولغان بىلەن تەڭ. دۈشمىنىڭنى ئاجىز ھالەتتە كۆرۈپ، خاتىرجەملىنىپ بىپەرۋا بولما. چۈنكى ئۇ، پۇرسەت تاپسىلا ساڭا قەست قىلىدۇ. دۈشمەننى ھالاك قىلساڭ خۇشال بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەمما، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسە خۇشال بولما. چۈنكى، سەنمۇ ئۆلىسەن. ھۆكۈمالار ئىتتىپاقكى، «كىشى دۈشمىنىدىن كېيىن بىر نەپەس ئارتۇق ياشىسا غەنىيمەت بىلىشىڭ كېرەك». لېكىن، ھەقىقەت شۇكى، ھەممىمىز ئاقىۋەت دۇنيادىن كېتىمىز. كىشىنىڭ ئۆلگىنىدىن شادلانماسلىق كېرەك.

ئەي ئوغۇل، ھەممىمىز سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپتىمىز. سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە ياخشى ئەمەلدىن بۆلەك ئوزۇق يوق. ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا: «يول ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلاڭلار، ئوزۇقنىڭ ياخشىسى

ئاللادىن قورقۇپ، ياخشى ئەمەل قىلىشتۇر. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى، يامان ئىش ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاڭلار» دەيدۇ.

مەشھۇر ئىسكەندەر زۇلقەرنەين شەرق ۋە غەرب مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەملىكىتىگە قايتماقچى بولۇپ، دامىغا دېگەن شەھەرگە كەلگەندە ئۆلۈم كېسىلى يېتىپ كەپتۇ. ئىسكەندەر ۋەسىيەت قىپتۇ: «مېنى ئۆلگىنىمدىن كېيىن تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتنىڭ بىر تەرىپىدىن قولۇمنى بوش چىقىرىپ قويۇڭلار. تاكى جاھان خەلقى كۆرسۇنكى، پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلدىم. مانا ئەمدى كۆرۈڭلاركى، دۇنيادىن قۇرۇق قولۇم بىلەن قايتتىم».

ئىسكەندەر يەنە ئېيتىپتۇ: «ئانامغا ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر روھىمنىڭ خۇشنۇدلىقىنى كۆزلىسە، مەن ئۈچۈن ھېچ قايغۇرمىسۇن، ھەسرەت چەكمىسۇن. مۇبادا يىغلاپ ـ ھەسرەتلىنىپ قايغۇرىدىغان بولسا، خەلقنى يىغىپ ئىككى تۈرلۈك ئادەم تاپسۇن. ئۇنىڭ بىرى، ھېچقانداق سۆيۈملۈك كىشىسى ۋاپات بولمىغان بولسۇن؛ ئىككىنچى بىرى، ئۆلمەيدىغان ئادەم بولسۇن. ئەگەر مۇنداق كىشى تېپىلسا، ئانام خالىغانچە قايغۇرۇپ ھەسرەت چەكسۇن. مۇنداق ئادەملەر دۇنيادا بولمىسا كېرەك. دۇنيانىڭ ۋە دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، ئانام قايغۇرۇپ يىغلىمىسۇن».

ئەي ئوغۇل، ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم بارلىقىنى ئۇنۇتما. ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل بولما. ھەسەتچىلەرنىڭ ۋە دۈشمەنلىرىڭنى تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن قايغۇغا سالغىن. ياكى ئۇلار ئۆز ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل بولسۇن. ساڭا يامانلىق قىلىشقا مەشغۇل بولسۇن. ساڭا يامانلىق قىلىشقا ئامالسىز قالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساڭا ياخشىلىق قىلغانلارغا سەنمۇ ياخشىلىق قىل. تۈزەلمەس يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىقنى زايا قىلغانلىق بولىدۇ.

دوستۇڭ بىلەن يۇمشاق سۆزلەش. تاتلىق سۆز سېھىردۇر. ياخشى سۆز ئادەمنى باش ئەگدۈرىدۇ. ياخشى - يامان ھەرقانداق سۆز سۆزلىسەڭ، ئاۋۋال ئويلاپ سۆزلە. ئۆزۈڭ ئاڭلاشنى خالىمىغان سۆزنى كىشىگە سۆزلىمە، يەنى ئاچچىق سۆزلىمە. بولمايدىغان، بولمىغان ئىش بىلەن كىشىنى قورقۇتما. سېنى ئۇنداق قىلىمەن، بۇنداق قىلىمەن دېمە. قىلماستىن ئىلگىرى بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ ماختانما. «خۇدا خالىسا قىلىمەن» دېگىن. ئالدى بىلەن ئىشلىگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلە. بىراۋغا تىل ئۇزاتما، قاچان بولمىسۇن ئۇ ئادەممۇ ساڭا تىل ئۇزىتىدۇ. مۇناپىق (ئىككى يۈزلۈك) بولمىغىن، ئىككى يۈزلۈك ئادەمگە يېقىن كەلمە. يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما، ئەمما سۆز توشۇغۇچى مۇناپىقتىن قورق. چۈنكى، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقنىڭ بىر نەپەستە تۇغدۇرغان پىتنىسىنى بىر يىلدا تۈگىتىشكە، تىنجىتىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ھەيۋەتلىك ئادەم بولساڭ، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن بەسلەشمە، مۇنازىرىلەشمە ۋە دەۋالاشما. سېنىڭ ھۆرمەت، ھەيۋىتىڭگە زىيان يەتمىسۇن. ئېھتىمالكى، مۇنازىرىدە مەغلۇپ بولمىغايسەن، مەغلۇپ بولساڭ خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارىڭ قالمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى سەندىن ئەيىب تاپسا، تىرىشىپ بۇ ئەيىبنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىل. ئۆزۈڭنى يۇقىرى چىقىرىپ، تەكەللۇپلۇق ئورنىغا ئولتۇرما، ئەگەر باشقىلار كېلىپ تۆۋەن چۈشسەڭ ياراشمايدۇ. بىر كىشىنى كۆپ مەدھىيلىمە، كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەش قىيىن بولمىسۇن. بىر كىشىنى كۆپ ھاقارەتلىمە، يەنە بىر چاغدا مەدھىيلەشكە ئورۇن قالمايدۇ. ھەر ئىشنى نورمال ئىشلەش كېرەك. دوستۇڭ، دۈشمىنىڭگە نورمال

مۇئامىلە قىلىشىڭ لازىم. ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرگىن. تەكەببۇر، گەدەنكەشلەرگە گەدەنكەشلىك قىل. بارلىق ئىشىڭدا ئادەمگەرچىلىك يولىنى ساقلا غەزىپىڭ كەلگەندە سەۋر قىل. دوستۇڭغا، دۈشمىنىڭگە يۇمشاق سۆزلىگىن. ئۇلۇغ ئالىملار ئېيتقانكى، خىسلەتنى ئۈزلەشتۈرۈش لازىم: (1) ئۆزۈڭدىن چوڭ بۈيۈك ئادەملەر بىلەن ئويناشما؛ (2) خىزمەتكارلارغا زۇلۇم سالما؛ (3) ھەسەتخور، كۆزى كىچىك، كۆڭلى تار، چىدىماس ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ (4) بېخىل بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ (5) نادان- جاھىللار بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ (6) تۇراقسىز كىشىلەر بىلەن دوست بولما؛ (7) يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ (8) ئۇرۇشقاق- جېدەلخورلار بىلەن ئۈلپەت بولما؛ (9) ئاياللار سۆھبىتىدە كۆپ ئولتۇرما؛ (10) سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما. ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قاچقىن. ساڭا ھاجىتى چۈشكەن كىشىنى خار كۆرمە.

ئەي ئوغۇل، بىراۋغا بولغان ئاچچىقىڭنى باشقا ئادەمدىن چىقارما، ئەگەر سېنىڭ ھەققىڭدە بىراۋدىن گۇناھ ئۆتسە كەچۈرگىن، خىزمەتچىلىرىڭنى ئاسراپ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن. چۈنكى، خىزمەتكار ۋە ئەسكەرلىرىڭ بىر باغچىغا ئوخشايدۇ. باغچىنى قانچىلىك پەرۋىش قىلساڭ، شۇنچىلىك مېۋىسىنى يەيسەن. ئەسكەرلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن رازى قىلساڭ، سېنىڭ پەرمانىڭغا شۇنچە بويسۇنىدۇ. ئەگەر خىزمەتچىلىرىڭ، ئەسكەرلىرىڭ سەندىن رازى بولمىسا، ئىشلىرىڭ خاراب بولىدۇ. ساڭا ئىتائەت قىلمىغان ئەلا خادىمىڭدىن ئارتۇقتۇر. بىر ئىشنى ئىككى كىشىگە بۇيرۇما — ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا پىشقان تاماق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولىدۇ. ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا (ئىككى خوتۇنلۇق بولساڭ) ئۆيۈڭ پاكىز، ساغلام بولمايدۇ. ئەگەر باشلىقلىق ساڭا بىر خىزمەت بۇيرۇسا

شېرىنلىك ئىزدىمە، ئۆزۈڭ بېجىرگىن. دوستقا ۋە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنى قىزغىن ۋە غەيرەتلىك كۆرسەتكىن. خەلقنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولما. بار ـ يوق نەرسە ئۈچۈن خەلقنى ئەيىبلىمە. ئەپۇ قىلىش ۋە سېخىيلىق يولىنى تۇتقىن. شۇنداق قىلساڭ ھەممە تىللار سېنى مەدھىيىلەيدۇ، ياخشى نامىڭ بىلەن ئاتايدۇ.

# ئى يىگىت ئاگاھ بولۇڭ

## مېھرىڭىزمۇ قەھرىڭىزمۇ بولسۇن

خاتالىق ۋە گۇناھ ئۈچۈن كىشىنى دەرھال تۈتماسلىق كېرەك. بىر كىشى خاتالاشسا، گۇناھنى تونۇپ ئۆزرە بايان قىلسا، خاتالىقنى ۋە گۇناھنى كەچۈرگىن، چۈنكى خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى ئادەمدۇر. گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلگەن ئىدى. بۇزات ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئىستىغپار ئېيتقان ئىدى، تۆۋىسىنى ئاللا قوبۇل قىلدى.

بىر يوق گۇناھ ئۈچۈن كىشىنى ئەيىبلىمە، يوق گۇناھ ئۈچۈن جازاغا تارتىلمىسۇن. ھەرقانداق سۆز ئۈچۈن ئاچچىقلانما، ئاچچىقىڭ كەلگەندە غەزەپىنى يۇت. ئاچچىقىڭنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئادەت قىل. گۇناھ قىلغان كىشى ئەپۇ سورىسا ئەپۇ قىل. ئەگەر بەندە گۇناھ قىلمىسا خۇدانىڭ ئەپۇسى بولمايدۇ. گۇناھى بارلارنى ئەپۇ قىلساڭ، ئۇلۇغلۇق شەرىپىدىن نەسىپدار بولىسەن، ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىپ ئۆزۈڭنى گۇناھكار قىلمىغىن. ئەگەر ئۆزۈڭ خاتالىق، گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سوراشتىن نومۇس قىلمىغايسەن، تاكى دوستلار ئارىسىدىكى دوستلۇق يېپى كېسىلمىسۇن، ئەگەر كىشىنىڭ گۇناھىغا قاراپ جازا بەرمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولساڭ، گۇناھىغا قاراپ تولۇق جازا بەرسەڭ، شەپقەت، كەڭچىلىك يولىنى ئۇنتۇغان بولىسەن. جەمئىيەت ئىنتىزامى ئۈچۈن بىر تەڭگىلىك گۇناھ قىلغاندا يېرىم تەڭگىلىك گۇناھ بەرگەيسەن. شۇنداق قىلساڭ، گۇناھكارغا جازا بېرىلگەن بولىدۇ ھەم ئادەمگە شەپقەت قىلغانمۇ بولىدۇ. مائاۋىيە زامانىدا بىر گورۇھ ئادەم گۇناھ قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپتۇ ۋە بىر نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆلتۈرۈش نۆۋىتى بىرىگە كەلگەندە، ئۇ:

— ئەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى، بىزگە قانداق جازا بەرسەڭ، گۇناھىمىزغا نىسبەتەن ئورۇنلۇق ۋە ھەقتۇر، گۇناھىمىزنى ئىقرار قىلىمىز. لېكىن، ئىككى سۆزۈم بار، بۇ سۆزۈمگە ئاللاھ ئۈچۈن جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ.

— نېمە سۆزۈڭ بار؟ — دەپتۇ مائاۋىيە ئۇ ئادەمگە.

— سىنىڭ سېخىيلىقىڭ، سالماقلىقىڭ ۋە شەپقىتىڭ ھەققىدە، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — خەلق ئارىسىدا ياخشى سۆزلەر بار. لېكىن، بىزگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتىسەن. ئەگەر بۇ گۇناھىمىز سەۋەبلىك بىزنى شەپقەتسىز، رەھىمسىز ھۆكۈمرانىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەڭ. ئۇ قانداق ئىجرا قىلاتتى؟

— ھامان ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلاتتى، — دەپتۇ مائاۋىيە.

— ئەگەر مەرھەمەتسىز، شەپقەتسىز ھۆكۈمران شۇنداق جازا بەرسە، — دەپتۇ ئۇ مەھكۇم، — سىنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ بىلەن شەپقەتسىز ھۆكۈمرانىڭ نېمە پەرقى بار؟ بىزگە سىنىڭ شەپقىتىڭدىن نېمە پايدا يەتتى؟

مائاۋىيە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مەجلىسىدە ھازىر بولغانلارغا:

— ئەگەر بۇ كىشى بۇ سۆزىنى ئالدىن ئېيتقان بولسا، ھەممىسىنى ئازاد قىلاتتىم، — دەپتۇ — دە، قالغان گۇناھكارلارنى ئۆلۈم جازاسىدىن ئازاد قىلىپتۇ.

ئەي ئوغۇل، سېنىڭدىن گۇناھكارلار كەچۈرۈم بېرىشىنى ئۈمىد قىلسا، گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ساڭا ئېھتىياجى بولسا، قولۇڭدىن كەلسىلا رەت قىلما، ھاجىتىنى راۋا قىل، قۇرۇق قايتۇرما، سەندىن كۆتكەن ياخشى ئىشەنچىنى بوشقا چىقارما: كىشىلەر سېنى ياخشى كىشى دېمىسە، ھاجىتىنى ئېيتىپ ئالدىڭغا كەلمەيتتى. ئەگەر سېنىڭ بىر كىشىگە ھاجىتىڭ بولسا، ئالدىن ئويلاپ كۆرگىنكى، سەن ھاجەت سوراپ بارغان كىشى مەردمۇ ياكى خەسىس — بېخىلمۇ؟ ئەگەر ئۇ كىشى مەرد — سېخىي بولسا، ھاجىتىڭنى سورا، بېخىل ئادەم بولسا، ئۆزۈڭنى خار قىلما، يەنە كىشىدىن ھاجەت تىلىگەندە ۋاقتىنى بىلىپ تىلە، يەنى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتى ئوچۇق، كۆڭلى خۇش ۋاقتى بولسۇن. ئۇ خاپا ياكى قورسىقى ئاچ ۋاقتى بولمىسۇن. كىشىدىن ھاجەت سورىساڭ، ھاسىل بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان (ئىمكانىيەتلىك) نەرسە ۋە ئىش بولسۇن. شۇنداق بولسا، مەھرۇم قالمايسەن. كىشىدىن ھاجەت سوراشقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىڭنى ئالدىن ئويلاپ قىلغىن، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، مۇلايىملىق بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆڭلىنى يۇمشىتىدىغان ۋە تەبىئى ياقتۇرىدىغان سۆزلىرىڭنىڭ ئارىسىدا مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، ھاجىتىڭنى تىلە. ھاجەت سوراشتا ياخشى سۆزنىڭ ياردىمى كۆپ بولىدۇ. ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىگە ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرسەت. «ئىنسان — ياخشىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن گەپ بار. ھاجىتىڭنى راۋا قىلسا، ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بايان قىلغايسەن. يەنە بىر قېتىم ھاجىتىڭ چۈشكەندىمۇ يولۇڭ ئوچۇق، يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر بىر كىشى سىنىڭ ھاجىتىڭنى ھەل قىلمىسا، كىشىلەرگە شىكايەت قىلما. ئەگەر بېخىل ئادەمدىن ھاجەت سورىساڭ، ئۇنىڭ مەست كەيپ ۋاقتىدا سورىغىن، چۈنكى، مەست ئادەم مەرد بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئەمدى ھۈنەر ــ سەنئەت ئىلىم-پەن ئۈستىدە سۆزلەيمەن. بۇ سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالمىساڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاتىلىق ھەققىنى بىجىرگەن بولىسەن. قوبۇل قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان يىگىتلەرگە بەخت يار بولسۇن!

# ئاگاھ بولۇڭ ئى يىگىت — ئىلىم ئۆگىنىش پەرز بولۇپ چوقۇم ئۆگىنىڭىز ھەم باشقىلارغا ئۆگىتىڭىز

ئەي ئوغۇل، «ھۈنەر» دېگىنىمىز، دۇكاندا ئولتۇرۇپ ئالماق — ساتماق بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەمەس، ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەشغۇلاتى — ھاياتىغا زۆرۈر ئىشلار «ھۈنەر» دېيىلىدۇ. مەيلى ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ياكى «ئاخىرەت» ئىشلىرى ئۇچۇن بولسۇن، ھەممىسى ھۈنەر دېيىلىدۇ. قولۇڭدىكى ئىشلىرىڭنى ياخشى ئۆگەنگىن، ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولىسەن. ئادەم ئىلىم — ھۈنەردە ئۇستازغا ۋە ئۇستازنىڭ تەربىيىسىگە موھتاج بولىدۇ. ئىلىم — ھۈنەر ئۆگەنگەندىن كېيىن غايەڭنى ئىشقا ئاشۇرالايسەن. ئەي ئوغۇل، ئىلىمىڭنى ۋە ھۈنىرىڭنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشقىن. ئىلىم — ھۈنەر بەك كۆپتۇر، ھەممىسىنى بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ مەقسىتى ئىككى ھالدىن خالىي ئەمەس: بىرى، تۇرمۇش مەئىشىتىنىڭ ئۇچۇن جەمئىيەت سېنى بىرەر ھۈنەرگە موھتاج قىلىدۇ، ئۇ چاغدا شۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشۇڭ كېرەك. يەنە بىرى، ھۈنەرگە موھتاج بولماي ئۇلۇغ- مەرتىۋىلىك بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ- مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە لازىمكى، ھەر ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشۇڭ زۆرۈر. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۈنەر.

ئەي ئوغۇل، ھەرقانداق ئىلىم- ھۈنەر ئۆگەنسەڭ، شۇ ھۈنەر- ئىلىمدىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرنى بىلمىسەڭ، پايدىسىنى كۆرەلمەيسەن. مەسىلەن: تېۋىپ خەلققە خىزمەت قىلىپ، تۈرلۈك دورىلار، شەربەتلەر، مەجۇنلەرنى ئىشلەشنى ۋە ئىشلىتىش ئورنىنى تونۇشى لازىم. ئەگەر ئاسترونومىيە ئۆگەنسەڭ پىلانېتلارنى، ئەجرامى ساماۋىيە ۋە تەقۋىم- كالېندار ئىلمىنى بىلىشىڭ لازىم. ئاسترونومىيىگە ئائىت پەنلەرنى بىلمىسەڭ ھۆرمەت ۋە پايدىسىغا ئېرىشەلمەيسەن.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىلىم ئوقۇپ، ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئورنىدا ئىشلەتمىسە، دۇنيادا پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ ئىجتىھات قىلىپ، تۈرلۈك ئىلىملەردىن خەۋەردار بول. تۈرلۈك ئىلىملەرنى ھاسىل قىلماقچى بولساڭ، ئالىملارنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ماڭغان يولىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئۆگەنگىن. كامىل بىر ئۇستازنىڭ خىزمىتىگە (تەربىيىسىگە) كىرىپ ئىلىم ھاسىل قىلىشىڭ لازىم. شۇندىلا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دۆلىتىگە ئېرىشكەيسەن. ھەرقاچان ئىلىم ھاسىل قىلساڭ، باشقا ھۈنەرلەرگە ئېھتىياجىڭ چۈشمەيدۇ. ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىغا قەدەم قويساڭ، ناچار ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى ساقلىنىشىڭ كېرەك. ھەق- ناھەقنى، ھالال- ھارامنى ئايرىشىڭ لازىم. تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك جاپا- مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، جاپالىق ھاياتقا قانائەت قىلغان. كىشىلەردىن تەما قىلما. ئىلىم — مەرىپەتنىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلۈڭگە مەھكەم ئورناتقىن. پۇل تېپىپ باي بولۇش مۇھەببىتىنى كۆڭلۈڭدىن چىقارغىن. قىسقىسى ئىلىمنى دوست تۇتۇپ، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىشلىرىغا دوست بولمىغايسەن. ئاز ئۇخلاش، تېز ئويغىنىشنى ئادەت قىل. كىتاب ئوقۇشقا، ئوقۇغان كىتابلاردىن چۈشەنگەنلىرىڭنى ۋە ئۇستازلىرىڭدىن ئۆگەنگەنلىرىڭنى يېزىۋېلىشقا ھېرىس (ئامراق)

بول. ھېچقاچان كىتاب ئوقۇش، يېزىشتىن بوشانما، ۋاقتىڭ بوش ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ئوقۇغانلىرىڭنى تەكرارلا ۋە يادلا. سەن بىلمىگەن ئىلىمنى بىراۋدىن ياكى ئۇستازلىرىڭدىن ئاڭلىغاندا ئاڭلاپ چۈشىنىۋالغىن. ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىپ مۇھەببەت باغلا. ئىلىم ئەھلى بىلەن سۆھبەتداش بولغىن. ئالىملار مەجلىسىدە ئولتۇرساڭ ئەدەپ ساقلا. ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما. ئۇستازىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىل ۋە ھەققىنى ئادا قىل. ھەر قاچان يېنىڭدا كىتاب، قولۇڭدا قەلەم، دەپتىرىڭ بىللە بولسۇن. ئاڭلىغان ئىبرەتلىك سۆز ھېكمەتلىرىڭنى يېزىپ قوي. ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋاقىتلىرىڭدا ئىلىم ئەھلىدىن بۆلەك نادان ئادەملەر بىلەن ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولما. بۇنداق ئۇسلۇبقا رىئايە قىلغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئازغىنە زاماندا ئالىملار جۈملىسىدىن بولىدۇ.

ئىلىم تەلەپ قىلىپ يۈرگەن (ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان) چاغلىرىڭدا يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئۆزۈڭنى پاك ساقلا. بەدىنىڭ، كىيىمىڭ پاك بولسۇن. بىر كىشى سەندىن مەسىلە سورىسا، بىلگەنلىرىڭنى بايان قىلىپ بەر. پىكىر قىلماي ۋە بىلمەي تۇرۇپ مەسىلىگە جاۋاب بەرمە. مەسىلە ئۆز پىكرىڭ بويىچىلا جاۋاب بەرمە. مەسىلىگە ئۆز پىكرىڭ بويىچىلا جاۋاب بەرمە. بەرگەن جاۋابلىرىڭ بىلەن ئىشەنچلىك، توغرا، كىتاب ۋە بۈيۈك ئالىملارنىڭ ئىجتىھات پىكىرلىرىگە مۇۋاپىق بولسۇن. ئەگەر بىر كىشى بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ، قارشى تەرەپ ئىلىم ئەھلى بولسا، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئەدەپلىك مۇنازىرە قىلغىن. ئىلمىي كۈچۈڭگە قاراپ كۈچلۈك يەتسە مۇنازىرىلەش. بىلمىگەن مەسىلىدە مۇنازىرىلەشمە. مۇنازىرىدە دەلىل — ئىسپات بىلەن سۆزلە. مەۋھۇم (ئېنىق ئەمەس) مەسىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆزلىمە، دەۋا قىلما. ئەگەر قارشى تەرەپ قانائەت قىلارلىق ئىسپاتلىسا، كىبىر ۋە سەركەشلىك قىلماي ھەق سۆزنى قوبۇل قىلغىن.

ھەي ئوغۇل، ئەگەر سۆزلىگۈچى (تەشۋىقاتچى) بولساڭ، سۆز مۇنبىرىگە چىقساڭ، ئۆزۈڭنى مۇستەھكەم تۇت، خاتا سۆزلىمە، سۆزۈڭنى پاساھەتلىك (ئوچۇق ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن) باشلا، ئالدىراپ سۆزلىمە. مەجلىستە ئالدىڭدا تۇرغانلارنى ئىلمىدە، سۆزدە ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تەسەۋۋۇر قىل. قورقماي، ئۇيالماي سۆزلە. سۆز مۇنبىرىگە چىققاندا بەدىنىڭ كىيىمىڭ تازا ـ پاك بولسۇن. سۆزۈڭنى ئاڭلاپ يىغلىغۇچىلار بولسا، سەنمۇ يىغلا ۋە تەسىرات كۆرسەت. ئەگەر سۆزلىگەندە خاتىرەڭدىن سۆز قېچىپ كەتسە، توختاپ قالماي مۇۋاپىق بىر سۆز بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكىن. سېنى كۆرەلمەيدىغان ھەستخورلار ئەيىب ۋە نۇقسان تاپالمىسۇن. مۇنبەر ئۈستىدە ئوچۇق قىياپەتلىك ۋە يېنىك سۆزلۈك بولغىن. سۆزۈڭ ئاڭلىغۇچىلارغا ئېغىر كەلمىسۇن. ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگەندە ھۆرۈنلارغا ئوخشاش ئېرىنىپ، سۆزۈڭ ئاغزىڭدىن ئايرىلمايدىغان (بوش ـ سۇس) سۆزلىمە. ئەگەر ئاڭلىغۇچىلار بىلىملىك ۋە ئىنچىكە سۆزلەرنى چۈشىنىدىغان بولسا، گۈزەل، ھېكمەتلىك، ئىلمىي سۆزلەرنى بايان قىل. ئەگەر ئاڭلىغۇچىلار ئاممىباب بولسا، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى سۆزلە. ھەركىمنىڭ چۈشىنىشى ـ پەمىگە لايىق سۆزلە. خەلق پەملىمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە. ئەگەر ۋەز ـ سۆز مەجلىسىدە بىراۋ سەندىن بىر نەرسە سورىسا، تولۇق بىلسەڭ جاۋاب بەر، بىلمىسەڭ مۇنداق سۆزلەرنىڭ جاۋابى بويىچە سۆزلەنمەيدۇ، دەپ رەت قىل. چۈنكى، ۋەز سۆزلىگەن يەردە سەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ غەرىزى سېنى ئاقسىتىش ۋە

سۆندۈرۈشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى مەسىلە بىلىۋېلىش بولسا، ۋەز مەجلىسىدە سورىمايتتى. ئۆزۈڭنى يامان ئامەت ۋە ئارتۇقچە سۆزمەنلىكتىن يىراق تۇت. ئۆزۈڭنى پاك - تەقۋا تۇتساڭ سۆزۈڭ تەسىرلىك بولىدۇ. بازارلاردا ۋە ئاۋام ئارىسىدا كۆپ كېزىپ يۈرمە. يارىماس ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بولما. ئۆزۈڭ قىلمىغان ئىشنى كىشىلەرگە بۇيرۇما، ئەمەلىيەتسىز ئالىملاردىن بولۇپ قالما. ھەر نەرسە ئۈستىدە سۆزلىسەڭ، تەتقىق - تەھقىق قىلىپ، تولۇق بىلگەندىن كېيىن ياخشى ئىبارە، ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن ئىپادە قىل. سۆزلىگەندە باشقا تىل لۇغەتلىرى بىلەن سۆزلەيمەن دەپ تەكەللۇپلانما. سۆزۈڭ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ياخشى ئىبارە بىلەن ئادا قىلمىساڭ سۆزۈڭنىڭ مەززىسى بولمايدۇ. سۆزۈڭدە بەزىدە ئاگاھلاندۇر، بەزىدە سۆيۈندۈر. ئاللا رەھمىتىدىن خەلقنى ئۈمىدسىزلەندۈرمە، شۇنداقلا ھەممە كىشىنى جەننەت ئەھلى قىلىۋەتمە. ئاللا رەھمىتىگە ئۈمىدۋارلىق سۆزلەرنى كۆپ سۆزلە.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھاكىم، سوراقچى (ئەمەلدار) بولساڭ ياۋاش، زېرەك، پەملىك، ھەق - ناھەقنى ئايرىغۇچى بولغايسەن. ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويدان ئويلاپ، خەلقنىڭ خاراكتېرىنى تونۇغايسەن. يەنى ئادەملەرنى قىياپىتىدىن ۋە ھەرىكىتىدىن بىلگەيسەن، ھەر تەبىقە - سىنىپ، گۇرۇھنىڭ ئەھۋالىنى، ھىيلىسىنى بىلىشىڭ كېرەك. ھەر بىر مەزھەپكە رىئايە قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىر كىشى ئالدىڭغا دەۋالىشىپ كېلىپ قالسا، ھەقىقەت شۇ زۇلۇمغا يولۇققۇچى تەرىپىدە بولۇپ، گۇۋاھچىلىرى بولمىسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغايسەن. تەدبىر ئىزدەپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگەيسەن. بۇ توغرىدا مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەبەرىستاندا ئوبولئابباس روزى باھارى ئىسىملىك بىر قازى بار ئىكەن. بۇ زات ناھايىتى ھايا - نومۇسلۇق، ئادالەتلىك ياخشى ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بىر ئادەم كېلىپ، يەنە بىر ئادەم ئۈستىدىن 100 سەر ئالتۇنىنىڭ دەۋاسىنى قىپتۇ. قازى جاۋابكارنى چاقىرىپتۇ. ئالتۇن دەۋاسىنى قىلغۇچىغا قاراپ:

— سېنىڭ گۇۋاھچىلىرىڭ بارمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، - دەپتۇ دەۋاگەر قازىغا، - گۇۋاھچىم يوق.

— بۇ جاۋابكار ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، - دەپتۇ قازى، — ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قەسەم بۇيرۇشۇڭ كېرەك.

ئالتۇن دەۋاسىنى قىلغۇچى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي قازى ئەپەندىم، ماڭا ياردەم قىلىڭ، مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم يوق، ئەگەر بۇ جاۋابكارغا قەسەم قىلىشنى ھۆكۈم قىلسىڭىز، 90 قېتىم قەسەم قىلىشتىن يانمايدۇ، ئۇ قەسەم ئىچىشتىن قورقىدىغان ئادەم ئەمەس، - دەپتۇ.

— سەن گۇۋاھ ھازىر قىلسەن ياكى جاۋابكار قەسەم قىلىدۇ. شەرىئەتتە بۇنىڭدىن باشقا قانۇن يوق، - دەپتۇ قازى.

— ئەي قازى خۇدا ھەققى، - دەپتۇ دەۋاگەر بىچارە قاتتىق يىغلاپ، - ماڭا ياردەم قىلىڭ. ئەگەر بۇ ئادەمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرمىسىڭىز ماڭا ئۇۋۇال بولىدۇ!...

قازى ئالتۇن دەۋا قىلغۇچىنىڭ دەۋاسى ھەقلىق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىپتۇ:

— سەن بۇ كىشىگە ئالتۇننى قانداق شارائىتتا بەرگەن ئىدىڭ؟

— ئۇنىڭغا بىر جىددىي ھاجەت چۈشكەندە بەرگەن ئىدىم، - دەپتۇ دەۋاگەر.

— جاۋابكار سىزنىڭ ئالتۇنۇڭنى نېمە ھاجىتىڭىز بار دەپ ئالغان؟ - سورايتتۇ قازى يەنە.

— بۇ كىشى كۆپ زاماندىن بۇيان مېنىڭ دوستۇم ئىدى، - دەيتتۇ دەۋاگەر، - ئۇ بىر كېنىزەككە ئاشىق بوپتۇ، ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى 150 سەر ئالتۇن ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ بارلىق سەرمايىسى 100 سەر ئالتۇن ئىكەن، كېنىزەكنى سېتىۋېلىشقا ئالتۇنى يەتمەپتۇ. بىر كۈنى بۇ دوستۇم بىلەن باغچا سەيلىسىگە بېرىپ، بىر يەردە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتۇق. دوستۇم مەزكۇر كېنىزەكنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ يىغلىدى. دوستۇمنىڭ يىغلىغىنىغا ئىچىم ئاغرىپ، 20 يىلدىن بۇيانقى دوستلۇقىمىز ئالدىمغا كېلىپ: «ساڭا مەن 100 سەر ئالتۇن قەرز بېرەي، كېنىزەكنى سېتىۋال، بىر ئاي ئۇ كېنىزەك بىلەن كەيپ — ساپا قىلىپ مۇرادىڭ ھاسىل بولغاندىن كېيىن، كېنىزەكنى سېتىپ 100سەر ئالتۇنۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ 100 سەر ئالتۇن بەردىم. ئۇ قەسەمياد قىلىپ تۇرۇپ مەندىن بۇ ئالتۇننى ئالدى. مەن ئالتۇننى بەرگەن يەردە ئاللاھتىن باشقا گۇۋاھچى يوق ئىدى. بۇ كىشى ئۇ كېنىزەكنى سېتىۋالدى، تۆت ئاي ئەيش — ئىشرەت قىلدى، كېنىزەكنى ساتمىدى، ئالتۇنۇمنى بەرمىدى.

— سەن بۇ ئالتۇننى قەيەردە بەرگەن ئىدىڭ، - دەپتۇ قازى.

— باغچىدا، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەردىم، - دەپتۇ دەۋاگەر.

قازى:

— بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بېرىپسەن، نېمە ئۈچۈن گۇۋاھچىم يوق دەيسەن، دەرەخ گۇۋاھ ئەمەسمۇ؟ ھازىر سەن ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بار، دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، دۇرۇت ئېيتقىن، ئاندىن ئۇ دەرەخكە: «قازى سېنى مېنىڭ گۇۋاھلىقىمغا چاقىردۇ، مەھكىمىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بەر» دېگىن، - دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جاۋابكار بىر ئاز كۈلۈپتۇ. قازى ئۇنى كۆرمەسكە ساپتۇ. دەۋاگەر قازىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما، جاۋابكار قازىنىڭ قېشىدا قاپتۇ. قازى باشقا كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. جاۋابكار ھەر خىل ھىيلەنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا قازى جاۋابكارغا تۇيۇقسىز خىتاب قىلىپ:

— ئەي پالانى! دەۋاگەر بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ، — دەپتۇ جاۋابكار. قازى يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. دەۋاگەر مەزكۇر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي دەرەخ! سېنى قازى گۇۋاھلىققا چاقىرىدۇ. مەن ئۇچۇن گۇۋاھلىق بەرگىن، — دەپتۇ.

دەرەختىن ھېچبىر تاۋۇش، ھەرىكەت پەيدا بولمىغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم ئۈمىدسىزلىنىپ قازىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ئەي قازى، ئۇ دەرەخكە ئەمرىڭىزنى يەتكۈزدۇم، ھېچ ئالامەت بولمىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— دەرەخ سەندىن ئىلگىرى كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىپ كەتتى، — دەپتۇ قازى ۋە جاۋابكارغا خىتاب قىپتۇ، — باغچىدىكى مەزكۇر دەرەخ گۇۋاھلىق بەردى، سەن يالغانچى ئىكەنسەن دەۋاگەرنىڭ دەۋاسى راست ئىكەن، دەرھال ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بەر!

— مەن بۇ مەھكىمىدە ئولتۇردۇم، — دەپتۇ جاۋابكار، — ئۇ دەرەخنىڭ كەلگىنىنى ۋە گۇۋاھلىق بەرگىنىنى كۆرمىدىم.

— ئەگەر سەن ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ، — دەپتۇ قازى، — مەن سەندىن ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارغانمىدۇ؟ دەپ سورىغاندا مەن ئۇ دەرەخنى بىلمەيمەن، دېمەي، تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ دېدىڭغۇ، ئالتۇنلارنى دەرەخ تۈۋىدە ئالمىساڭ،

ئۇنىڭ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارمىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ تېزلىكتە بۇ كەمبەغەلنىڭ 100 سەر ئالتۇنىنى بەر!

قازى ھۆكۈم قىلىپ ئالتۇننى دەۋاگەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى گەرچە بۇ ھۆكۈمنى كىتابتىن ئالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە توغرا پىكرى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەقنى ئىجرا قىپتۇ. قازى، ھاكىم، سوراقچى بولغان كىشى خەلقنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئەگەر مۈشكۈل، مۇرەككەپ بىر مەسىلە دۇچ كەلسە، ئۆز پىكرىگە مەغرۇر بولۇپ، مەن ھەق قىلمەن دېمەي، ئالىملارنىڭ كىتاب ۋە پەتىۋالىرىغا مۇراجەت قىل، تەجرىبە قىلىنغان مۇئەييەن مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىل. قازى، ھاكىم، سوراقچى بولغان كىشى خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇجتەھىد (مۇستەقىل ھوقۇقشۇناس)، ئالىم، پاك بولۇشى كېرەك. خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلغۇچىلار قورسىقى ئاچ ۋاقىتىدا، مۇنچىدىن چىققاندا، جاپالىق ئىش قىلغاندا (چارچىغاندا)، تەشۋىشلىك ــ خاپا تۇرغاندا ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەك. ھاكىم، سوراقچى ھۆكۈمنامىنى ئۆزى يازماسلىق كېرەك. كاتىپقا يازدۇرۇپ ئىمزا قويۇش لازىم. مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆز خېتىنى قەدىرلەشتۇر. قازى ۋە ھاكىم بولغان كىشى ئالىم ۋە پەرھىزكار بولۇپ، ھارام ۋە گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەي يىگىت ئاگاھ بولۇڭ ـــــ

## ھالال تىجارەتتە بەرىكەت بار

ئەي ئوغۇل، تىجارەت قىلىش ئۆز دائىرىسىدە بىر ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ھالال تىجارەت قىلىش مۇشكۇل ئىشتۇر. دانالار ئېيتقانكى، «تىجارەت بىر توپا مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى نادانلىق (جاھالەت) قا تۇتاشقان، شاخلىرى ئەقىلگە ئۇلاشقان، يەنى سودىگەرنىڭ پايدا ئېلىش ئۇنۇمى ئەقىلگە تەۋەدۇر. ئەمما، پايدا ئالىمەن دەپ بېشىنى، جېنىنى تۈرلۈك خەتەرلەرگە ئۇچرىتىش نادانلىقتۇر.» لېكىن، بۇ نادانلىق بولمىسا سودىگەر پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، نادان ـ گوللار بولمىسا كىشىلەر ھالاك بولاتتى.

بۇ سۆزلەردىن مەقسەت شۇكى، كىشىلەر پۇل تېپىش كويىدا مەشرىقتىكى مال (تاۋار) نى مەغرىبكە، مەغرىبتىكى مالنى مەشرىققە يەتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا تاغۇ ـ تاشلىقلاردا، دەريا ـ دېڭىزلاردا كېزىپ يۈرىدۇ. ئوغرىلار، قاراقچىلاردىن ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقماي جاھاننى كېزىدۇ. يوللارنىڭ تىنچسىزلىقىدىن خەۋپلەنمەيدۇ. شۇنچە خەتەر ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن پايدا ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر سودىگەرلەر پايدا ئۈمىدىدە مۇنداق قىلمىسا (قورقۇپ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسا) مەشرىقتىكى نېمەت مەغرىبكە، مەغرىبتىكى

نېمەت مەشرىققە ئۆزى كەلمەيتتى. جاھان ئاۋات بولمايتتى. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا تىجارەت ئۇلۇغ ئىشتۇر.

لېكىن، سودىگەرچىلىك بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈش ۋە تۈرلۈك خەتەرگە ئۆزىنى ئاتاپ قويۇش ئەقىل كۆزى ئېتىلگەنلەرنىڭ ئىشىدۇر. سودىگەرچىلىك ھەرقاچان ئىككى ھالدىن خالىي بولمايدۇ: بىرى، سودا مۇئامىلىسى قىلىش، پايدا ئېلىش؛ يەنە بىرى، يۇرتتىن — يۇرتقا يۈرۈپ مۇساپىر بولۇش. تىجارەت قىلىشنىڭ بىر يولى خەتەرسىز، يەنە بىر يولى خەتەرلىكتۇر. خەتەرلىك سودىگەر شۇكى، ۋىلايەتتىن — ۋىلايەتكە، مەملىكەتتىن — مەملىكەتكە بېرىپ، تاغ — دەريا — دېڭىزلارنى كېزىپ يۈرۈشتۇر. خەتەرسىز بولغىنى ئۆز يۇرت — شەھىرىدە، مەملىكىتىدە تۇرۇپ تىجارەت قىلىشتۇر. لېكىن، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ تىجارەت قىلىشتىمۇ ئەرزان ۋە ناچار — ئۆتمەس مالنى ئېلىپ، ئۇستۇن باھا كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى خەتەرلىكتۇر. لېكىن، ئۇ مالغا زىيان بولسىمۇ، جانغا خەۋپلىك ئەمەستۇر.

سودىگەر ئۆز ئىشىدا باتۇر بولۇشى، قورقۇنچاق بولماسلىقى لازىم. بېشى ۋە مېلىنى تىكىپ، كىشىلەر ماڭغان يول بىلەن مېڭىشى لازىم. بۇنىڭدا پايدا كۆرۈلسىمۇ، زىيانغا، خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ. سودىگەر غايەت دىيانەتدار، توغرا ئىنساپلىق بولۇشى، يالغانچى بولماسلىقى لازىم. ئادىدىي ئادەملەر بىلەنمۇ سودا — مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك.

ئەي ئوغۇل، مالىڭ ياخشى — يامىنىنى بىلمەيدىغان، مال تونۇمايدىغان ئادەم بىلەن ۋە يېقىن دوست ئادەملەر بىلەن ئېلىش — بېرىش قىلما. ئەگەر دوستلىرىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، پايدا ئېلىش ئويىدا بولما. ئەسلىي سەرمايەڭگە رازى بول، تاكى دوستلۇق بىناسى ۋەيران بولمىغاي: كۆپ كىشىلەر ئازغىنە پايدا ياكى ئازغىنا زىيان

ئۇچۇن دوستلۇقنى ۋەيران قىلىدۇ. كۆپ پايدا تەمە قىلىپ، ۋەدە بىلەن نىسىگە مال بەرمە. چۈنكى، كۆپ پايدا تەمە قىلىشىڭ ئۆزى زىياندۇر. قانچىلىك پايدا بولسا، قانائەت قىلىشىڭ لازىم. «كۆپ پايدا» دەپ مەغرۇرلۇق قىلما. «ئازدۇر - ئۈزدۇر»: پايدىسىز يەرگە پۇل ئىشلەتمە، ئىسراپ قىلما. سودىگەرچىلىكتە ئىسراپچىلىق زاۋال تېپىشتۇر. بايلىقنى تېپىشتىن كۆرە ئۇنى قولدا تۇتۇشنى بىلىش زۆرۈر. مەسىلەن: بىر ئادەم كۈنىگە بەش تەڭگىلىك سودا قىلىپ، ئالتە تەڭگە خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭ قولىدا قانداقمۇ پۇل تۇرسۇن؟ ئاللا ئۆز قۇرئانىدا: «ئەلۋەتتە، ئاللا ئىسراپخورنى دوست تۇتمايدۇ» دېدى. ئەي ئوغۇل، سودا ئۈچۈن مال ئالغاندا ياخشىسىنى ئال. ياخشى نەرسىدە پايدىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، ئامىنۇقى ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تىجارەت قىلىشتىن يىراق بول، يەنى ئادەمنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ھايۋاناتنىڭ يەم - خەشىكى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا. مەسىلەن: ئاشلىقنى ئەرزان ۋاقتىدا ئېلىپ قويۇپ، قىممەتلىگەندە ياكى ئاچارچىلىق - قەھەتچىلىك ۋاقتىدا ساتىمەن، دەپ ئاشلىق ساقلىغان ئادەم شەرىئەت قانۇنىدا «بېسىمدار» دېيىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەر توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاشلىق بېسىمدارلىرى ئاللانىڭ لەنىتىگە گىرىپتاردۇر» دېگەن ئىدى. ئۇ بېسىمدارلار يامغۇر ياغمىسا، ئاشلىق بولمىسا، قەھەتچىلىك بولسا ئىكەن، دەپ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نىيىتى پۈتۈن ھاياتلىق قىلىش ئۈچۈن زىيانلىق - شۇم نىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ، ئاللانىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. بېسىمدارلىق قىلىپ پايدا ئېلىشقا يېقىن كەلمە، ئالماق - ساتماقتا ھېچقانداق ئادەمگە يالغان سۆز قىلما. يالغانچىلىق خەلقئالەم ئالدىدا ئەيىبتۇر. ئالماق - ساتماقتا يالغان سۆزلەش

ھارامدۇر. يالغان سۆزلەش ھالال مالنى ھارام قىلىدۇ. ھارامدىن پۇل-مال تاپساڭ قولۇڭدا تۇرمايدۇ. مېلىڭنى نىسى ئېلىپ كېتىشكە ساتما، كېيىن تەشۋىش، دەۋاغا قالمىغايسەن. سودا-مۇئامىلىدە تارتىنچاق، ئۇياتچان بولما. دانالار: «ئۇياتچانلىق، تارتىنچاقلىق رىزقنى مەنئى قىلىدۇ» دېگەن. ئېلىم-بېرىم ۋاقتىدا مۇرۇۋۋەتسىز-ئىنساپسىز بولما. باھادا كېلىشكەندىن كېيىن بار-يوقنى باھانە قىلىپ، تالاش-تارتىش قىلىشما. مۇئامىلىنى يەڭگىل قىل. سودىگەرچىلىكتە سەرمايەڭ ئاز بولسا، سەرمايەڭنى كۆپەيتىمەن دەپ كىشىگە شېرىك بولما. ئەگەر ئىنساپلىق، دىندار، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم بولسا، شېرىك بولساڭ بولىدۇ. مۇنداق ئادەم پايدا-زىيانغا توغرا مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئىنساپسىز، مۇرۇۋۋەتسىز ئادەم زىيانغا رازى بولمايدۇ، تالاش — تارتىش، كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلالمايسەن. سەرمايەڭ ئاز بولسا، قىممەت باھالىق-ئېغىر مال ئالما. «بەختىمنى سىنايمەن» دەپ، ئۆزۈڭ بىلمىگەن-كۆرمىگەن مالنى ئالما. ئەگەر تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باشقا يەرلەرگە بارساڭ، قورقۇنچاق، يامان خەۋەرلەرنى سۆزلە. بىراۋنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى سۆزلەش ياخشى ئىش ئەمەس. كىشىلەر ئاڭلىسا خۇشال بولىدىغان خۇش خەۋەر، بېشارەت، سۆيۈنچىلىك خەۋەرلەر بولسا سۆزلىسەڭ بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، تىجارەت ئۈچۈن يولغا چىقساڭ ھەمراسىز چىقما. سەپەرگە ماڭساڭ ياخشى ھەمرا بىلەن ماڭ، مەنزىل-قونالغۇلارغا بارغاندا كارۋانلار ۋە ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكىن. ئەگەر پىيادە بولساڭ ئاتلىق كىشى بىلەن بىللە ماڭما. ئەگەر يولنى بىلمىسەڭ، يول ئۈستىدە بولار-بولماس كىشىدىن يول سورىما. چۈنكى، بۇزۇق-يامان ئادەملەر ساڭا يامان يول كۆرسىتىپ قەست قىلىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇچراشقان ئادەملەرگە ئوچۇق چىراي سالام

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىل، لېكىن ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە. ھۆكۈمەتنىڭ باجگىرلىرىغا يالغان ئېيتىپ خىيانەت قىلما. ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىل. ئۇلارمۇ ساڭا نۇقسان زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئاز- قىسقا يولغا چىقساڭمۇ ئورۇنسىز چىقما. يول مەنزىللىرىدە قونغان جايىڭدا پالانى ئادەم «دوستۇم» دەپ ئىشىنىپ، كەلسە- كەلمەس ئادەملەرنىڭ ئۆي جايىدا قونما. چۈنكى، كۆپ كىشىلەرنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنى ئاشۇنداق «دوستلار» يوقاتقاندۇر. ئەمما، دوست دەپ ئۆي- جايىدا قونغان ئادىمىڭ سودا ـ تىجارەت ئەھلىدىن بولسا زىيىنى يوق.

ئەگەر سۆھبەتلەشمەكچى بولساڭ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى تاللا: (1) مەرد ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بول؛ (2) مۇرۇۋۋەتلىك بۈيۈك ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بول. ئۇلار سېنىڭ موھتاجلىق ۋاقتىڭدا يادەم كۆرسىتىدۇ (3) كۆپنى كۆرگەن ـ يول بىلگەنلەر بىلەن سۆھبەتداش بول. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يول خەتەرلىرىدىن خاتىرجەم بولىسەن.

ئەي ئوغۇل، بىرئىشنى ئۆزۈڭ ئىشلەشنى بىلسەڭ باشقىلارغا ئىشلەتمە. چۈنكى، زامانە ئادەملىرى سېنىڭ بىر ئىشىڭنى ئىشلىسە ئاجىز ۋە ھىيلە بىلەن ئىشلەيدۇ. سودىگەرچىلىكتە راست، توغرا سۆزلۈك، دىندار بول. چۈنكى، تىجارەتنىڭ زور سەرمايىسى توغرا، راست سۆزلۈك ۋە توغرا ئىش قىلىشتۇر. ئېلىش- بېرىشتە تېز- تېتىك بولغىن، خەلق ئارىسىدا ياخشى نام بىلەن مەشھۇر بولغايسەن. مال ئالساڭ ئۇزاقتا، ئاستا سېتىلىدىغان مالنى ئالما. ئاز پايدا تەگسىمۇ تېز، كۆپ سېتىلىدىغان مالنى ئېلىشىڭ لازىم. چۈنكى، ئۇزاقتا، ئاز سېتىلىدىغان كۆپ پايدىلىق مالدىن تېز سېتىلىپ ئاز پايدا تېگىدىغان مال ياخشى. ئاز پايدا قىلسىمۇ تېز، كۆپ سېتىلسا يىغىلغان پايدىسى كۆپ بولىدۇ. يەنە ۋەدە بىلەن نېسىگە مال ئالما ۋە نېسىگە ساتما.

چۈنكى، پايدىسى زىيانغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئەگەر زورۇر كېلىپ ۋەدە بىلەن نېسى مال ئالساڭ - ساتساڭ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلما: (1) ئاز سەرمايىلىك ئادەم بىلەن؛ (2) تىجارەتكە يېڭى كىرىشكەن ئادەم بىلەن؛ (3) دانىشمەن - دانا ئادەملەر بىلەن ھەمدە قازى، مۇپتىلار ۋە بۈيۈك ئادەملەر بىلەن. بۇ ئادەملەر بىلەن سودا مۇئامىلە قىلىشساڭ پۇشايماندىن باشقا نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ. تونۇشمىغان ۋە سىناپ باقمىغان كىشىلەرنى مەسلىھەتىڭگە قاتناشتۇرما. سىنالمىغان ئادەمدىن ئەمىن بولما. بىراۋنى سىناپ كۆرگەن بولساڭ، سىناپ باقمىغان كىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمە. چۈنكى، بىر كىشىنى سىناپ كۆرۈشكە كۆپ ۋاقىت لازىم بولىدۇ. دانالار ئېيتقانكى، «سىناپ كۆرۈلگەن شەيتان سىنالمىغان پەرىشتىدىن ياخشىراق». ئەگەر بىر ئادەمنى سىناپ كۆرمەكچى بولساڭ دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ ئادەم ئۆز ئىشلىرىدا قانداق؟ چۈنكى، ئۆزىگە پايدىسى بولمىغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا قانداق پايدىسى بولسۇن؟ تىجارەتتە نەقنى غەنىيمەت بىل. «نېسىدىن نەق ياخشى». «100 دانە تۇز قوشىدەك نېسىدىن بىر قوشقاچ چاغلىق نەق نەرسە ياخشى». قۇرۇقلۇق سەپىرىدە بىر ئاقچا يېرىم پايدا يەتكۈزسە، دەريا دېڭىز سەپىرىدە ئون ئاقچا پايدا قىلىسىمۇ، دەريا دېڭىز سەپىرىگە ماڭما. دەريا دېڭىز سەپىرى خەتەرلىكتۇر. قۇرۇقلۇق سەپىرىدە بىرەر ھادىسىگە دۇچ كېلىپ پۇل - مېلىڭغا زىيان يەتسىمۇ جېنىڭ سالامەت قالىدۇ. دەريا - دېڭىز سەپىرىدە ھادىسە يۈز بەرسە، مال - مۈلۈكۈڭ ھالاك بولۇپلا قالماي، جېنىڭمۇ كېتىدۇ. دەريا پادىشاھقا ئوخشىتىلىدۇ: پادىشاھ بىر كىشىنى ئاستا - ئاستا ئۆستۈرۈپ، ئازغىنە خاتالىقى، گۇناھى ئۈچۈن يەرگە ئۇرىدۇ، ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. ئەي ئوغۇل، دەريا دېڭىز خەتەرلىك ئىكەن، ئۇنىڭغا كىرىش ئەقىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەمەس. ئەمما، كائىناتتىكى ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم دەريا دېڭىز بىلەن سەپەر قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلۇغ دانىلار: «دەريا دېڭىزلارغا كېمىلەر بىلەن سەپەر قىلىڭلار، ئاللانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىڭلار» دېگەن ئىدى.

ئەي ئوغۇل، ئالماق ـ ساتماق ۋاقتىدا يالغۇز ئۆز پايداڭنىلا كۆزەتمە، سېنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىمۇ پايدا كۆرسۇن. ئۆز پايداڭنى دەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان كۆزلىمە. ئۆز پايدىسىنى دەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان سېلىش ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئىنساپ ئەمەس. ئۆز ئىشىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىشلە. باشقىلارنىڭ قىلىپ قويۇشىغا تاپشۇرما. سودا تىجارەت ئىشلىرىدا ئېلىنىم ـ بېرىمنى دەپتەرگە يېزىپ قويغىن. پايدا ـ زىياننى تەكشۈرۈپ تۇرغىن، خىيانەت قىلىشتىن ساقلانغىن. خەلققە يوشۇرۇن ھىيلە قىلما، ئاقىۋەت ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. خەلققە خىيانەت ۋە ھىيلە قىلغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر كىشىنىڭ كۆپلىگەن قويلىرى ۋە بىر پادىچىسى بار ئىكەن. پادىچى قويلارنى بېقىپ سۈتىنى سېغىپ، ھەر كۈنى خوجايىنىغا سۈت ئەپ كېلىدىكەن. خوجايىنى ئۇ سۈتكە تەڭ باراۋەر سۇ قوشۇپ ساتتۇرىدىكەن. بىچارە پادىچى خوجىسىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئەي خوجايىن، خەلققە مۇنداق خىيانەت قىلما، بىر كۈنى بۇ قىلمىشىڭنىڭ زىيىنىنى كۆرىسەن» دەيدىكەن. لېكىن، تويماس خوجايىن پادىچىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە ئېتىبار بەرمەيدىكەن، داۋاملىق شۇنداق قىلىۋېرىدىكەن. پادىچى تەكرار نەسىھەت قىلىپ: «مۇنداق خىيانەت قىلما، خەلقنىڭ ھەققى ئاقىۋەت ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ» دېيىشمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن. قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى پادىچى قويلارنى بېقىپ ھەيدەپ كېلىپ قوتانغا سولاپ قويۇپ، ئۆزى

بىر ئېگىز جايغا چىقىپ يېتىپتۇ. ياز پەسلى ئىكەن، كېچىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، بوران بىلەن سەل ـ قىيان كېلىپ، قويلارنى پۈتۈنلەي ئېقىتىپ كېتىپتۇ. پادىچى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھادىسە گىردابىدىن سالامەت قالغىنىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، شۈكۈر قىلىپ خوجىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. خوجايىن پادىچىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

ـ ھە! بۈگۈن نېمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

ـ قويلار قىيان بىلەن كەتتى، ـ دەپتۇ پادىچى، ـ سۈتمۇ بىللە كەتتى.

ـ قويلار نېمە بولدى؟

ـ مەن ساڭا دېمىدىممۇ، ـ دەپتۇ پادىچى، ـ سۈتكە سۇ قوشما، خەلققە خىيانەت قىلما دەپ. مانا سۈتكە قوشقان سۇلار يىغىلىپ، سەل ـ قىيان بولۇپ قويلىرىڭ ئېقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھىيلىگەر خىيانەتچى باي ئۆزىنىڭ خائىنلىقى، شۇملۇقى تۈپەيلى كەمبەغەللىقتىن قۇتۇلالماپتۇ. قانچىلىك ئىجتىھاتلىق بولسا، شۇنچىلىك ساپ ـ توغرا تۇرمۇش كەچۈرگىن. ھىيلە ـ مىكىر قىلىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى، «ھەر كىم ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تىرىكچىلىك ئۆتكۈزسە پەقىرلىق، كەمبەغەلچىلىك بىلەن دۇنيادىن كېتىدۇ». كىشىنىڭ بىر قېتىم خىيانىتى ئاشكارا بولسا، خەلق بىلەن راست ـ توغرا مۇئامىلە قىلغان ئادەم مەڭگۈ ئىززەتلىك، دۆلەتلىك بولىدۇ. مۇئامىلىدە خەلققە نىسبەتەن سېخى، كەڭ قوللۇق بولغايسەن. بىر ئىشتا ۋەدە قىلساڭ، ۋەدىگە ۋاپا قىل، يالغانچى، ۋاپاسىز بولما. ئالماق ـ ساتماق، مۇئامىلىدە مالنى، پۇلنى قولۇڭغا تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ ھۆججەت بەرمە، ۋە ھۆججەت ئالما. چۈنكى، كۆپ كىشىلەر بىپەرۋالىق قىلىپ، مالنى قولىغا ئالماي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھۆججەت بېرىپ زىيان تارتقان، ھەر يەردە ئېلىنىم - سېتىم قىلىشساڭ ئىشەنچىلىك بىر ئادەمنى دوست تۇتقىن. نادان، ئەقىلسىز كىشىي بىلەن شەپەرداش بولما. ياخشى ھەمرا تاپماي تۇرۇپ يولغا چىقما. «ھەمرا ھازىر قىلىپ ئاندىن يولغا چىق» دېگەن گەپ بار. ئەگەر بىر كىشى سېنى ياخشى ئادەم دەپ پەرەز قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭ ساڭا بولغان توغرا قارىشىنى زايا قىلما (يامانلىق نىيىتىدە بولساڭمۇ كىشىلەر سېنى ياخشى ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يامانلىق قىلما). بىر شەھەرگە بېرىپ مال ساتساڭ، شۇ شەھەرنىڭ مال باھاسىنى بىلمەي تۇرۇپ ساتما ۋە ئالما. بىر نەرسە ئالساڭ، يارىمىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئال. تىجارەتتە ئېغىر - سالماق، سەۋرلىك بول. ئالدىراپ ئالما، ئالدىراپ ساتما. قىممەتچىلىك ۋە قەھەتچىلىك كېلىشىنى كۈتۈپ مال بېسىپ قويما، بۇ ئەڭ يامان نىيەتتۇر. ئەگەر تىجارىتىڭدە زىيانغا يولۇقساڭ، لايىق تەدبىر ئىزدەپ ئىشلىرىڭنى تۈزەتكىن. ئىسراپخورلۇق قىلما. [illegible]

[illegible]

# ئى يىگىت ئاگاھ بولغىن
## تىبابەتنى خەۋەردار بولۇشمۇ بىرى مۇھىم

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى؛ ھېچىزى سىھھەت (تىبابەت) ئىلمى، يەنە بىرى، دىنىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىلمى» دېگەن ئىدى. بۇ يەردە تىب ئىلمى دىن ئىلمىدىن ئىلگىرى بايان قىلىندى. چۈنكى؛ ئىنسانىنىڭ تېنى ساغلام بولمىسا، دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ قىلىشقا قادىر بولمايدۇ. ئىنسان ساق ـ سالامەت بولسا دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىب ئىلمى ئىلگىرى قويۇلىدى. ئەگەر تېۋىپ بولسىلاڭ، تىبابەت ئەسلىنى ياخشى بىلگەيسەن. تىب ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىرى، تىببىي ئىلىم (تىب ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسى)؛ يەنە بىرى، تىببىي ئىلىمنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش. بولارنى ياخشى تەتقىق قىلىپ بىلىش كېرەك. چۈشىنىش لازىمكى، ئادەمنىڭ بەدىنىدە بار نەرسىلەر بەدەننىڭ بەرپا بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاملىدۇر. مەسىلەن: ئەقىلگە ئوخشاش. ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلى يوقالسا، بەدەن ئۆز ھالىتىدە تۇرالمايدۇ، يىقىلىدۇ. بەدەننىڭ قۇۋۋىتى قان بىلەن بولىدۇ. ئەگەر قان كەتسە بەدەن ئاجىزلىشىدۇ. بەدەن جان بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدۇ، ھالەتتىن ـ ھالەتكە يۆتكىلىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ. جانسىز بەدەن ھەرىكەت قىلمايدۇ. بۇ ماددىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەبىئىيدۇر. ئەلۋەتتە ئادەم بۇ نەرسىلەرسىز تىرىك بولالمايدۇ. ئادەمدە تاشقى تەركىب بولىدۇ. ئۇ بەدەننىڭ تاشقى تەرىپىدىن پايدا ياكى زىيان قىلىدۇ، ۋاستە بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ئىككىنچى كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە بولسا يالغۇز بولغاندا ئىنتىقام ئالالمايدۇ. بولۇپمۇ دۈشمىنى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغاندا ئىنتىقام ئېلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئەگەر ياردەمچىسى بولسا، غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ ماددىلارنىڭ بىر – بىرىگە مۇۋاپىقلىششى بىلەن بەدەن هاياتى كۈچ هالىتىدە بەرپا بولالايدۇ.

تۆت خىلىت ئىنسان بەدىنىدىكى تەركىب (تۈزۈلۈش) تىندۇر. بۇ تىب ئالىملىرى ئۇسلۇبىدا «ئىقتىساد ۋە ئاناسۇرى ئەربەئە» (ئىپتىدا بولغان ماددا) دېيىلىدۇ. ئاناسۇرى ئەربەئە سۇ، ئوت، شامال، تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي يارىتىلىشىدا بار ماددا دېمەكتۇر. بۇ ماددىلار ئىنسان مىجەزىگە يېقىن (مۇرەككەپ) دۇر. ئادەمدىكى مىجەز توققۇزدۇر: بىرى، مۆتىدىل مىجەز، قالغان سەككىزى غەيرى مۆتىدىل (غەيرى نورمال) مىجەزدۇر. بۇ سەككىز خىل مىجەزنىڭ تۆتى يالغۇز هالەتلىك، تۆتى مۇرەككەپ (بىر – بىرىگە مۇناسىۋەتلىك) تۇر. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئادەم ئەزاسى خىلتلار بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ خىلىت مىجەز بىلەن مۇرەككەپتۇر، مىجەز ئاناسۇر (ئېلېمېنت) بىلەن مۇرەككەپتۇر. ئاناسۇر بەدەننىڭ چوڭقۇر ماددىسىدۇر. بۇنىڭدىن سۈرەت (شەكىل) جىنسقا تەئەللۇق بولغىنى «قەۋا» (كۈچ)، روھ، پائالىيەتتىن ئىبارەت. قەۋا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: (1) نەپسانى (هاياتنىڭ زاتى)؛ (2) هايۋانى (ئادەمنىڭ تىرىك بولۇشى)؛ (3) تەبىئىي.

هەرىكەت قۇۋۋىتى شۇكى، ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۆر سانى قانچە بولسا ئۇنىڭ سانى شۇنچە بولىدۇ. ئىدراكى قۇۋۋەت ئىچكى ئەزادا

بولىدۇ، ئۇ خىيال، پىكىر، ئەس- يادىغا كەلتۈرۈش. ھايۋانى تەبىئەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: (1) قىلغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى، تەبىئىي مىجەز- تۇغدۇرغۇچى، تەربىيلىگۈچى؛ (2) پائالىيەت ۋە نەپسانىي مىجەزى تەبىئىينىڭ سانى باراۋەرىدە بولىدۇ. چۈنكى، روھ قۇۋۋەتنىڭ خىزمەتكارى ۋە پائالىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىدا بولىدۇ. پائالىيەت، قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر. پائالىيەت ھەممىسى بەرپا بولۇپ تۇرۇشنىڭ سانى باراۋەرىدە بولىدۇ؛ نەپسانىي، ھايۋانى، تەبىئىي. بۇنىڭغا تەۋە بولغۇچىلار بەدەننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ تۇرۇشى، سىباتى. مەسىلەن: سېمىزلىككە ئوخشاش. بۇ، ئادەم مىجەزىنىڭ سوغۇقلۇقىغا تەۋەدۇر. ئادەم بەشرىسى (يۈز- قىياپىتى) نىڭ قىزىللىقى قانغا تەۋەدۇر. يۈز- قىياپىتى، تېرىنىڭ سېرىقلىقى سەپراغا تەۋەدۇر. تومۇرنىڭ ھەرىكىتى ھايۋانى (ھاياتى) قۇۋۋەتنىڭ كۆچىگە تەۋەدۇر. تومۇرنىڭ شوك تۇرۇشى قۇۋۋىتى مۇنپىلە (خىجىللىق، ئۈيتىش. . .) گە تەۋەدۇر. . . بەدىنى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكەيدىغان نەرسە زۆرۈرى سەۋەب دېيىلىدۇ. ھاۋا، تاماق، ھەرىكەت، شوك تۇرۇش، ئۇخلاش، ئويغاقلىق. تەبىئەتنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە راۋانلىقى، نەپسى ناتىقەگە يۈزلىنىدىغان نەرسىلەر، غەم- قايغۇ، غەزەپ، قورقۇش قاتارلىقلار زۆرۈرىي سەۋەبلەردۇر. مۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، يۇقىرىقى ھالەتلەر ئادەمگە دۇچ كېلىشتىن ساقلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ بەدىنىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ نەرسىلەر نورمال بولسا، ئادەم سىھھەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەتلەر بۇزۇلسا، بەدەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: غايەت توقلۇق ياكى ئاچچىق، كۆپ ئۇخلاش، غايەت ئۇيقۇسىزلىق، غايەت خۇشاللىق ياكى غايەت قورقۇش يۈز بەرگەندە ئادەم كېسەل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەي ئوغۇل، تىب ئىلمى جالىنۇس ئەسىرى شەرھىدە «16 تۇر» گە بۆلۈندۇ. بۇنى ئىقتىساد بابىدىن، خىلىت ئىلمىنى «16 تۇر» نىڭ ئىككىنچى ماقالىسىدىن ۋە ئوخشاش ئەزالار بايانىدىن، دىئاگنوز بابىدىن كۆرۈۋالغايسەن. تىب ئىلمىدە ماھىر بولۇشنى خالىساڭ، «كەۋنى ۋە پاسات» كىتابىدىكى مىنجەز ئىلمىنى ئۆگەنگىن. ئەجرامى ساماۋى (ئاسمان جىسىملىرى) تەركىبىدە ۋە ئالەمدە نىمىلەر بارلىقىنى ئۆگەنگىن. «قەۋا» ۋە پائالىيەت ـ ھەرىكەت ئىلمىنى «كىتابى نەپس» ھېس ۋە ۋېس قىلىنغۇچى شەيئىلەر ھەققىدىكى كىتابلاردىن ئۆگەنگىن. سەۋەب ۋە كېسەللىك ھەققىدىكى بىلىمنى «سىتتەئەشەرە» (16 تۇر) نىڭ بىرىنچى ماقالىسىدىن ئۆگەنگىن. بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تەتقىق قىلساڭ، تىب ئىلمىدە زور ئالىم بولىسەن. ئەي ئوغۇل، تىبنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىنى بىر ئاز بايان قىلدىم.

ئەمدى تىبنىڭ ئەمەلىيىتىدىن بىر ئاز بايان قىلىشىم لازىم. ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت تەن بىلەن جانغا ئوخشاشتۇر. جان تەنسىز بولمايدۇ، تەن جانسىز بولمايدۇ. ئەگەر بىر كېسەلنى داۋالىماقچى بولساڭ، ئاۋۋال كېسەلنىڭ ياش ۋە قېرىلىرىنىڭ تائامىنى تەكشۈرۈپ كۆر. ئەگەر كېسەل قېرى ئادەم بولسا، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى قانداق بولۇشى كېرەك، كىچىك بالا بولسا قانداق تائام يېيىشى كېرەك؟ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، كېسەلنى داۋالاشقا كىرىشكەيسەن، كېسەلنىڭ داۋامىنى ۋە كېسەلنى بىلمەي تۇرۇپ داۋالاشقا كىرىشمىگەيسەن. بىلگىنكى، كېسەل ئۈچۈن ئەسلى ئىلاج غىزادۇر داۋالاش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، كېسەلگە تائام يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش؛ يەنە بىرى، يېمەك ئىچمەكنى مەنئى قىلىش. بۇ ئىشلارنى بىجىرمەي تۇرۇپ داۋالاشقا ئۆتمەسلىك كېرەك. تېۋىپ بولغۇچى كىشى ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ بەدىنىدە قانچىلىك قۇۋۋىتى

بار؟ كېسەل نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولغان؟ كېسەل كىشىنىڭ مىجەزى قايسى خىلدا؟ كېسەلنى داۋالاشقا كىرىشكەن پەسىل يازمۇ، باھارمۇ، كۈزمۇ، قىشمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك؛ ئۈنىڭدىن كېيىن كېسەلنىڭ تومۇر ھەرىكىتىگە قاراش لازىم. تېۋىپ شۇنىڭ بىلىشى لازىمكى، كېسەلنىڭ بوھران ئالامەت (بەلگە) لىرى ياخشىمۇ، يامانمۇ؟ تېببىدە بوھران دەپ ئاتالغان ھالەت شۇكى، بەدەننىڭ ئەسلىي تەبىئىي ئىللەت ماددىسى (كېسەل ئېلېمېنتى) بىلەن جەڭ قىلىدۇ. تەبىئەت غالىب كەلسە، بوھران تامام بولىدۇ، ياخشىلىقتىن ئۈمىد بار. ئەگەر تەبىئەتتىن ئىللەت ماددىسى غالىب كەلسە ناقىسلىقتۇر، يەنى ياخشى ئەمەستۇر. كېسەلنى تەكشۈرگەندە كېسەلنىڭ سەۋەبىنى، مىجەزىنى، يېشىنى، كېسەل كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنى، كېسەلنىڭ خاھىشىنى، كېسەل بولغان يېرى ۋە قىزىتمىسىنى بىرلا بىرلەپ تەكشۈرگەي ۋە تەتقىق قىلغاي.

بىلىش لازىمكى، ئىسسىقتىن بولغان كېسەلنى قانداق داۋالاش كېرەك؟ تېب قانۇنىغا مۇۋاپىق داۋالاش لازىم. بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايانات بېرىلسە ھەر بابىغا بىر كىتاب كېرەك بولىدۇ. تېۋىپ كېسەلخانىدا كۆپ خىزمەت قىلغان بولۇشى لازىم. ئۇ، تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ شەكلى ۋە كەيپىياتىنى تونۇپ ئالغاي. ھەر قانداق ئاغرىقنىڭ نامىنى، شەكلىنى بىلىشى (تونۇۋېلىشى) لازىم. ئەگەر تېۋىپ كېسەلنى تونۇمىسا ۋە نامى (دىئاگنوزى) نى بىلمىسە، بەكمۇ زور نادانلىق بولىدۇ. تېۋىپ تېببىي كىتابلارنى ئوقۇپ كۆرگەن، تەتقىق قىلغان نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن ئاغرىق ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئەينى بويىچە كۆرەلىشى لازىم؛ داۋالاشتا مۇتەسسىپلىك قىلىپ، مەن بۇ كېسەلنى جەزمەن داۋالايمەن، دېمە. كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ۋە ئىلمىي تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشلىگەيسەن. تېۋىپ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغاي، تېنىنى پاك تۇتقاي، خۇشخۇي يۈرگەي. كېسەل كۆرگەندە چىرايىنى ئوچۇق تۇتۇپ، ياخشى سۆزلۈك بولغاي. كېسەلگە قۇۋۋەت بېرىپ سۆزلىگەي. چۈنكى، كېسەل ئادەمگە مەدەت بېرىشى تەبىئى هارارەت ۋە روهىي كۈچ بېغىشلايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئېسىڭدە تۇرسۇنكى، كېسەلنى ئۇخلاپتۇ دەپ گۇمان قىلساڭ، چاقىرغىنىڭدا جاۋاپ بەرمىسە، سېنى تونۇمىسا، كۆزىنى پات - پات ئېچىپ، قولىنى هەر تەرەپكە تاشلاپ ئۆزۈلۈپ ياتسا؛ ئەگەر بىهوش بولۇپ، هەر ۋاقىت چاقىرسا، قولىنى تاشلىسا؛ كۆزىنىڭ ئېقى ئاۋۋالقى هالىتىدىن ئاقراق، قارىسى ئاۋۋالقىدىن قارىراق بولۇپ لېۋىنى يالىسا؛ يۆتەلسە، بەلغەم، تۈكرۈكىنى بىر نەرسىگە ئېلىپ قۇرۇتۇپ، يۇغاندا، بەلغەم تۈكرۈكىنىڭ رەختتە ئىزى قالسا، قەي قىلسا (قۇسسا)، قۇسۇق هەرخىل رەڭدە بولسا؛ قاتتىق هەسەت، كۈنداشلىق ياكى قاتتىق غەم ـ قايغۇ تەسىرىدىن ئاغرىغان بولسا؛ ... بولارنىڭ هەممىسى يامان ئالامەتتۇر. داۋالىمىغىن، پايدىسى يوقتۇر. كېسەلدە يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلمىسە داۋالاشتىن ۋە سەھەت تېپىشتىن ئۈمىد قىل.

ئەگەر كېسەلنىڭ هالىتىنى تەكشۈرمەكچى بولساڭ، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆر. كېسەلنىڭ تومۇرى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، بارماقلار ئاستىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىنسە قان ئۈستۈن (غالىب) دۇر. ئەگەر تومۇر ئىنچىكە بولۇپ تېز سوقسا سەپرا ئۈستۈندۇر. ئەگەر تومۇر بارماق ئاستىدا ئىنچىكە ۋە سۈس، بەزىدە يوغان سوقسا، هۆللۈك بەلغەمنىڭ ئۈستۈنلىكى. تومۇر ئېتىلىپ قوپال سوقسا، قۇرۇقلۇق سەۋدانىڭ كۈچلۈكلۈكى. ئەگەر تومۇر چوڭ ـ كىچىك، ئاستا ـ تېز، مۇرەككەپ سوقسا دىققەت قىلىپ؛ قايسى تەرىپى ئۈستۈن بولسا، ئۈستۈن تەرەپكە هۆكۈم قىلغايسەن. بۇ هال ماددىنىڭ

مۇرەككەپلىكى، يەنى قان، بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدا ئارىلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

تومۇر ھالىتىنى تەكشۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، كېسەلنىڭ سۈيدۈكىنى شېشىگە سېلىپ تەكشۈرۈش لازىم. سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق ۋە قويۇق بولسا قايغۇ- ھەسرەت، ئەلەمدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق ۋە سۈزۈك بولسا يەدەندىكى خىلتلارنىڭ خاملىقى - پىشمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك كۆكۈش سېرىققا مايىل بولسا، ئىچىدە قارامتۇل نەرسە بولسا ئۇچەي ئاغرىقى تەسىرىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك سۇ مېيىغا ئوخشاش رەڭدە بولۇپ، سۈزگەندە تېگىدە سىزىقچە كۆرۈلسە كېسەلنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقانلىق (ۋاپات بولۇش) نىڭ ئالامىتىدۇر. سۈيدۈكنى شېشىگە ئېلىپ تەكشۈرگەندە ئۈستى سېرىق، ئاستى قارامتۇل كۆرۈنسە، كېسەل ئۆپكە ۋە تالدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستىدە قارىلىق بولسا دورا قىلماسلىق لازىم. سۈيدۈكنىڭ تېگى سېرىق ياكى يېشىل بولسا يامان ئالامەتتۇر. سۈيدۈك يېشىل ياكى سېرىق بولسا پات مېھنەت تاپىدۇ. ئەگەر كېسەل كىشى جۆيلۈسە، سۈيدۈكى قىزىل، قارامتۇل بولسا ياكى قان ئارىلاش بولۇپ ئۈستىدە كۆپۈك بولسا، ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئەگەر قارا بولۇپ ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە بولسا، مۇنداق كېسەلگە يېقىن كەلمە (داۋالىما، ئەھمىيىتى يوق) . ئەگەر سۈيدۈك رەڭگى قارا بولۇپ، ئۈستىدە كۆپۈك بولسا ياكى ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە بولسا، كېسەل كىشى بىلەن رازىلىشىش كېرەك. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولۇپ، ئىچىدە قۇياش زەرىچىسىدەك نەرسىلەر بولسا كېسەل قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. قان ئالدۇرسا پاتلا سېھەت تاپىدۇ. قان سېرىق بولۇپ ئاق سىرىقلار بولسا كېسەل ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا كېسەل تالدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك يېشىل قارامتۇل بولسا

ئىسستما تىبدۇر. ئەگەر سۈيدۈك ئاقۇچ بولسا، سىركە قۇرتىدەك نەرسىلەر كۆرۈنسە يەللىك بوۋاسىر (گېموروي) نىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەي ئوغۇل، تومۇر ۋە سۈيدۈك ئالامەتلىرىنى بىلدىڭ، ئەمدى كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى بىلىشىڭ زۆرۈر. كېسەلنىڭ جىنسلىرى (تۈرى) كۆپ. ئەگەر كېسەلنى تونۇساڭ غىزا بىلەن داۋالاشنى قوللان. ئالدىراپ دورا بېرىشكە كىرىشمە. كېسەلگە سورىگە بېرىشنى رەت قىلما. كېسەل ئېغىر بولسا يەككە داۋا بىلەن داۋالاش لازىم. ھەرگىز كېسەلگە تۆھمەت قىلما. كېسەل كىشىنىڭ قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىن. زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يېگەن بولسا ئۇنى دەپئى قىلىدىغان داۋا قىلغىن. يەنە تېۋىپنىڭ ئەڭ ياخشى ماھارىتى كېسەلنىڭ تۈپكى خاراكتېرىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ دورىلارنى توغرا، ئېنىق تونۇشتۇر.

تىب ئىلمى ھەققىدە بىر ئاز سۆزلىدىم، لېكىن بولار تىبچى تېبىبى ئىلىمنىڭ ھەممىسى ئەمەس.

# ئى يىگىت ئاگاھ بولغىن — جاۋانمەردلىك دېگەن نېمە

ئەي ئوغۇل، جاۋانمەردلىك دېگەن نېمە؟ ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ، جاۋانمەردلىك شۇ سۈپەتلەردىن تۇغۇلىدۇ. بارلىق خەلق شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، ماختىنىدۇ. ھەر بىر ئادەمدە بۇ ئۈچ سۈپەت بولسىمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئاز تېپىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەر: (1) ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ (2) توغرىلىق ۋە راستلىق؛ (3) مۇرۇۋۋەتلىك. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ ھەرقايسىسى ۋە ئۇلۇغى ئەقىلدۇر. ھەممە ئادەم بۇ ئۈچ سۈپەت مەندە بار، دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەمما، ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارىساڭ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ سۈپەت ھەركىمدە ئۆز ھالىغا يارىشا بولسىمۇ، لېكىن، بەزىسى ئۇنى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر، بەزىسى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئۇنىڭغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، تەگرى ئادەم بەدىنىنىڭ بىر مەجمۇئە (يىغىندا) گەئوخشاش يارىتىپ، جاھاندا كۆرۈنگەن تۆرلۈك نەرسىلەرنى ئادەم ئەۋلادىنىڭ بەدىنىدە پەيدا قىلغان. ئۇنىڭغا قارىتا ئىنسانىي «ئومۇمىي ئالەم» دېيىشكە بولىدۇ. ئالەمنىڭ بىر قىسمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۆرمەمسەنكى، ئالەمدە نېمە بولسا، ئادەمدە شۇ نەرسىلەر بار: ئالەمدە پەيدا بولغان تەبىئەت ماددىلىرى، مەسىلەن: ئىسسىق، سوغۇق، قۇرۇق،

www.uyghurkitap.com



ھۆللۈك ئادەملەردە بار. يەنە ئادەم ئاسمانغا ئوخشاش بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىدۇ. ئاسماندا يۇلتۇزلار بولسا، ئادەمدىمۇ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئىككى كۆز بار. «ئانا سۇئەربەئە»، يەنى سۇ، ئوت، شامال، تۇپراق ماددىلىرىمۇ بار. بۇ ماددىلارنىڭ تەسىرى بولغان سەپرا، بەلغەم، قان، سەۋدا ئېلېمېنتلىرى بار. سۆزنىڭ قىسقىسى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىن ماددىي ئادەملەرنىڭ سۈرىتى، ھاياتى زاتى، ئەقلى — بولارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئورنىدا بىر ئالەمدۇر. ئادەمنىڭ تۈزۈلۈشى بۇ ئالەملەردىن بىرىكىپ بەرپا بولغان. ئەمما، ئاللا بۇ بارلىق ۋۇجۇدنى بىر- بىرىگە باغلىق قىلدى، بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ۋە ئايرىلسا ئىنساننىڭ ھاياتى بەرپا بولمايدىغان قىلدى. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، بولارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم- ئايرىم جەۋھەر ۋە باشقا تەبىئەتتۇر. ئەمما، بولار جىنسىيەت بىلەن بىر- بىرىگە باغلىقتۇر. بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشىلىقى ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىنمەيدۇ. مەسىلەن: ئوت سۇ بىلەن قارىمۇ- قارشى ماددىدۇر، ھاۋا (شامال) تۇپراق بىلەن قارىمۇ قارشىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنىمۇ شۇنداق. ئوت ئىسسىق ۋە قۇرۇقتۇر، يەنە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. سۇ ھۆل سوغۇقتۇر. ھاۋا (شامال) ئىسسىق ھۆلدۇر. تۇپراق سوغۇقتۇر. ئەگەر بىر- بىرىگە قارىمۇ- قارشى بۇ تۆت نەرسىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇنىڭدىن تەبىئەت تۈزمەكنى ئىرادە قىلىپ، تۇپراقنى ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقىدا ۋاستە قىلدى. قۇرۇقلۇق سەۋەبى بىلەن ئوتقا مايىل قىلىپ، سوغۇقلۇق سەۋەبى بىلەن سۇغا مايىل قىلىپ، تۇپراق ۋاستىسى بىلەن بىر- بىرىگە مايىل قىلىپ، تۇپراق ۋاستىسى بىلەن بىر — بىرىگە باغلىنىش ھاسىل قىلدى. بولار پەلەككە ئۇلىنىپ مۇناسىۋەت ھاسىل قىلدى. تۇپراق قۇرۇقلۇقى بىلەن ئوتقا، سوغۇقلۇقى بىلەن سۇغا باغلاندى.

سۇ سوغۇقلۇقى بىلەن تۇپراققا، ھۆللۈكى بىلەن سۇغا، ئىسسىقلىقى بىلەن ئوتقا باغلاندى. ئوت ئەسلى ماددىسىنىڭ يېنىكلىكى بىلەن قۇياشقا باغلاندى. قۇياش ۋە يۇلتۇزلار پەلەكلەرنىڭ پادىشاھىدۇر. قۇياش يۈكسەك ساپلىقى بىلەن نۇرغا باغلاندى. چۈنكى، قۇياش تۆت ئېلېمېنتتىن بولماي، مۇستەقىل بىر ماددىدۇر. قۇياش بەشىنچى بىر «ئۇنسۇر» دېيىلىدۇ. ئۇ، بىر جەۋھەرگە باغلىنىدۇ. جەۋھەر سۈرەتكە، سۈرەت نەپس (شەيئىنىڭ زاتى) كە ۋە نەپس ئەقىلگە باغلاندى. بولارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتلەرگە ۋە تەبىئەتلەر ماددىغا، ماددا قۇۋۋەتكە، قۇۋۋەت غىزاغا (ئوزۇقلۇققا) باغلىنىپ، ئىلاھىي قۇدرىتى بىلەن بىر — بىرىگە باغلىق بولدى. ئەگەر تەبىئەت بىر — بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇش سەۋەبلىك ماددا ئوزۇقلۇقتىن قۇۋۋەت ئالمىسا، ھەممىسىگە نۇقسان (يېمىرىلىش) كېلىپ، ھالاك بولۇشقا سەۋەب بولاتتى. بۇ باغلىنىشلارنىڭ بىر — بىرىگە يېتىشىپ تۇرۇشلىرى بىلەن قۇۋۋەت، مۇستەھكەملىكلىرىگە غىزا (ئوزۇق) ھاسىل بولدى شۇنداقلا بەدەن ئوزۇقتىن، ئوزۇقلىنىش ماددىدىن، ماددا تەبىئەتلىرىدىن، تەبىئەتلەر ئاسمان جىسىملىرىدىن ۋە ئاسمان جىسىملىرى ھەر بىر شەيئىنىڭ جەۋھىرىدىن، جەۋھەر نەپس (زات) تىن، نەپس ئەقىلدىن ئوزۇقلىنىپ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەۋەلىرى بولۇپ، ئۆز مۇناسىۋىتىدىكى باغلىنىشتىن باشقىغا تەۋە بولمايدۇ ۋە مۇۋاپىقلاشمايدۇ. مەسىلەن ئادەم قىياپىتىدىكى ئاقلىق ۋە قارىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىگە تەئەللۇق بولۇپ شۇنىڭ تەسىرىدۇر. ئادەمدىكى سۈرەت ۋە ھايات، قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت پەلەكتىن يىغىلىدۇ. يەنە «بەش تۇرلۇك قۇۋۋەت»: (1) كۆرۈش؛ (2) سېزىش — ئاڭلاش؛ (3) تېتىش؛ (4) پۇراش؛ (5) تۇتۇپ سىلاپ

www.uyghurkitap.com



تۇيغا ھاسىل قىلىش ھېسسى ئەزالىرىنىڭ كۈچىدۇر. بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى ھېسسى قۇۋۋەت سېزىش بىر كۈچكىلى، تاشقى جەھەتتىن بىر نەرسە ئاشكارا بولسا، تۇيۇپ ـ سېزىپ دەرھال ئەقىلگە خەۋەر بېرىدۇ، ئەقىل كۆڭۈلگە خەۋەر بېرىدۇ، كۆڭۈل جانغا خەۋەر بېرىدۇ. جان خەۋەر ئېلىش بىلەن پۈتۈن بەدەن ئەزالىرى خەۋەردار بولىدۇ. بۇ بەش قۇۋۋەت «تاشقى بەش ئوچۇق قۇۋۋەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىزدا بىر نەرسىنى ئېلىپ چايناپ، ئاچچىق، چۈچۈك، تاتلىق تەمنى بىلىش قۇۋۋىتى ـ بۇ ھېسسى قۇۋۋەتلەر جەۋھەردىن يىغىلىدۇ دېيىلىدۇ. جەۋھەر بىلەن سۈرەت (شەيئىنىڭ شەكلى) مەسىلىسىدە ھۆكۈما (پەيلاسوپ) لار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىدى. بەزىلىرى، جەۋھەر ۋە سۈرەت ھامان بىر جەۋھەردۇر، باشقا ماددا ئەمەس، دەيدۇ. بەزىلىرى، جەۋھەر ھەربىر جانلىق بىلەن بولغان سۈرەتتە بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بىر نەرسىنىڭ ھاياتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ جەۋھىرى (ماددىسى) بولىدۇ. قاچانكى ئۇ ئۆلسە جەۋھەر سۈرەتتىن ئايرىلىدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، جەۋھەر سۈرەتنىڭ زىننىتىدۇر. قاچانكى سۈرەت بۇزۇلسا، جەۋھەر ئايرىلىدۇ، سۈرەتنىڭ رەنىقى قالمايدۇ (بۇ توغرىدا ئەھلى كالام تەرىپىدىن قىلىنغان ئېتىرازلارنى ئاڭلايمىز). يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تاشقى ھېسسىي قۇۋۋەتتىن يەنە بەش تۈرلۈك ھېسسىي روھانىي بار. بۇئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن بولۇپ، تاشقى مۇھىتتىن ئالغان خەۋەرگە سۈرەت بېرىپ خەۋەر قىلىدۇ. ھېسسىي روھانىي: (1) ھېسسىي مۇشتەرەك (ئورتاق ھېس)؛ (2) خىيال؛ (3) پىكىر؛ (4) پەم؛ (5) خاتىرە كۈچى. بۇنىڭ بېشى نەپستىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما، بۇ بارلىق سۈپەتلەر ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك سۈپەتلەردۇر. ھەرقانداق بولار ـ بولماس ئادەمدە بۇ سۈپەتنىڭ

ھەممىسى تېپىلمايدۇ. بىز بۇ بابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنغان ئۈچ سۈپەت ـ سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت ئەقىلدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ ئەڭ پېشۋاسى ـ تاللانغىنى مەرىپەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ئالىي ئالەمدىن دەسلەپتە كامالەت ئەقىلگە يېتىپ، ئادەمنىڭ بەدىنىگە كېلىدۇ. بەدەن جان بىلەن بەرپا بولىدۇ. بولار بىر ـ بىرىنىڭ بارلىقىغا دەلىل (ھۆججەت) دۇر، يەنى ھەرىكەت قىلغۇچى بىر جىسىمنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ جېنى بارلىقىغا دەلىلدۇر. ئەگەر ئۇ زىيانلىق نەرسىنى دەپئى قىلىشقا سالسا بۇ ئۇنىڭ ئەقلىي بارلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن مىساللار شۇكى، مەجنۇن (ساراڭلار) نىڭ ئەقلى بولمىغىنى ئۈچۈن ئەقلى ھەم يوقتۇر.

ئەي ئوغۇل، سېخىيلىق، ئىلىم ۋە سائادەت تەبىئىي ھەر بىر ئادەمدە مەۋجۇتتۇر. لېكىن، بەدەن بىلەن جان ئارىسىدا بىر ئىللەت ھاسىل بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن، بىرىگە ئۆتۈشىدىغان باغلىنىشلار ئاجىزلىشىپ كەتسە، بەدەنگە جاندىن كېلىدىغان، مەقسەت بولغان نەرسە تولۇق يەتمەيدۇ. چۈنكى، مەنجۇنلۇق نەپس بىلەن جان ئارىسىدا پەردە بولۇپ، نەپسىنى جانغا تولۇق ماددا ھاسىل بولمايدۇ. سۇنىڭ بىلەن نەپس بىلەن ئەقىل ئارىسىدا جاھالەت (بىلىمسىزلىك) قاراڭغۇلۇقى پەردە (توسالغۇ) بولسا، ئەقىلدىن نەپسكە ماددا يېتىشمەيدۇ. بۇ ھالدا پىكىر ـ تەدبىر ۋە ساخاۋەت، ساداقەتتىن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەقىقەتتە مەرىپەت (بىلىم) ۋە جاۋانمەردلىك، مۇرۇۋۋەت، ساداقەت ھېچ كىشىدە بولمايدۇ. لېكىن، ھەقىقى پەيز بەخش ئەتكۈچىدىن كەلگەن پەيزە مەرىپەت يولى جاھالەت ئىللىتى بىلەن باغلانسا جاننىڭ يۈزىدە پەردە ھاسىل بولىدۇ. ئەمما، ھەر بىر كىشى يەنىلا ئۈچ سۈپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت) نىڭ ئۆزىدە بارلىقىنى دەئۋا قىلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، سەن ئېھتىيات قىل، ئۇلارغا ئوخشاش مەناسىز بولما. ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلەرگە ئوخشاش مەنا ئىگىسى بولغىن. يارىماس، ئۆتمەس دەۋا قىلما ۋە ئالىي ئالەمدىن يۈزلەنگەن ئىلىم يولىنىڭ يولىنى ئېچىشقا تىرىشقىن. ئالىي ئالەمدىن يۈزلەنگەن ئىلىم نۇرىنىڭ ئېچىلىشى ئوقۇش، ئىلىم ئۆگىنىش، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش بىلەن بولىدۇ. بۈيۈك ھۆكۈمالار، پەيلاسوپلار جاۋانمەردلىك، سېخىيلىق ۋە ساداقەت بىر مەنىلىك دەيدۇ. ئەمما، ئېيتىلىشىدا ئايرىمدەك بىلىنىدۇ. يەنە بۈيۈك ئالىملار: «ئادەمنىڭ بەدىنى مۇرۇۋۋەتتىن، جېنى ساداقەت، توغرىلىقتىن، مەرىپەت ھېسسىياتىدىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ساپلىقتىن مەنە بولىدۇ، ئۇ ھەممە كىشىدە تولۇق بولمىغانلىقتىن، بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە تەن ۋە جان كىرەك بولسا، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەملەرگە تەن ۋە جان، ھېسسىي ۋە مەنىۋى سۈپەتلەر نېسىپ بولغان. بەزى ئادەملەرگە تەنگىنا (گەۋدىلا) نېسىپ بولغان بولۇپ، ئۇلار ھەييار — ھىيلىگەرلەر، ئوغرىلار، ھەربىي ئەمەلدارلار، بازاردىكى ئېلىم — سېتىم قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت» بۇنىڭ ئەكسىچە تەن ۋە جان نېسىپ بولغانلار ئاشكارا مائارىپتىن خەۋەردار بولىدى. بۇ خىل ئادەملەر تەقۋادار، شەرىئەت شوئار ۋە سوپى دەرۋىشلەردۇركى، خەلق ئۇلارنى «دىندار» ۋە «زاھىد» لار دەپ ئاتايدۇ.

تەن، جان ۋە ئۈچ ئۇلۇغ خىسلەتلىك سۈپەت نېسىپ بولغانلار ھۆكۈما (پەيلاسوپلار، ئالىملار، پازىل — پەزىلەتلىك زاتلار) دۇر. خەلق ئۇلارنى ئۆلىما ۋە فۇزۇلار (ئالىملار، پەزىلەتلىك بۈيۈك كىشىلەر) دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەرگە تەن، جان ۋە

ھېسسىي خىسلەتلەر مەنئى نىسىپ بولدى. ئۇلار روھانىيلەردىن مالائىكە (پەرشتە) لەر دۇر. ئىنسانلاردىن بولسا پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ تاللانغانلىرىدۇر. ئەمدى كىمگە جاۋانىمەردلىك نىسىپ بولدى ۋە كىم جاۋانمەردلىكنىڭ ئەسلىنى بىلدى؟

ئەي ئوغۇل، جاۋانمەردلىكنىڭ ئەسلى ئۈچ نەرسە: بىرى، سېخىلىق؛ يەنە بىرى ئىشقا كىرىشسەڭ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىڭ لازىم، بىر سۆزنى سۆزلىسەڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن. يەنە بىرى، ساداقەت ـ توغرىلىقتۇر. ھەرقانداق شارائىتتا توغرا ـ راست سۆزدىن بۆلەك (يالغان) سۆزلىمىگەيسەن. ئۈچىنچىسى، ھەر ئىشتا سەۋرچان، بەرداشلىق، ئېغىر چىلىقنى كۆتۈرگۈچى بولۇشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەرقانداق سۈپەت سېنىڭ قەلبىڭگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۈچ سۈپەتتىن كەلگەن.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر سەن مېنىڭ شۇنچە بايانلارنى سۆزلىگىنىمدىن ئۇ ئىشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ بىلەلمىسەڭ، ساڭا تەپسىلىي ھالدا يەنە بايان قىلاي. جاۋانمەردلىكنىڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ، ھەممىسى بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بۆلەكلىرىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بۆلەكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىسراپخور، بەتخەج بولمىغايسەن. مال ـ مۈلۈكنى، پۇلنى خىراجەت قىلغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئۆز ئورنىغا خىراجەت قىلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر سېخىي يەنى جاۋانمەردلىكتۇر. يەنە بىرى، ئورنىغا خىراجەت قىلمايدۇ. بۇنداق كىشى ئىسراپخوردۇر. جاۋانمەرد ئادەم پۇلنى ئۆز ئورنىغا خىراجەت قىلسا «سېخىي» دېيىلىدۇ. ئىسراپخور ئادەمگە ئەگەر 1000 ئاقچىنى ئورۇنسىز يەرگە بەرسە، ھامان ئىسراپخور بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىم «جاۋانمەرد»

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com



دېمەيدۇ. چۈنكى، ئورۇنسىز يەرگە ئاقچى بېرىش روزى تۇتقان كىشىگە سۇ بەرگەن بىلەن ئوخشاشتۇر. روزا تۇتقان كىشىگە سۇ بېرىش ئۇنى روزىسىنى سۇندۇرۇش گۇناھىغا ئىگە قىلسا، سۇ بەرگۈچى روزىنى بۇزدۇرغان ئېغىر گۇناھقا ئىگە بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنى «ئۇسسۇغان كىشىگە سۇ بېرىپتۇ، ياخشى ئىش قىپتۇ» دېمەيدۇ. دانا ۋە ھوشيار، ئۇلۇغ كىشىلەر شۇنداق ئادەمنى جاۋانمەرد دەپ ئاتايدۇكى، ئۇنىڭ بىر قانچە ھۈنەر ــ بىلىم، پەزىلەتلىرى بولۇش بىلەن يۈرەكلىك، مەردانە بولىدۇ. ھەر ئىشتا سەۋرلىك ـ چىدامىلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى، ئىپپەت نومۇسلۇق (ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى)، قەلبى كۆڭلى ساپ بولىدۇ. ئۆز پايدىسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ. ھەتتا خەلقنىڭ ۋە دوستىنىڭ پايدىسى، خەترى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زىيىنىغا رازى بولىدۇ. ئەسىرلەرگە قول ئۇزارتمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالمايدۇ، ئۇلارغا ئازار بەرمەيدۇ. ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ خەير ـ خاھلىق قىلىدۇ. زالىم مۇستەبىت بىر مەزلۇم (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى) غا زۇلۇم قىلسا، زالىمغا يول قويمايدۇ ــ قارشى تۇرىدۇ، سۆزى ۋە ئىشىدا توغرا بولىدۇ. ھالال، توغرا كەسىپ بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا يامانلىق قىلمايدۇ. خوتۇنلارنىڭ سۆز، قىلمىشلىرىنى ئەرلەر ئارىسىدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلىدۇ. ئەگەر ھەققانىيەت ئۈچۈن بېشىغا بالا ــ ھادىسە كەلسە راھەت بىلىدۇ.

قىسقىسى ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت سۈپەتلىرىنىڭ خىسلەتلىرى تېپىلغان ئادەم جاۋانمەرد دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەر ئىش قىلساڭ شۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ قىلغايسەن ۋە جاۋانمەر ــ غەيرەتلىك بولغايسەن، خەلق ئارىسىدا

ياخشى نامىڭ قالسۇن. قايسى كىشىگە يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولساڭ ئىشەنچلىك، ساداقەتلىك بولغايسەن. خىيانەتكارلىق، مۇناپىقلىقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغايسەن. كۆزۈڭنى، تىلىڭنى ۋە قولۇڭنى ھارامنى كۆرۈشتىن، سۆزلەشتىن، تۇتۇشتىن ساقلىغايسەن. ئىشىكىڭنى، داستىخىنىڭنى ۋە قولۇڭنى دوستقا ۋە دۈشمەنگە ئوچۇق تۇتقايسەن. بىر كىشى سەندىن بىر ھۆججەت تىلىسە، ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۈمىدىنى يەردە قويمىغايسەن. ئىمكانىيىتىڭنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغايسەن.

ئەي ئوغۇل، جاۋانمەردلىك شۇكى، ھەر زامان — ھەرقاچان ئۆزمۈلكۈڭ ئۆزۈڭگە بولسۇن. خەلقنىڭ مال — مۈلۈكى، ئەھلى ئائىلىگە تەمەگەر بولمىغايسەن. خەلققە خىيانەت، ھىيلىگەرلىك قىلمىغايسەن. خەلققە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق — زىيانكەشلىك قىلما، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا سازاۋەر بولۇپ، ياخشىلىق ۋە ياخشى نام بىلەن يادلانغايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتور: يۈلتۈز ئۈچقۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئۈرۈمچى پەيدا شىركىتى

# ئەي يىگىت ئاگاھ بولغۇڭ

تۈزگۈچى: رۇزىمۇھەممەد مۇتەللىپ

* * *

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاق بېشى كوچىسى 66 ـ قورو، پوچتا نومۇرى: 830004)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ ئالتۇن يارۇق مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
1168×850 مىللىمېتىر 1/32 فورمات 19.5 باسما تاۋاق
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـ 10000
ISBN 7-5372-4212-7
باھاسى: 30.00 يۈەن (2×15.00)